شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

# تاللاش يولى قالمىغان ئوغرى


ئاپتورى: لاۋرېنس بىلوك ( ئامېرىكا )
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىمجان ئابلىمىت





2015/第五批
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى


www.uyghurkitap.com



## ئاپتور ھەققىدە

رازۋېدكا ۋە ئەقلىي تەپەككۇر ھېكايىچىلىقىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان لاۋرېنس بلوك 1938 ـ يىلى نيۇيوركتا تۇغۇلغان، ئۇ 1958 ـ يىلى «ئوۋچى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەغلۇپ بولسىڭىز بولمايدۇ» ناملىق ھېكايىسى بىلەن يېزىقچىلىققا قەدەم قويغان. 1961 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئۆلۈمنىڭ ئاشكارىلىنىشى» دېگەن ئەسىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

ئۇنىڭ يېقىنقى ئەسەرلىرىدە مۇنداق ئىككى پېرسوناژ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى: بىرى، هاراقخۇمار ساقچى مەسئۇ سكادىر، يەنە بىرى، ئوغرى بورنى رودنبا. ئۇ «ئوغرى» ماۋزۇسدا خېلى كۆپ ئەسەر يازغان. «تاللاش يولى قالمىغان ئوغرى» دېگەن بۇ ئەسەر مانا مۇشۇ تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تۇنجىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## تەرجىمان ھەققىدە

ئاسىمجان ئابلىمىت 1981 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خېجىڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق، تەرجىمانلىق، مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 2012 - يىلدىن ھازىرغىچە خېجىڭ ناھىيەلىك ساياھەت ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تەرجىمە ئىجادىيىتى 2009 - يىلدىن باشلانغان، ھازىرغىچە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تارىم»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «بىلىم - كۈچ»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

51-1

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

# تاللاش يولى قالمىغان ئوغرى

ئاپتورى: لاۋرېنىس بىلوك ( ئامېرىكا )
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىمجان ئابلىمىت

( رومان )



2015/第五批
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

本书根据新星出版社2010年1月第一版、2010年1月第一次印刷版本翻译出版。

مۇھەررىرى: **ئابدۇرەھىم رۇستەم**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابدۇرەھمان ئابدۇرەھىم**
مەسئۇل كوررېكتورى: **بەختىيار ئابلىمىت**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچىلەر: **ۋاڭ ياڭ**
**غەيرەت خالىق**

# تاللاش يولى قالمىغان ئوغرى (رومان)



| | |
|---|---|
| ئاپتورى: | لاۋرېنس بلوك (ئامېرىكا) |
| تەرجىمە قىلغۇچى: | ئاسىمجان ئابلىمىت |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 — 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى ئاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى |
| فورماتى: | 1230 × 880 م م 1 / 32 |
| باسما تاۋىقى: | 9.375 |
| خەت سانى: | 180مىڭ خەت |
| نەشرى: | 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى |
| تىراژى: | 1—12200 |
| باھاسى: | 24.00 يۈەن |



NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۇزۇرلۇقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش» تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زاماند-

ۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات - يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قايىنام - تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان

قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، بالىلار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆلەش ۋە تۈزۈش - تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل، لىللا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھۇزۇرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ

www.uyghurkitap.com

خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى كۈيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2015- يىلى 7- ئاي

# 1

سائەت توققۇزدىن ئەمدىلا ئۆتكەن چاغ ئىدى، مەن بىلۇ-
مىڭدېل تۈرلۈك ماللار دۇكىنىنىڭ مال سېلىش خالتىسى-
نى كۆتۈرگىنىمچە چېچى سېرىق، يۈزى سوزۇنچاق بىر دارا-
زىنىڭ كەينىدىن سىرتقا چىقتىم. ئۇ ئىچىگە ھېچنېمە پات-
مايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر نېپىز ھۆججەت سومكىسى
كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇنى كۆرگەنلەر مودېل ئوخشايدۇ دەپ قالات-
تى. ئۇ ئۇچىسىغا شوتلاندىيە چاقماق رەختىدىن تىكىلگەن
مودا چاپان كىيگەن بولۇپ، چېچى مىنىڭكىدىن ئۇزۇنراق ئى-
دى. ئۇ چېچىنى چىرايلىق ياسىتىپ، رەتلىك تارىۋالغانىدى.

— يەنە كۆرۈشتۇق، بۈگۈن ھاۋا يامان ئەمەستەك قىلىدۇ
جۇمۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا سالام قىلىپ.

مەن بۇ گەپنى قارىسىغىلا دېگەنىدىم.

— ئەمما، كەچقۇرۇن شامال چىقتى، — دېدى ئۇ كۈلۈم-
سىرەپ تۇرۇپ.

ئۇ مېنى ئۇچراپ قالسا سالاملىشىپ، بىر-ئىككى ئې-
غىز پاراڭلىشىپ قويىدىغان قوشنىسى دەپ قالغانىدى.

— ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى.

ئۇ نېمىلا دېسۇن، مەن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بەردىم. ئۇ نا-
ھايىتى تەمكىن كۆرۈنەتتى، ئۇ 67-نومۇرلۇق كوچىنىڭ
شەرق تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭ شۇ تەرەپكە مېڭى-
شىنى ئۈمىد قىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىم ھەر-
گىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە توپ ئويناش ياكى ئۇنىڭ چېچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياسىغان ساتىراشىنىڭ ئىسمىنى بىلىش ۋەياكى ئۇنىڭ بىلەن پىرەنىك پىشۇرۇش رىسالىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. مەن پەقەت ئۇنىڭ دالدىسىدا ئىشىك باقارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئىشىكتىن كىرىۋېلىشنى ئويلاۋاتاتتىم.

ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغان ئۇ ئىشىك باقار دەل بۇ يەتتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشىك باقار ئۇ يەردە يېرىم سائەتتىن بېرى مىتمۇ قىلماي تۇرغانىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكار كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي باشقا ئامال يوق. دېمەك ئاسان، ئەمما قىلماق قىيىن. ئويلاپ تاپقان باشقا ئاماللىرىمغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ئەڭ ئاددىي چارە ئىدى. بولمىسا كوچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ياندىكى بىنا ئارقىلىق بۇ بىناغا كىرەلەيتتىم. ياندىكى بىناغا كىرگەندىن كېيىن، تۇرخۇنغا يامىشىپ چىقىپ، قوشقا ئوخشاش بۇ بىنانىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش شوتىسىغا سەكرەپ، قولۇمغا قولچىراغ ئېلىپ يەر ئاستى ئۆيدىن ياكى بولمىسا بىرىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىش يولى ئىزدىگەن بولاتتىم. بۇ ئىشلارنى تامامەن قىلغىلى بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئېۋكىلىدنىڭ ئاددىي ھېسابلاش پىرىنسىپى بويىچە بىناغا كىرىشتىكى ئەڭ يېقىن يول ــ ئالدى ئىشىكتىن كىرىش.

بۇ سىرىق چاچلىق بۇرادەرنىڭ مۇشۇ بىنادا تۇرىدىغان بولۇپ قېلىشىنى بەكلا ئۈمىد قىلاتتىم، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ بىناغا بەھۇزۇر كىرىۋالغان، زالدىن خاتىرجەم ئۆتۈپ، لىفىتقىمۇ چىقىۋالغان بولاتتىم. ئەمما، تەلىيىم ئۇنچە ئوڭدىن كەلمىدى. مەن ئۇنىڭ شەرققە قاراپ توختىماي ماڭىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن:

— مەن مۇشۇ بىناغا كىرىمەن، كونىپكتىكۇت ئىشتاتىدىكى تىجارىتىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېدىم.

ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ چوقۇم گاڭگىراپ قالدى، چۈنكى بىز بايا تىجارەت توغرىلۇق پاراڭلاشمىغانىدۇق. ئۇ مېنى ئادەمنى خاتا تونۇپ قالدى، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما مەن ئۈچۈن بەرىبىر. شۇنداق قىلىپ، سېرىق چاچلىق دارازا شەرق تەرەپكە كېتىپ قالدى، مەن ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل بىناغا كىردىم. ئىشىك تۈۋىدىكىلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ سالام قىلدىم. يېنىمدىكى ئېگىكى ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن ئايالغا قاراپ:

— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، — دەپ غودۇراپ قويدۇم، ئاندىن ئۇدۇل لىفتقا قاراپ ماڭدىم.

لىفت بىلەن تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ خېلى ھەپىلىشىپ يۈرۈپ پەلەمپەينى ئاران تاپتىم، پەلەمپەي بىلەن بىر قەۋەت تۆۋەنگە چۈشتۈم. بۇ مېنىڭ ئادىتىم ئىدى، قانداق قىلىپ بۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بەلكىم، بىرەر كىنودىن ئېسىمدە قالغان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت كەتتى، ئەگەر لىفتتا مۇلازىم بولۇپ، پەلەمپەينىڭ نەدىلىكىنى دەپ بەرگەن بولسا، بۇنداق ئاۋارە بولۇپ ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى قەۋەتكە چۈشتۈم، كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىن جايدىن ئىزدىگەن نىشانىمنى يەنى 311- نومۇرلۇق ئۆينى تاپتىم. ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇردۇم، قۇلىقىمنى ئىشىككە يېقىپ تىڭشاپ باققاندىن كېيىن، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ 30 سېكۇنت ساقلاپ تۇردۇم، ئاندىن قوڭغۇراقنى يەنە بىر قېتىم باستىم.

سىلەرگە دېسەم، 30 سېكۇنت ساقلاپ تۇرۇش ھەرگىز ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ 50 نەچچە ئىشتاتىدىكى تۇرمىلەردە ھەقسىز تاماق يەپ، ھەقسىز كىيىم كىيىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسمايدىغان بىپەرۋا ئوغرىلار. ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئىككى يىل بۇرۇن باغچە يولىدىكى بىنادا بىر جۈپ ئەر - ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇلارنىڭ فامىلىسى ساندىۋال ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى قولۇم تېلىپ كەتكۈچە باسقاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل تۇرمىگە چۈشتۇم، قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى بۇزۇلۇپ قالغانىكەن، ساندىۋال ئەر - ئايال ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى تاماق ئۈستىلىدە قاقلاپ پىشۇرۇلغان ئەنگلىيە كۆپتۈرمە نېنىنى مەززە قىلىپ يەۋېتىپتىكەن، بىراق مەن بورناد گېلىمىس رودىنبا ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىشىك - دېرىزىلىرى تۆمۈردىن ياسالغان تۇرمىگە سولاندىم.

بۇ قېتىم ئىشىك قوڭغۇرىقى ساق ئىدى، قوڭغۇراقنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئاۋازى بىرىنچى قېتىمقىغا ئوخشاش چىقتى، يەنىلا ئىنكاس بولمىدى. چاپىنىمنى قايرىپ، ئىشتان يانچۇقۇمدىن ھازىر ئانچە مودا ھېسابلانمايدىغان، ئۈستىگە شوتلاندىيە كاتەكچە گۈلى چۈشۈرۈلگەن، زەيتۇن رەڭلىك خۇرۇم پورتمانىمنى چىقاردىم، پورتمانىنىڭ ئىچىدە بىرقانچە تال ئاچقۇچ ۋە گېرمانىيە پولاتىدىن ياسالغان ئەپچىل ئۇسكۇنە بار ئىدى، پورتمانىنى ئېچىپ، ئۆزۈمگە ئامانلىق تىلەپ، ئىشنى باشلىۋەتتىم.

بىر ئىش ماڭا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدۇ. سىز ئولتۇرغان ئۆي قانچە ھەشەمەتلىك، ئىجارىسى قانچە يۇقىرى، ئە-

شـىنىڭ باقـارى قانچـە زېرەك بولـسـۇن، ئۆيـگـىزگـە شۇنچـە ئاسان ئوغرى كـىـرىدۇ. ئەگـەر دوزاخ ئاشخانىسـىدىكـىگـە① ئوخـشـاش زالىدىن ئۆتمـەيلا بىۋاسـىتـە ئۆيگە كـىرگىلى بولـىدىغان بىـنالاردا ئۆي ئىجارىگـە ئېلـىـپ ئولتـۇرىدىغانلار ئالاھـىدە دىققەت قىلـىدۇ، ئۇلار ئىشـىـكـىـگـە ئوغرىدىن مۇداپىئەلـىـنـىـدىغـان قۇلـۇپتىـن بىرنەچچىنى سالغاندىن سىرت، يەنە ساقچىلار ئىشلىتىدىغان سېگال ماركىلىق قۇلۇپ ئىشلىتىدۇ. ئۇ يەردە ئولتۇرىدىغان-لارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە ھەر ۋاقىت ئوغرى كىرىدىغانلىـ-قىغا، ھەتتا يامانراق ئوغرىلارنىڭ قۇلۇپنى قومۇرۇپ تاشلىۋې-تىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆي ئىجارىگە ئالغاندىن كېيـىـن قۇلـۇپ ئالـماشتۇرۇشنـى ئاۋارىچىلىك ھېسابلىمايدۇ. ئەمـمـا، ھەشەمەتلىـك ئولتـۇراق رايونلاردا ئۆي ئىجارىگە ئېلـىـپ ئولتـۇرىدىغـانلار كـۆپ ھاللاردا ئۆي ئىگـىسى بەرگـەن قۇلۇپنىلا سېلـىـپ قويۇشىدۇ.

بـۇ ئۆي ئىگـىسـىـنـىڭ ئىشلەتكـىنـى رابسـون ماركىلـىـق قۇلـۇپ ئىدى. رابسـون ماركـىلـىق قۇلۇپنى ئېچىش ئۇنداق ئا-سانمـۇ ئەمـەس، ئەمما بـۇ قۇلۇپنىـڭ مېنىـڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغىنى يامان بولدى.

پەرىزىمچە، قۇلۇپنى ئېچىشقا بىر مىنۇتچە ۋاقتىم كەت-تـى. بـىـر مىنۇتنـى ئۇزاق دېيـەلـەمـسىز، قىسقا دېيەلەمسىز، مۇشـۇ بـىـر مـىـنـۇت ئىچـىـدە يا تۇتۇلـىدىغان، يا قۇتۇلـىدىغـان گەپ. بىر ئوغرىنىڭ قۇلۇپ ئاچىدىغان ئۇسكۇنىنى قۇلۇپنىڭ تۆشۈكـىـگـە سالغـان ۋاقتـىدىكـى بـىـر مـىنۇت ناتونۇش بىر ئۆي ئىچـىدە تۇرغان بىر مىنۇتىدىن خېلىلا ئۇزاق. بۇ 60 سېكۇنت

① دوزاخ ئاشخانىسى (Hell's kitchen) — نيۇيورك مانخاتتوندىكى جىنا-يەت سادىر بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان رايون، 34 ـ ۋە 57 ـ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رايوننى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە كارىدوردىكى ھەرقانداق بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان بىرەرسى چىقىپ قېلىشى، سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى سوراپ قېلىشى مۇمكىن.

تەلىيىمگە باشقا ئىشىكلەر ئېچىلمىدى، لىفىتتىنمۇ بىرەرسى چىقىپ قالمىدى. ئەپچىل ئۇسكۇنىلىرىم بىلەن قۇلۇپنىڭ ئىچىدىكى ئىلمەكنى ئىلىپ، قۇلۇپنىڭ ئىچىدىكى قۇرۇلمىنى ھەرىكەتلەندۈردۈم، چىڭ ئىلىنىپ تۇرغان ئىلمەك لىككىدە بوشىدى. توختاپ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالدىم-دە، نەپەسىمنى يىغىپ، كىچىك ئىلمەكنى ئىچىگە سېلىپ بىرلا تارتىۋىدىم، تاراقىسىدە قىلغان ئاۋاز چىقتى، شۇ ھامان ھاياجانغا چۆمدۈم، بۇ خىل ھېسسىيات خۇددى باغچىدىكى موللاقچى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغانغا، ھېسسىيات يۇقىرى پەللىگە چىققانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمدى خالىغىنىمنى قىلسام بولۇۋېرىدۇ.

ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بۇراپ ئىشىكنى يېرىم ئاچتىم، يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالايلا دېدى. ئىشىكنىڭ كەينىدە نېمە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ، كىشىنى ھەم ھاياجانغا، ھەم ئەندىشىگە سالاتتى. مەيلى قانچىلىك تەجرىبىلىك بولۇپ كېتىڭ، بۇ ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالىسىز.

قۇلۇپ ئېچىلغان ھامان مومايلارنىڭ سۆز ئۆزگىنىدەك مىسىلداشقا بولمايدۇ. ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپلا غىپپىدە ئىچىگە كىرىۋالدىم.

ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. كەينىمدىكى ئىشىكنى تاقىۋېتىپ، يانچۇقۇمدىن قەلەم شەكىللىك قولچىراغنى ئالدىم-دە، ئۆي ئىچىنى يورۇتۇشقا باشلىدىم. پەردە تارتىۋې-

تىلگەنىدى، شۇڭا ئۆي ئىچىدىكى ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا قولچىراغنى يورۇتۇپ تۇرساممۇ، ئۇدۇلۇمدىكى ئادەم مېنى ئېنىق كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. 311-نومۇرلۇق بۇ ئۆي 67-كوچىغا قارايتتى. ئەمما، بۇ پەردە قېلىن تامغا ئوخشاش ئۆي بىلەن كوچىنى ئايرىپ تۇراتتى.

ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئۈزچاتنى بېسىۋىدىم، ئۈستەل ئۈستىدىكى ئىككى چىراغ يورۇدى، چىراغلارنىڭ قالپىقى ئەينەك بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، بىرنەچچە خىل رەڭلىك ئەينەك ماسلاشتۇرۇلۇپ دافنى ئۇسلۇبى چىقىرىلغانىدى. بۇ قارىماققا تەقلىدىي بۇيۇمدەك قىلىسىمۇ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئەمدى ئۆي ئىچىگە ئالدىرىماي كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم، بۇ مېنىڭ ئادىتىم ئىدى.

ئۆي ئىچى كەڭ ھەم ئازادە ئىدى، كەڭلىكى تەخمىنەن ئون بەش فۇت، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش فۇت كېلەتتى. كاۋچۇك ياغىچىدىن ياسالغان قېنىق رەڭلىك پولغا شەرقنىڭ ئىككى پارچە گىلىمى سېلىنغان بولۇپ، بىرى جۇڭگونىڭ، يەنە بىرى بۇخارانىڭكىدەك① قىلاتتى، لېكىن بۇنىڭغا ئانچە جەزم قىلالمىدىم. گىلەم توغرىسىدا كۆپرەك بىرنەرسىلەرنى بىلىۋالغۇم بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىت چىقىرىپ بولالمايۋاتاتتىم، بەلكىم گىلەملەرنى ئوغرىلاش سەل بىئەپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولۇۋاتسا كېرەك.

ئۇدۇل يېزىق ئۈستىلى يېنىغا باردىم. بۇ 19-ئەسىردە ياسالغان ئۈستەل بولۇپ، كاۋچۇك ياغىچىدىن ياسالغان بۇ ئۈستەل شۇنداق كېلەڭسىز ۋە ئېغىر ئىدى، يەنە تېخى ئۈستەل يۈزىنى قاتلىغىلى بولاتتى. مەن بۇنداق ئۈستەلنى ياقتۇراتتىم،

① بۇخارا — ئۆزبېكىستاننىڭ غەربىدىكى بىر رايون، گىلەملىرى دۇنياغا داڭلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىم، ئادەتتە ئۇچرىتىپ قالسامنۇ، يېقىن بېرىپ سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتىم. بۇ قېتىم بۇ بىناغا سوقۇنۇپ كىرىشىمدىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ ئۇستەلنىڭ تارتمىسىنى ئېچىش ئىدى. بۇنى ماڭا ھېلىقى كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، كۆتەكتەك سېمىز ئادەم ئېيتقان، مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن گۇمانلىنىپ كەتمىگەنىدىم.

— ئۇ يەردە خېلى يىللار بولغان يوغان بىر ئۇستەل بار، — دېگەنىدى ئۇ جىگەر رەڭ كۆزلىرىنى ماڭا يۆتكەپ، — بۇ خىلدىكى كىتاب ئۇستىلىنى قاتلانما ئۇستەل دەيمىز، چۈنكى ئۇنى قاتلىغىلى بولىدۇ.

— بۇ ئىسمىم جايىدا قويۇلۇپتۇ.

ئۇ گېپىمگە پەرۋا قىلماستىن، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۆيگە كىرسەڭلا ئۇستەل كۆزۈڭگە چېلىقىدۇ، ئۇ بەئەينى بوت تەكچىسىگىلا ئوخشايدۇ، ھېلىقى قۇتا دەل ئۇنىڭ ئىچىدە. مانا مۇشۇنچىلىك كېلىدۇ، سىگارت قېپى چوڭلۇقىدا، بەلكىم سەل چوڭدۇ ياكى سەل كىچىكتۇ، ئىشقىلىپ ئۇنى سىگارت قېپى دەپ ئاتاۋەردىم، كۆك رەڭدە، — دېدى ئۇ دىقماق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قۇتىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىشارەت قىلىپ.

— كۆك رەڭدىما؟

— كۆك خۇرۇمغا ئورالغان، ئىچىدىكى قۇتا ياغاچتىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، پەقەت سىرتىغا كۆك خۇرۇم قاپلانغان گەپ. ئۇنىڭ نېمە بىلەن قاپلانغان بولۇشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى قاپ ئىچىدىكى نەرسە.

— قۇتا ئىچىدە نېمە بار؟

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى ئۇ ماڭا ئالىيىپ.

ئۇنىڭغا قاراپ قايسىمىزنىڭ ئابوت، قايسىمىزنىڭ كوستېللو① ئىكەنلىكىمىزنى سوراي دەپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

— قاپ ئىچىدىكى نەرسە سەن ئۇچۇن بەش مىڭ دوللار-دىن دېرەك بېرىدۇ، نەچچە مىنۇتتىلا بۇ پۇلغا ئېرىشەلەيسەن، قۇتا ئىچىدىكى نەرسىگە كەلسەك...... راستىنى ئېيتسام، قۇتىغا قۇلۇپ سېلىنغان.

— چۈشەندىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرى سول مۈرەمدىن ئوڭ مۈرەمگە يۆتكەل-دى، ئاندىن كۆزۈم بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭ پارقىراق كۆزلى-رىدىن بىر خىل مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇستىلىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىش سەن ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى ئۇ.

— قۇلۇپ ئېچىش ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس.

— ئەمما، قۇتىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچمايسەن.

— بىلدىم.

— ئەقلىڭ بولسا قۇلۇپىنى ئاچما، قۇتىنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىسەن-دە، قالغان پۇلۇڭنى ئالىسەن، بۇ ھەممىمىزگە ياخ-شى.

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلىمەن.

— شۇنداقمۇ؟

— ماڭا تەھدىت سېلىۋاتىسەن، تولىمۇ قىزىق ئىش بولدىغۇ بۇ.

ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

① ئابوت بىلەن كوستېللو — 1940- يىلدىن 1950- يىلغىچە ھولل-ۋودتا نام چىقارغان كۈلدۈرگە ئارتىسلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تەھدىت؟ بۇنداق سۆزنى ئىشلەتمە بۇرادەر، تەكلىپ بېرىش بىلەن تەھدىت سېلىش ئىككىسى ئىككى ئىش. مەن قانداقمۇ ساڭا تەھدىت سالاي؟
— مەنمۇ ئۇ خورۇم قۇتىنى ئېچىشنى ئويلاپ باقمىدىم.
— خورۇم قۇتا ئەمەس، سىرتى خورۇم بىلەن قاپلانغان.
— توغرا.
— بۇنىڭغۇ پەرقى يوق.
— ئانچە پەرقى يوق. قانداق كۆك ئىدى؟
— نېمە؟
— توق كۆكمۇ، سۇس كۆكمۇ، سۇر كۆكمۇ...... زادى قانداق كۆك؟
— بۇنىڭ پەرقى بارمۇ؟
— ئالماشتۇرۇپ قويماي دېدىم شۇ.
— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.
— سەن شۇنداق دېگەندىن كېيىن مەيلى ئەمىسە.
— ھېلىقى قۇتىنى ماڭا ئەكېلىپ بەر، ئەمما قۇتىنىڭ قۇلۇپىنى ھەرگىز ئاچما.
— بىلدىم.
شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن بىرقانچە سائەت ۋاقىتنى ھېلىقى قۇتىنى ئېچىش-ئاچماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىشقا سەرپ قىلدىم. ئۆزۈمنى ئوبدان چۈشىنەتتىم، ھەر قانداق بىر قۇلۇپ مېنى قارشىلىق كۆرسەتكۈسىز كۈچ بىلەن ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى، ئۇنى ئويلىماي دېگەنسېرى، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى ھەسسىلەپ ئاشاتتى.
ھەرھالدا مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس. ئىككى قېتىم تۈرمىگە كىرىپ چىققان ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمۇ خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. قۇتىنى ئاچسام ماڭا

خىيىم ـ خەتەردىن باشقا پايدا يوقلۇقى ئۆزۈمگە ئايان.

بۇ مەسىلىگە باش قاتۇرۇشتىن بۇرۇن ھېلىقى قۇتىنى ئىزدەپ تېپىشىم، قۇتىنى تېپىشتىن بۇرۇن كىتاب ئۈستەلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىشىم كېرەك. ئەمما، ھازىر تېخى ئىش باشلاشنى ئويلاشمىغانىدىم. ئالدى بىلەن بۇ ئۆيدىن ئوبدانراق ھۇزۇرلىنىۋېلىشىم كېرەك.

بەزى ئوغرىلار نازىنىنلارغا ئوخشاش كېلىپلا كېتىشكە ئالدىرايدۇ. بەزى ئوغرىلار ئۆيىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ھېس قىلىشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايمەن، مەن ئەتراپىمدىكى مۇھىتقا سىڭىپ كىرىمەن، ناۋادا بۇ ئۆينىڭ غوجايىنى بولۇپ قالسام، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن.

شۇ تاپتا مەن فىرانسىس فىرانكىسفوردنىڭ تۇرالغۇسىنى بورناد گېلمىس رودىنباننىڭ خىيالىي تۇرالغۇسىغا ئايلاندۇردۇم. كەڭرى ۋە راھەت ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكى قانات شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، يېشىل خۇرۇم بىلەن قاپلانغانىدى. پۇتۇمنى ئورۇندۇق ئۈستىگە تاشلاپ بەخىرامان ئولتۇرۇپ، كۆز ئالدىمدىكى يېڭى تۇرمۇشۇمغا نەزەر سېلىشقا باشلىدىم.

تامغا بىرقانچە پارچە رەسىم ئېسىلغان بولۇپ، رامكىلىرى ئالتۇن رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەنزىرە رەسىمى بار ئىدى، بۇ رەسىم تېرنېرنىڭ① ئۇسلۇبىدەك

① تېرنېر (يۇسۇف ماللورد ۋىلليام تېرنېر، 1775 ــ 1851) ــ ئەنگلىيەلىك مەنزىرە ۋە سۇ بوياق رەسسامى. ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «قەھرىتان سەھەر»، «دەريادىن ئۆتۈش» قاتارلىقلار بار. ئۇ بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتكەن. ئۇ شەخسىي تۇرمۇشىنى سىر دەپ قارىغاچقا، بىر ئۆمۈر تەنھا ياشىغان.

www.uyghurkitap.com

قىلاتتى - يۇ، سەل جانسىز سىزىلىپ قالغاندەكمۇ تۇراتتى.
ئىككى پارچە سىيدام سىزما رەسىم ئىللىپسسىمان رامكى-
غا ئەپچىللىك بىلەن ئىلىنغانىدى، رەسىمدە بىر جۈپ ئەر -
ئايال تام مەش ئالدىدا مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى بىر - بىرىگە
تىكىشىپ، نېمىنىدۇر خىيال قىلىشۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار
فىرانكىسفوردىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىدۇ؟ بەلكىم ئۇنداق ئەمەس-
تۇ؟ ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىنى قىياس قىلالىشى تامامەن مۇمكىن.
مەيلى مەن ئۇلارنى فىرانكىسفوردىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى
دەپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلاي! تام مەش-
تىكى ئوت ئۆينى ئىسسىتماقتا، مەن بىر قولۇمغا كىتاب، يەنە
بىر قولۇمغا رومكا ئېلىپ، تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.
ئىتىم پۇتۇمنىڭ تۈۋىدە چاپلىشىپ ياتىدۇ. ئۇ چوقۇم چوڭ
ئىت ياكى قېرى ئىت بولۇشى كېرەك، چۈنكى بۇنداق ئىت قا-
ۋاپ كەتمەيدۇ، قالايمىقان يۈگۈرۈپمۇ يۈرمەيدۇ. بەلكىم ئويۇن-
چۇق ئىت بولغان بولسا هازىرقى ئەھۋالغا تېخىمۇ ماس كې-
لىشى مۇمكىن......

قولۇمدا كىتاب، يېنىمدا ئۆرە چىراغ بار، چىراغ نۇرى
كىتاب ئوقۇشۇمغا مۇۋاپىق ئېگىزلىكتە يورۇپ تۇرىدۇ. كەي-
نىمدىكى تامدا لىق كىتاب تىزىلغان كىتاب ئىشكاپى بار، ئو-
رۇندۇقنىڭ يېنىدىمۇ ھەرىكەتلىنىدىغان كىتاب ئىشكاپى
بار، قولۇمنى سۇنسىلا كىتابلارنى ئالالايمەن. يەنە بىر تەرە-
پىمگە پاكار ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەل ئۈستىدە تاماكا تىزىل-
غان كۇمۇش تەخسە ۋە چوڭ ئەينەك كۇلدان بار.

مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن كىتابنى كۆرۈۋەتكەن
بولدۇم، تېخى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسىل كىتابلار، ھېلىقى-
دەك ئەخلەت كىتابلار ئەمەس. بەلكىم، ئاۋۇ خورۇم بىلەن تاش-
لانغان كىتابلار جازىغا كۆرۈنۈشكىلا تىزىپ قويۇلغاندۇ، بەت-

لىرىمۇ ۋاراقلىنىپ باقمىغاندۇ؟ ئەگەر راستتىنلا بۇ يەردە تۇرىدىغان بولسام ئەھۋال باشقىچىرەك بولۇشى مۇمكىن. خىيالىمدا يېنىمغا دومباق بوتۇلكىدىن ئىككىنى قويدۇم، بوتۇلكىلارنىڭ بىرىدە بىراندى، يەنە بىرىدە ئۇزاق يىل ساقلانغان قىزىل ھاراق بار. تاماكا قويۇلغان تەخسىنى ئېلىۋەتسەم ئاندىن بۇ ئىككى بوتۇلكىنى قويغۇدەك يەر چىقىدۇ، كۆلدان مۇشۇ يەردە تۇرۇۋەرسۇن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى، نۇسخىسىنى ياقتۇرىمەن. مەن غاڭزىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشىم مۇمكىن، چۈنكى مېنىڭ بۇرۇنقى غاڭزام تىلنى كۆيدۈرۈپ قوياتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارىدىكەن، بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىش چارىسىنى ھامان بىر كۈنى تېپىۋېلىشىم مۇمكىن. مەن پۇتۇمنى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويدۇم، كىتابنى ئېچىپ، قولۇمنى بىراندى ياكى قىزىل ھاراققا سۇنساملا بولىدۇ، ئوچاقتىكى ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ ئۆي ئىچىنى ئىللىتىماقتا......

بىرقانچە مىنۇت ۋاقتىمنى چىقىرىپ فىرانسىس فىرانكىسفوردنىڭ تۇرالغۇسىدا قانداق ياشاش ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىم. بۇنىڭ ئەخمىقانىلىك، گۆدەكلىك ئىكەنلىكىنى، بۇنداق قىلسام ۋاقتىنىڭ ئىسراپ بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، بۇنىڭ سەۋەبى بار، بۇنداق قىلسام جىددىيلىشىشتىن خالىي بولىمەن. ھەر قېتىم ئوغرىلىقتا كىرگەندە يۈرىكىم پوكۇلداپ، دېمىم سىقىلىپ، نەپەسمۇ ئالالماي قالىمەن، مۇشۇنداق ئانچە-مۇنچە خام خىيال قىلىپ قويسام بۇ يەرنى ئۆز ئۆيۈمدەك ھېس قىلىپ، كەيپىياتىمنى تەڭشىيەلەيمەن، بۇنىڭ خېلى پايدىسى بولىدۇ. نېمىشقا بۇنداق ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە ۋاقتىم زايە كەتمەپتۇ، پەلىيمە-

www.uyghurkitap.com

ـنى كىيىپ ئىش باشلاشتىن بۇرۇن سائەتكە قارىۋالغانىدىم، شۇ چاغدا سائەت 9 دىن 17 مىنۇت ئۆتۈپتىكەن. بۇ پەلەي قولۇمغا ھەم كېلەتتى، بۇ دوختۇرلار ئىشلىتىدىغان پەلەيگە ئوخشايتتى، پەلەينىڭ ئالقىنى بىلەن دۈمبىسىدىن تۆشۈك ئېچىۋالغانىدىم، شۇنداق قىلسام قولۇم بەك تەرلەپ كەتمەيتتى. باشقا رېزىنكە بۇيۇملارغا ئوخشاش بۇ پەلەيمۇ تېرىنىڭ سىزىمچانلىقىغا تەسىر قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۇنى كىيىۋالسام خېلىلا يېنىكلەپ قالاتتىم.

كىتاب ئۈستىلىنىڭ ئىككى قۇلۇپى بار ئىدى، بىرىنچى قۇلۇپ قاتلىنىدىغان ئۈستەلنىڭ يۈزىگە، يەنە بىرى ئوڭ تەرەپتىكى بىرىنچى تارتمىغا سېلىنغانىدى، ئۇلار ئېچىلىسىلا باشقا تارتمىلارمۇ تەڭلا ئېچىلىپ كېتەتتى. ئاچقۇچنى تېپىۋالسام ياخشى بولاتتى، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچقۇچنى ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغىلا قويۇپ قويۇشىدۇ. لېكىن، ئەپچىل ئۈسكۈنىلىرىم بىلەن قۇلۇپنى ئاچسام تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ قولاي بولاتتى. ھازىرغا قەدەر مەن ئاچالمىغان ئۈستەل قۇلۇپى يوق.

بۇ ئىككى قۇلۇپمۇ ئاسانلا ئېچىلدى. مەن ئۈستەل يۈزىنى قايرىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. بۇ ئۈستەل نەچچە قاتقا بۆلۈنگەن بولۇپ، يەنە بىر كىچىك تارتمىسى بار ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئامال تاپقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. مېنىڭچە بولغاندا بۇنداق ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە تىقىپ يۈرگەندىن ھەممىسىنى يىغىپ بىر ساندۇققا سېلىپ، لازىم بولغاندا ئېلىپ ئىشلەتسە ياخشى بولاتتى. لېكىن، دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھەربىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك جايى بولىدۇ دەپ قاراپ، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئورنىغا رەتلىك قويۇۋالىدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئاياغ ئىشكاپىدىكى ئاياغلارنى-

ـمۇ چـوڭ. كـىچـىكلـىكـى بويـىچە تـىزـىۋالـىدۇ، بەزىـلـەر ھەر ئۈچ ئايدا بــىر قېتــىم ئاپتوموبىلـىنـىڭ چاقـىنـى ئالـماشتـۇرىدۇ، يەنە ھەپتــىدە مۇقــىم بــىر كۈننى بېكىتىپ تـىرنىقىنى ئالـىدىغان-لارمۇ بار تېخى.

ئۇلار تىرناق ئالغۇچىنـى قەيەرگـە قويىدىغاندۇ؟ جەزمەن تارتمىنىڭ مەلۇم يېرىگە رەتلـىك تـىزىـپ قويىدۇ.

كـۆك قۇتا ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا ئەمەس ئىدى. مېنىڭ ھېلىقى نەشپۈتكە ئوخشايدىغان خېرىدارىم ئۇنى ناھايىتى ئېپ-نـىق تەسۋىرلـەپ بەرگەن، قۇتىنىڭ مەلۇم بىر بۆلۈكىگە چۈ-شۈپ قېلىشى ياكى باشقا تارتمىغا سېلىنىپ قېلىشى مۇم-كىن ئەمەس. مەن ئاستىدىكى تارتمىلارنى تۇتۇپ تۇرغان قۇ-لۇپنى ئېچىپ، ئوڭ تەرەپ ئەڭ ئۈستىدىكى تارتمىنى ئاچتىم. نۇرغۇن كىشىلەر قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ئوڭ تەرەپ ئۈس-تىدىكى تارتمىغا سېلىپ قويىدۇ، نېمىشقىكىن- تاڭ، تارت-مىلارنى بىر- بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىققان بولساممۇ ھېلىقى قۇتىنى تاپالمىدىم.

مېنىڭ تارتمىلارنى ئاختۇرۇش سۈرئىتىم ناھايىتى تېز ئىدى. لېكىن، ئۆزۈمنى ئۇ نەرسىنى تاپالمايدىغاندەكلا ھېس قىلدىم. بۇ جايدىن تېزرەك كېتىشىم كېرەك بولسىمۇ، قا-راپ تۇرۇپ مال- دۇنيادىن قۇرۇق قالغۇم كەلمىدى. كۆپ ساندى-كى كىشىلەر نەق پۇللىرىنى، چەكلىرىنى، يىغىپ ساقلى-غان كونا پۇللىرىنى، ئۈنچە- مارجانلىرىنى ئۆيىگە قويۇپ قو-يۇشىدۇ، ياكى بولمىسا ئەكەلگەن خالتامغا سېلىۋالغۇدەك ياخشى نەرسىلەرمۇ ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. مالنى تاپشۇر-غاندا، قالغان 4000 دوللارغا ئېرىشىمەن، ھېلىقى ئالدىن بەر-گەن 1000 دوللار پۇلمۇ ئىشتىنىمنىڭ كاسا يانچۇقىدا تومـ-پىيىپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە ئارتۇق كىرىم بولۇپ قالسا

ئەلۋەتتە يامان بولمايدۇ - دە. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى «كېيىنكى بىر ۋاق تامىقىمغا نېمە يەمەن» دەپ ئەندىشە قىلىدىغان نامـ راتلاردىن ئەمەس. تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ بۇ 5000 دوللارغا يەنە ئازراق قوشۇۋالسام، كېلەر يىللىق ئىقتىسادىمدىنمۇ غەم يەپ ئولتۇرمايتتىم.

مەن ئامالسىز قالغان چاغلىرىمدىلا بۇ ئىشنى قىلاتتىم. مەن بۇنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. بۇنـ داق ئىشنى كۆپ قىلغانسېرى تۇتۇلۇپ قېلىش نىسبىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئىگىسى يوق ئۆيگە كىرىۋەرگەن بىـ لەن، هامان بىر كۈنى باشقىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالىدىغان گەپ. بىر قېتىم تۇتۇلدىڭىزمۇ، بولدى، داۋاملىق تۇتۇلۇۋېرىدـ سىز. بۇ ئىشنى يىلدا تۆت - بەش قېتىم ياكى بەش - ئالتە قېـ تىم قىلىۋالساملا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. بىراق، ئىلگىرى بۇنـ داق ئويلىمايتتىم، بەلكىم بىرەر نەرسىنى ئىسپاتلىماقچى بولسام كېرەك. ئەمما، ياشايمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم ياۋاشـ راق بولمىسىڭىز بولمايدىكەن، مانا بۇ هاياتنىڭ قانۇنىيىتى.

تارتمىلارنى تېز سۈرئەتتە بىردىن - بىردىن ئاختۇردۇم، تارتمىدىن بىرقىسىم هۆججەت، هېسابات دەپتىرى، ئالبوم، بىرنەچچە تال كېرەكسىز ئاچقۇچ، بىر تال ئۈچ يۈزلۈك پوچتا ماركىسى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىك بالا كىيىدىغان پەلەي، ماسكا، بافقىلو شەهىرىدىكى دېڭىز هاۋالە شىركىتىنىڭ 1949- يىلىدىكى كالېندارى، قارتا چوڭلۇقىدىكى نوپۇزلۇق «ئىنجىل»دىن باشقا نەرسە تاپالمىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا چوڭ - كىچىكلىكى «ئىنجىل»دىن پەرقلەنمەيدىغان كەتمەيدىغان قارتا، يەنە بىر دۆۋە ئىچىگە خەت سېلىنمىغان كونۋېرت رېزىنكە بوغقۇچ بىلەن باغلانغان، ئالاهازەل 20 يىل بۇرۇنلا ۋاقتى ئۆتـ كەن بىر بولاق كونا چەك، كۆپلۈكىدىن كىچىك بالىغا ئۇلاپ

ئارغامچا سەكرەيدىغان تانا قىلىپ بەرگۈدەك، ھەتتا چوڭلارغا تانا قىلىپ بەرسىمۇ يەتكۈدەك كېلىدىغان بىر دۆۋە قەغەز قىسقۇچ، ۋاتكىنىس گىلىن باغچىسىنىڭ بىر پارچە ئاتكرىتكىسى، بىرنەچچە تال قەلەم، ماي قەلەم، يەنە بىر تۇتام ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن قېرىنداش بار ئىدى.

پۇلغا يارىغۇدەك چەك، پاي چېكى، زايوم، ئۈزۈك، سائەت، مەيلى ئىشلەنگەن ياكى ئىشلەنمىگەن ياقۇت دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپالمىدىم، بۇ تارتمىلاردا ياقۇت تۈگۈل، بىرەر تال تاشمۇ يوق ئىدى. ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى دېمەيلا قوياي، بازارغا ئاچىقسا ئۈچ پۇڭغا ئالغۇدەك پوچتا ماركىسىمۇ چىقمىدى. ئەڭ يامان بولغىنى، ھېلىقى كۆك قۇتىنى زادىلا تاپالمىدىم، ھېلىغۇ خۇرۇم بىلەن تاشلانغان قۇتىكەن، قۇتا چاغلىق نەرسىمۇ ئۇچرىمىدى.

بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە خۇش بولمىدىم، بىراق جىددىيلەشىپمۇ كەتمىدىم. قەددىمنى رۇسلاپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدىم- دە، فىرانكىسفوردنىڭ ۋىسكىنى قەيەرگە قويىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. شۇ ھامان خىزمەت ۋاقتىدا بىر تېمىمۇ ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى، تۇرۇپلا يەنە تەسەۋۋۇرۇمدىكى كۈمۈش تەخسىدىكى تاماكىنى ئويلىدىم، تاماكا تاشلىغىنىمغا ئۇزاق بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئالدىم. تارتمىلارنى يەنە ئىزدەپ بېقىشنى ئويلاشتىم. تارتمىنىڭ ئىچى قالايمىقان نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولغاچقا، بەلكىم سىگارت قېپى چوڭلۇقىدىكى نەرسىنى كۆرمەي قالغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى. سائىتىمگە قاراپ قويدۇم، سائەت 10 غا 23 مىنۇت قالغانىدى، 10 دىن بۇرۇن كېتىپ بولسام ياخشى بولاتتى، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 10 يېرىمدىن كېيىن قالسام بولمايتتى. تارتمىلارنى ئاختۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغاندىن كېيىن ياتاق ئۆينى ئىزدەپ بېقىشىم، زۆرۈر بولسا باشقا ئۆيلەرگىمۇ قاراپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. تەرلەپ كەتكەن ئالقىنىمنى پۇۋلەپ سالقىنلاتماقچى بولدۇم، بىراق رىزىنكە پەلەيدىن ھېچنېمىنى ھېس قىلالمىدىم. ئۈچىنچى قېتىم پۇۋلەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئاچقۇچنىڭ قۇلۇپقا سېلىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى، جايىمدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

فىرانسىس فىرانكىسفورد سائەت 12 ئەتراپىدا كېلىشى كېرەك ئىدى، بۇنى ھېلىقى پور كۆتەك ئېنىق ئېيتقان.

يەنە كېلىپ ھېلىقى كۆك قۇتىمۇ ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

دەرھال ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلنىڭ ئاستىغا كىرىۋالماقچى بولدۇم. ئاچقۇچنىڭ تولغانغان، قۇلۇپنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، ئۆي ئىچىدە تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى قارا سايە ئۆيگە كىردى. قولىدا تاپانچا تۇتقان ئىككى ئەر قورالىنى ماڭا تەڭلىدى.

— جىددىيلەشمەڭلار! — دېدىم دەرھاللا، — مەن يالغۇز.

## 2

ئۆيگە تۇنجى بولۇپ كىرگەن ساقچىنى تونۇمايتتىم، ئۇ قارىماققا ياش يىگىتتەك كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ھەمراھىنى تونۇيتتىم. چاچلىرى ئاقارغان، قاڭشارلىق، قاۋۇل بۇ ئەبلەخنىڭ ئىسمى رىي جىسمان ئىدى، ساقچىلار ماۋزېر ئىشلىتىدىغان چاغلاردىلا ئۇ نيۇيوركتا ساقچى ئىدى. بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئۇ مېنى تۇتۇۋالغان، ئۇ چاغدا ئۇ خېلى گەپ يەيتتى.

— ماۋۇ ئەبلەخنى قارا، — دېدى رىي جىسمان قورالىنى چۈشۈرۈپ.

ئۇ ھەمراھىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، يەنە بىر قولىدا ئۇنى يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

— بۇ رودىنبا خانىمنىڭ ئوغلى بورناد ئەمەسمۇ؟ قورالىڭنى قويۇپ قوي رولىن، بورنى① ئەزەلدىن قوپاللىق قىلمايدۇ.

رولىن تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىۋېتىپ، چوڭ بىرنى تىنىۋالدى. بىزدەك بىچارە ئوغرىلارنىلا ئىشىكتىن كىرگەندە جىددىيلىشىپ كېتىدۇ دەپ قالماڭلار، مانا رېيمۇ ئىشىكتىن باشتا ئۆزى كىرەلمەي، ھەمراھىنى باشتا كىرگۈزدىغۇ.

— تىنچلىقمۇ رېي، — دېدىم.

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ بورنى. يېڭى ھەمراھىم بىلەن تونۇشۇپ قوي، بۇ رولىن كېرىمون، بۇياق بورنى

① بورنى — بورنادنىڭ قىسقارتىلمىسى.

رودىنبا.

بىز مۇنداقلا سالاملىشىپ قويدۇق، مەن تېخى قولۇمنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ بولدۇم. رولىن تەمتىرەپ قولۇمغا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى، جىددىيلىشىپ بېلىدىكى كويزىنى سىلاپمۇ ئۇلگۈدى.

بۇنى كۆرگەن رىبي كۈلۈپ كەتتى.

— بولدى قىل رولىن، — دېدى ئۇ، — بورنىغا كويزا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئۇنداق كوچىدا تولا ئۇچرايدىغان لالمىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى.

— شۇنداقمۇ؟

— ئىشىكنى يېپىۋەت رولىن.

رولىن ئىشىكنى يېپىۋەتتى، ئەمما تاقىمىدى، ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشتى. بۇنداق بولغاندا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايتتى، قوشنا - قولۇملارمۇ كارىدوردىن ماراپ يۈرمەيتتى. مېنىڭمۇ بۇ يەردىن تېزرەك ئايرىلىپ، ئۆيۈمگە كەتكۈم بار - دە!

ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئېغىز ئاچتىم:

— سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىڭىزنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن رىبي. بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— قالتىسقۇ يىگىت، سىنىزە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېشىڭمۇ چوڭ ئېمىسىپ، پۇت - قولۇڭ سەل ئاستىلاپ قاپتۇ. بىلەمسەن؟ ئاپتوموبىلىمىز مۇشۇ ئەتراپتا ئىدى، بىرى دېلو مەلۇم قىپتۇ. بىر ئايال غەلىتە ئاۋاز ئاڭلىغانمىش. ئىلگىرى بەك چاققان ئىدىڭغۇ؟ قانچە ياشقا كىردىڭ بورنى؟

— ئاپرېلدا ئوتتۇز بەشكە كىرىمەن.

— سەن سەۋر يۇلتۇز تۇركۇمىگە تەۋەمۇ؟ — دەپ سورى-

ـدى رولـسن.
ــ جەۋزا يۇلـتـۇز تۇركـۇمـىگە كـىرىمەن.
ــ ئايـالـىـم سـەۋر يۇلـتـۇز تۇركـۇمـىگـە كـىرىدۇ، ــ دېدى رولـسن بەلـبېغـىدىن ساقچـى كـالـتـىكـىنـى ئېلـىـپ ئالـقـىـنـىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ.
ــ ئەجەب بۇنى سوراپ قالـدىڭـىز غۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.
بـۇ سـوئالـىـم بـىلـەن ئەھۋال تېخـىمـۇ قالايمىقانلىشـىـپ كەتتـى. رولـسن مـاڭـا ئايالـىـنـىڭ ئاشۇ ئايدا تۇغۇلغاچقا، سەۋر يۇلـتـۇز تۇركـۇمـىگـە كـىـرىدىغانلىـقـىنـى ئېيتتى، بـىـراق مەن رېيـنـىـڭ مېنـىـڭ يېشـىـمـنـى نېمـىـشقا سورىغانلـىقـىنـى بـىلـمەكچى ئىدىم. رېيـنـىڭ سـەل ئوڭايسىـزلانغانلـىقـىـنـى ھـېس قـىـلـدىم، چۈنكـى بـۇ گـەپـنـى ئۇ تەشكەنـىدى. رولـىـنـىـنـىڭ نېمـىـنـى ئويلاپ بـۇنداق بـاش - ئاخـىـرى يوق گـەپ قـىـلغانلـىقـىـنـى بـىلـگـىلـى بولـمايتتى.
ــ قېرىپسـەن، بۇرۇنقـى چاققانلـىقـىـڭ قالـماپتۇ، ــ دېدى رېي، ــ شەپـە چـىـقـىـرىـپ باشقىلارنـى ئەنسىـرىتـىـپ قويۇپسەن ئەمەسـمـۇ؟ ئۆزۈڭـگە ھېچ ئوخشـىماي قاپسـەن.
ــ مەن ئەزەلـدىن شـەپە چـىقارمايمەن.
ــ بۈگـۈن كـەتكـۈزۈپ قـويۇپسـەن.
ــ بۈگـۈنمـۇ كـەتكـۈزۈپ قـويغـىـنـىـم يـوق، بۇ يەرگـە تېخى ئەمدىلا كـەلـگەن.
ــ قاچان كـەلـگـەنـىدىڭ؟
ــ تـازا ئېـىـسـىـمـدە يـوق، نەچچـە مـىـنـۇتلا بولـدىغـۇ دەيـمەن، ئون بەش - يـىـگـىـرمـە مـىـنۇت بولـدى رېي. سـىـز بۇ ئۆيـگە خاتا كـىـرىـپ قالـمـىغـىـنـىڭـىـزنى جەزمـلـەشتۈرەلـەمـسـىـز؟
ــ بـىـز بـىـر ئوغرىـنـى تۇتـۇۋالـدۇقـقـۇ، ئۇنداق ئەمەسـمۇ يا؟
ــ ئۇنـىـسـىغـۇ شۇنداق، ــ دېدىم ئىـقـرار بولـۇپ، ــ بـىـراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېلو مەلۇم قىلغان ئادەم 311 ـ نومۇرلۇق ئۆي دەپ ئېنىق ئېيتقانمىتى؟

— ئۆي نومۇرىنى دېمىگەن، بىنانىڭ ئوڭ تەرەپ ئالدىدىكى ئۆي دېگەن، دەل مۇشۇ ئۆي بولماي نېمە؟

— ئوڭ ـ سولنى ئېنىق ئايرىيالمايدىغانلار كۆپقۇ؟

ئۇ ماڭا قاراپ تۇراتتى، رولىن تېخىچە قولىدىكى ساقچى كالتىكىنى ئويناۋاتاتتى، ئۇ كالتەك بىلەن توختىماي ئالىقىنىغا ئۇراتتى، ئۇنىڭ ساقچى كالتىكىدە كەمەرگە ئىلىنىۋالغىلى بولىدىغان ھالقا بار ئىدى، ئۇ خۇددى كالتەكنى ماڭا كۆز ـ كۆز قىلغاندەك، بىلىگە ئاسماقچى بولۇپ تېز ھەرىكەت قىلىۋىدى، ئىلمەك ئۈزۈن كېلىپ قېلىپ، قولىدىكى كالتەك يەردىكى جۇڭگو گىلىمى ئۈستىگە چۈشتى. رولىن دەرھال كالتەكنى يەردىن ئېلىۋالدى. رېي ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ قويدى.

— بۇ ئاۋاز مەن كېچىچە چىقارغان ئاۋازدىمۇ ئېشىپ كەتتى، — دېدىم.

— ھەي، بورنى......

— ئۇلار ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆينى دېمەيۋاتقاندۇ ـ ھە؟ بەلكىم دېلو مەلۇم قىلغان ئايال ئەنگلىيەلىك بولۇشى مۇمكىن، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قەۋەت سانىنى ئىپادىلىشى ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بىرىنچى قەۋەتنى يەر ئاستى قەۋەت دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى قەۋەت دېگىنى بىزنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىمىز بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە......

— ياق، ياق.

مەن رولىنغا تىكىپ تۇرغان كۆزلىرىمنى رېيغا يۆتكىدىم.

— ساڭا زادى نېمە بولدى بورنى؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ

يا؟ ھوقۇقۇڭنى دەپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزۈڭنىڭ نەق مەيدان-دىن تۇتۇۋېلىنغان جىنايەتچى ئىكەنلىكىڭ ئېسىڭگە كېلمە-دىغان ئوخشىمامدۇ؟ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟

— مەن بۇ يەرگە تېخى ئەمدىلا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق شەپە چىقارمىدىم.

— بەلكىم قوشنا ئۆيدىكى مۈشۈك بىرنەرسىلەرنى ئۆرۈ-ۋېتىپ باشقىلارنى چۆچۈتۈۋەتكەندۇ، بىراق بىزنىڭ تەلىيى-مىز ئوڭدىن كېلىپ سىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇق. بۇ يەردە پە-قەت سەن بىلەن بىزلا بارغۇ؟

— شۇنداق، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەمما، كۆلكەمگە پۇشايمان ئارىلاشقانىدى.

— تەلىيىڭىز نېمىدېگەن ئوڭ. بولدى، بۇگۈن يامان ئە-مەس كىرىم قىلدىم.

— شۇنداقمۇ؟

— ھەرھالدا بولىدۇ.

— ئەمىسە تازا قىزىق ئىش بوپتۇ، — دېدى رېي.

— ئاچقۇچنى ئىشىك باقاردىن ئالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، بىز ئۇنىڭ يېنىدىن چىقتۇق. ئۇنىڭغا ئۆز ئورنىدا تۇرۇشنى تاپىلىدۇق.

— ئۇنداقتا مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى ئىككىڭلاردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئۇلار بىر - بىرىگە كۆز بېقىشىپ قويدى. بۇ ئىككىسىدە خېلى روشەن پەرق بار ئىدى، رېينىڭ كىيىملىرى رەتسىز ئىدى، ياش ساقچى رولىن فورمىسىنى قاتۇرۇپ كىيگەنىدى.

— ھازىرچە مۇشۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

— سىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئۆزى چوڭ بىر نەتىجە، رولىن ئىككىمىزمۇ يېقىندىن بېرى خىزمەت كۆرسىتەيلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ تۇرغان، مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆسۈپ قالامدۇق تېخى.
— ئۇنداقمۇ قىلماسسىلەر؟
— شۇنداق قىلساق بولمامدىكەن؟
— بۇ گەپ تازا قاملاشمىدى. سىلەر بۇنى ئالدىن پىلانلى-ۋالمىغان تۇرساڭلار، پەقەت بىرسى ئازراق ئاۋاز ئاڭلاپ قالغاند-لىقىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ باققىلى چىقىپسىلەرغۇ شۇ، كىممۇ بۇ دېلو ئۈچۈن سىلەرگە ئوردېن بەرسۇن؟
— بۇ گېپىڭىزمۇ خاتا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى رېي، — سەن قانداق قارايسەن، رولىن؟
— ئەمدى بۇنى......
رولىن يەنە ساقچى كالتىكىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. ساقچى كالتىكىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى زېدە بولۇپ كونىراپ كەتكەنىدى، بۇ كالتەك ئۇنىڭ ئاشۇ قاملاشقان كىيىمىگە تازا ماس كەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. بۇ كالتەك دائىم يەرگە چۈشۈ-ۋەرگەچكە، تولا سۈركىلىپ، يەردىكى جۇڭگو گىلىمىگە ئوخ-شاش كونىراپ كەتكەن گەپ.
— قانچىلىك كىرىم قىلدىڭ بورنى؟ — دەپ سورىدى رېي.
ئەمدى بولغاندا باھا تالىشىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. بايى-لا تېخى 1000 دوللار تاپقانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل يېنىمى-دىلا ئىدى. ئىشتىنىمنىڭ كاسا يانچۇقىدىكى 10 دانە 100 دوللارلىق پۇل بۇگۈن كەچتىكى ئىشىم ئۈچۈن ئالدىن بېرىل-گەن زاكالەت ئىدى. ئەگەر بۇ پۇلنى ساقچى بۇرادەرلىرىمگە بەرسەم پايدىمۇ ئالمىغان، زىيانمۇ تارتمىغان بولاتتىم، مەندىن كەتكىنى شۇ تاكسى پۇلى بىلەن ئىككى سائەت ۋاقىت بولات-تى. زىيان تارتىدىغىنى كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ھېلى-

قى بۇرادەر بولاتتى، ئۇنىڭ 1000 دوللار پۇلى بىكارغىلا يوق بولىدىغان بولدى ـ دە.

ــ مىڭ دوللار.

رېي جىسمانىنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ مەندىن تېخىمۇ كۆپرەك پۇل ئۇندۇرۇۋالماقچى ئىدى، بىراق مەن دەيدىغاننى دەپ بولغانىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ پۇلنى ئىككىسى بۆلۇشۇۋالسا، خېلى ئوبدان تاپاۋەت قىلىۋالغان بولاتتى.

ــ راستىنىلا يامان ئەمەس كىرىم بوپتۇ، ــ دېدى ئۇ قايىل بولۇپ، ــ پۇل يېنىڭدىمۇ؟

پورتمانىمدىن پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ پۇلنى يېيىپ، كۆزۈمچىلا پۇلنى سانىدى، ئۇ ئامالنىڭ بارىچە چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى.

ــ بۇ يەردىكى نەرسىلەرگە چېقىلمىغانسەن بورنى، بىز بۇ يەردە ئادەم يوق ئىكەن دەپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى بىرنەرسە يىتىپتۇ دەپ دېلو مەلۇم قىلسا بىزگە ياخشى بولمايدۇ جۇمۇ.

مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم.

ــ بىز كەلگەندە ئۇ ئالىماقاچان كېتىپ بوپتىكەن دېسەڭىزلا بولىدىغۇ؟ ئەمما، ئۇنچە ئاۋارە بولۇشىڭىزنىڭمۇ هاجىتى يوق رېي، ئوغرىلىغۇدەك هېچ نەرسە تاپالمىدىم. بۇ يەرگە ئەمدىلا كېلىشىم، مۇشۇ ئۇستەلدىن باشقا هېچنېمىگە چېقىلمىدىم.

ــ ئۇنى ئاختۇرۇپ باقامدۇق؟ ــ دېدى رولىن تەكلىپ بېرىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ رېي ئىككىمىز ئۇنىڭغا تەڭلا ئالىيىپ قارىدۇق.

ــ مۇنداقلا دەپ قويدۇم، ــ دېدى ئۇ قىزىرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن قايسى يۇلتۇز تۈركۈمىگە تەۋەلىكىنى سورى-
دىم. ئۇ ئۆزىنىڭ سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمىگە كىرىدىغانلىقى-
نى ئېيتتى.
— ئۇنداقتا، سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمىدىكىلەر بىلەن گې-
پىڭىز بىر يەردىن چىققۇدەك.
— ئىككىلىسى تەسۋىرىي يۇلتۇز سىستېمىسىغا تەۋە
ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئۇ.
— ھەقىقەتەن شۇنداق.
— سەنمۇ يۇلتۇز تۈركۈمىگە قىزىقامسەن؟ — دەپ سو-
رىدى رولىن.
— مۇنداقلا قىزىقىمەن.
— يۇلتۇز تۈركۈمى ھەققىدە سۆزلىشىپ قالساق گې-
پىمىز تۈگىمەسلىكى مۇمكىن، رېي ئۇۋچى يۇلتۇز تۈركۈ-
مىگە كىرىدۇ.
— ۋاي، بولدى قىلىڭلار، — دېدى رېي يۇلغا يەنە بىر قې-
تىم قارىۋېتىپ، مۇرىسىنى ئاززاق قىسىپ قويۇپ.
ئۇ چاقچاقلىرىنى بىلەن يۇللارنى رەتلەپ يانچۇقىغا سالدى.
رولىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك
چىقىپ تۇراتتى، چۈنكى بۇ يۇلدا ئۇنىڭمۇ بىر كىشىلىك
ھەققى بار ئىدى، شۇغىنىسى دائىملا......
— بۇ ئۆيگە قەيەردىن كىرگەنىدىڭ؟ شوتا بىلەن كىر-
گەنمۇ يا؟ — دېدى رېي تىرنىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ.
— ئالدى ئىشىكتىن كىرگەن.
— ئالدى ئىشىكتىن غادىيىپ كىرگەن ئوخشىمامسەن؟
بۇ ئىشىك باقارلار نېمىدېگەن ئىقتىدارلىق.
— بۇ بىنا بەك چوڭ ئىكەن.
— ئۇنچە چوڭ ئەمەسقۇ. بۇ يەرگە قاراپ باقە، شەھەرنىڭ

شەرقىي تەرىپىدىكىلەر مانا مۇشۇنداق ئىبىسىل نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، كىيىملىرىمۇ شۇنداق. مەن غەرب تەرەپتە تۇردىمەن، پادىچى ئىشتىنىنىمۇ ئاران ئىلىپ كىيەلەيمەن. سەن چوقۇم چامادان ئىلىپ كەلدىڭغۇ دەيمەن؟

— ياق، — دېدىم خالتامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئەنە ئاۋۇ شۇ!

— چامادانىدىنمۇ ئەپلىك ئىكەن. سەن مۇشۇ خالتاڭنى ئىلىپ ئالدى ئىشىكتىن چىقىپ كەت. توختاپ تۇر، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بىز ئاۋۋال چىقايلى، شۇنداق بولۇشنى ياقتۇرىمەن، بولمىسا بۇ يەردە شۇنچە ۋاقىت نېمە قىلىپ يۈرگىنىمىزنى چۈشەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ. ئەمما، بىز كەتكەندىن كېيىن يەنە ئۇنى-بۇنى مالتىلاپ يۈرمە.

— بۇ يەردە ئالغۇدەك ھېچنېمە يوقكەن، — دېدىم.

— ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ۋەدە بەر.

كۆلكىدىن ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىۋېلىپ، سۇرلۇك قىيايەتتە:

— ۋەدە بېرىمەن، — دېدىم.

— يەنە ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن ماڭ، كەينىڭگە قارىما، يېقىن ئەتراپتا لاغايلاپ يۈرمە بورنى.

— ئۇنداق قىلمايمەن.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن.

رېي گېپىنى قىلغاچ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، دەل شۇ چاغدا رولىن كېرىمون تازىلىق ئۆيىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بورنى، ھاجەتخانىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى رولىن.

— بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن، تېخى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ ئۇستەلنىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇدەك بولمىدىم، مېنىڭچە ئارقا تەرەپتە بولۇشى مۇمكىن.

رولىن ھاجەتخانا ئىزدەپ ئارقا تەرەپكە كەتتى، رېي بايىقى جايىدا تۇرغىنىچە ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن رولىن بىلەن بىللە خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا قانچە ئۇزاق بولغانلىقىنى سورىدىم.

— ئۇزاق بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم.

— ئۇ خېلى يامان ئەمەس بالا، بورنى.

— ياخشىلىقتا چېكىگە يېتىپتۇ ئەمەسسە.

— بەكلا كالۋا شۇ، ئەتىدىن كەچكىچە ھېلىقى يۇلتۇز تۇركۇمى بىلەنلا قالىدۇ، مېنى جىلە قىلىپ ساراڭ قىلىپ قويا دېدى. يۇلتۇز تۇركۇمىنى ھېسابلىغاننىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟

— ئۇغۇ شۇ.

— بوپتۇ، ھېسابلاپ توغرا چىقىرالىسۇنمۇ دەيلى، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قايسى يۇلتۇز تۇركۇمىگە تەۋەلىكى بىلەن كىمنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ چىرايلىق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلسىلا بولدىغۇ؟ بىراق، رولىن تولا سوراپ ئادەمنى ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، خۇددى بايا سەن «بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن» دېگەندەك، بۇ كالۋانىڭ قولىدىن مۇشۇ ئىشلا كېلىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداقتەك ھېس قىلدىم.

— ئەمما، ئۇنىڭمۇ ياخشى يەرلىرى بار، ھەق گەپ قىلىدۇ، كاللىسىمۇ خېلى ئوچۇق. دەسلەپتە ئۇلار بۇ ئەبلەخنى ماڭا ھەمراھ قىلغاندا ئۇنىڭ دەستىدىن ھېچنېمە قىلالمايتتىم. بىلەمسەن؟ ئۇ قەھۋە ئىچسىمۇ يېنىدىن پۇل تۆلەيتتى،

ھازىر ئۇ ھەرھالدا باشقىلار قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويسا ئالـ-
قىنىنى يۇمۇۋېلىشنى بىلىدۇ.

— خۇدا ساقلاپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. ئۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالدى. ئۇ ئۆيگە بارسا، پۇللىرىنى ئايالى خەجلىۋالامدىكىن دەيمەن. سىنىپتىكى سەۋر يۇلتۇز تۇركۇمىدىكىلەر مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟

— بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئۇ دەپ بېرىدۇ، لېكىن بىرتالاي قۇرۇق گەپلەرنى سې-
تىپ ئادەمنى ئىلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنى دائىم مۇشۇنداق تەنقىد-
لەيمەن. ھېلىمۇ ئۇنى ئاشۇ ساقچى كالتىكى بىرنېمە قىلىپ
قويمىدى، ئەتىدىن كەچكىچە يەرگە چۈشۈپلا تۇرغان. پەلد-
ىنىڭنى ئېلىۋەت بورنى.

— نېمە؟

— ئاۋۇ رېزىنكە پەلەينى دەيمەن. ئۇنى قولۇڭغا كىيىۋې-
لىپ كوچىدا يۈرمەيدىغانسەن؟

— ھە راست.

پەلەينى دەرھال قولۇمدىن ئېلىپ، چاپىنىمنىڭ يانچۇ-
قىغا سېلىۋالدىم. ئىچىدىكى ئۆيدىن رولىنىنىڭ ئاۋازى چىق-
قاندەك قىلدى، ئۇنىڭ قولىدىن يەنە بىرنەرسە چۈشۈپ كەت-
كەندەك قىلاتتى.

— سەندەكلەرنىڭ كەسپىي قورالىغۇ بۇ، — دېدى رېي، — توۋا دەيمەن، مۇشۇ يامان ئوغرىلار ھەممىشە ماڭىلا ئۇچرايدۇ دېسە، خۇددى ساڭا ئوخشاش. بۈگۈن كەچتە سېنى ئۇچرىتىپ قېلىشىم پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىشنىڭ باقارنى بىللە ئېلىپ كىرگەن بولسام، بۇ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى.

هاجەتخانىنىڭ سۈيىنى چۈشۈرگەن ئاۋاز چىقتى. مەن سائىتىمگە قاراشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىپ تۇراتتىم.

— ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت، — دېدى ئۇ يەنە گەپ باشلاپ، — بىلەمسەن، بۈگۈن بىز بۇ ئىشىكتىن كىرگەندە ئىشىكنىڭ كەينىدە نېمە بارلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتۇق.

— گېپىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدىم.

شۇ دەقىقىدە كۆزلىرىم ھېلىقى خالتىنى ئىزدەۋاتاتتى. رېبىنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەندە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قارىغان بولۇۋالدىم. تۇيۇقسىز رولىس سەل نېرىدا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئاغزى گوللاندىيە تونېلىدەك① ئېچىلىپ قالغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— يا...... ياتاق...... ئۆيدە...... — دېدى ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە، ئاندىن ئۇلاپلا سۆزلەپ كەتتى، — ھاجەتخانىدىن چىقىپ، ئادىشىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ قاپتىمەن، ئىچىدە ئادەم بار ئىكەن، ئۆلۈپتۇ. بېشى يېرىلىپتۇ، ھەممە يەر قان بولۇپ كېتىپتۇ. قېنى تېخى ئىسسىق ئىكەن، جەسەتمۇ شۇنداق، سىز چوقۇم كۆرۈپ باقمىغان. توۋا، جەۋزا يۇلتۇز تۇركۇمىدىكىلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئۇلار ھەمىشە يالغان سۆزلەيدۇ. ئاھ، خۇدا......

ئۇ گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى، بۇ قېتىم بولغۇلۇق ھېلىقى بۇخارانىڭ گىلىمىگە بولدى.

رېي ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق.

بايىلا تېخى كەسىپ ئەھلىنىڭ گېپى چىققانىدى. تۇيۇقسىز ئىككىلىمىز جىددىيلىشىپ كەتتۇق، ئۇ جايدا داڭ

---

① گوللاندىيە تونېلى - نيۇيوركتىكى خادسون دەرياسىغا سېلىنغان قوش يۆنىلىشلىك تونېل، بۇ تونېل ئىچىگە شامال ئۆتۈشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلغانلىقى بىلەن داڭلىق.

قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، يا قورالىنى چىقىرالمىدى، يا مېنى تۇتۇشقا ئۇرۇنمىدى. ھەممەيلەن ساقچىنى يارىماس دەپ قارايدۇ، مانا ئۇ ھازىر دەل شۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالدى. مەن خۇددى قۇيرۇقى ئۈزۈلگەن چاشقاندەك جانلىنىپ كەتتىم. مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئىككىلىمىز ھېس قىلدۇق.

مەن ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدىم. رېي نېمە قىلاردىنى بىلمەي قالدى. ئۇنى بىر سوقۇپلا يەرگە يىقىتىۋەتتىم - دە، ئىشىكنى ئېچىپ بەدەر قاچتىم، ئۇنىڭ قەيەرگە يىقىلغىنىغا قارايدىغانغا ۋاقىت يوق. مەن سولغا بۇرۇلۇپ پەلەمپەيگە يۈگۈرۈپ باردىم. پەلەمپەيدىن ئۇچقاندەك چۈشتۈم - دە، زالغا كىردىم. سۈرئىتىم ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېز ئىدى، شۇ تاپتا جېنىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ قويغانىدىم.

ئىشىك باقار ھۆرمەت بىلەن ماڭا ئىشىك ئېچىپ بەردى.

— روزدېستۋا بايرىمىدا چوقۇم سىزگە ئوبدان رەھمەت ئېيتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدىم.

بىراق، توختاپ قالمىدىم، ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ ساقلاپ ئولتۇرمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 3

هېلىمۇ ياخشى پىيادىلەر يولىدا ئادەم كۆپ ئەمەسكەن، بولمىسا چوقۇم بىرىگە قاتتىق سوقۇلۇپ كەتكەن بولاتتىم. شۇ يۈگۈرگەن پېتى كوچىنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ، سولغا بۇرۇلۇپ ئىككىنچى كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئازراق ئارام تاپتىم. نەپىسىم يېتىشمەي قالغانلىقتىن قورقۇنچىمۇ ئۆزتۈپ قاپتىمەن. سۈرئىتىم بايىقىدىن خېلىلا ئاستىلىدى، بىراق قەدىمىم يەنىلا شۇنداق تېز ئىدى. نيۇيوركنىڭ كوچىلىرىدا مۇشۇنداق يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان بولسىڭىز، باشقىلار سىزگە چوقۇم قاراپ قالىدۇ، ئۇلارغۇ سىزنى ھېچنېمە قىلمايدۇ، بىراق مەندەكلەرگە قاراپلا قويسا، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدىغان گەپ.

تېز - تېز مېڭىپ قاتار - قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇم، ئاندىن قولۇمنى چىقىرىپ جەنۇب تەرەپكە ماڭغان تاكسىدىن بىرنى توستۇم. ئۆيۈمنىڭ ئادرېسىنى شوپۇرغا ئېيتىپ بەردىم، شوپۇر بىرنەچچە قېتىم بۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇدۇل شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، تۇرۇپلا قارارىمنى ئۆزگەرتتىم. ئۆيۈم غەربىي چوڭ يول بىلەن 71- كوچىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېگىز بىر بىنادا ئىدى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى (يېقىندىن بېرى ھاۋا خېلى ئوچۇق بولۇۋاتىدۇ) سودا مەركىزى ۋە يېڭى جېرسىينىڭ بەزى رايونلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى (ئەلۋەتتە، ھاۋا ئوچۇق بولسىلا كۆرۈنۈۋەرمەيتتى). بۇ يەر شاۋقۇن - سۈرەندىن خالىي، ئالاھىدە بىر جاي ئىدى. بۇگۈن ئېگىز -

پەس ئىشلارغا يولۇققاچقىمىكىن، ئۆزۈممۇ بىلمەي ئۆيۈمنىڭ ئادرېسىنى دەپ سايتىمەن.

رېي جىسمان ۋە باشقا ساقچىلار مېنى ئەڭ بۇرۇن ئۆيۈمدىن ئىزدىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇلار تېلېفون دەپتىرىگە قاردىسىلا ئۆيۈمنى ئاسانلا تېپىۋالاتتى.

ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم، ئىختىيارسىز سول مەيدە يانچۇقۇمنى سىلاپ قويدۇم، نەچچە يىل ئىلگىرى تاشلىۋەتكەن تاماكامنى ئىزدەۋاتقان بولسام كېرەك. ئەگەر هازىر يەنىلا شەرقىي 67۔ كوچىدىكى بايىقى ئۆيدە بولغان بولسام، يېشىل خۇرۇم قاپلانغان كىرېسلودا تاماكامنىڭ كۆلىنى هېلىقى ئەينەك كۈلدانغا چۈشۈرۈگەچ بەخىرامان ئولتۇرغان بولاتتىم. بىراق، ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز......

«ئۆزۈڭنى بېسىۋال بورناد، تېزدىن ئويلاپ باق!»

بەزى ئىشلارنى ياخشىراق ئويلاپ باقمىسام بولمايتتى. مەسىلەن، زادى كىم 1000 دوللار خەجلەپ ماڭا بۇنداق تۇزاق قويدى؟ هېلىقى پور كۆتەك نېمىشقا مېنى بۇ تۇزاققا دەسسەتمەكچى بولىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە هازىر مەندە بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكۈدەك كاللا يوق ئىدى. لېكىن، مەن تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە بىر ساقچىنى قورقۇتۇپ هوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتىم، يەنە بىرىنى سوقۇپ بېشىنى قايدۇرۇپ يىقىتىۋەتتىم. بۇ ئىشتا مەن چاققان چىقىپ قالدىم، پۈتۈن ئىش پەقەت نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا يۈز بەردى، مەنمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېنىق ئاڭقىرىپ بولالماي تۈرۈپلا قېچىپ قۇتۇلدۇم.

بىرەر جاينى تېپىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى، جايلىشىۋالغاندىن كېيىن قالغان ئىشلارنى كۆرمەمدىمەن؟ ئىككى ئاپىشار كىنىڭ قولىدىن ئاران قۇتۇلدۇم، ئەمدى ئۇلار تا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پالمايدىغان يەرگە مۆكمىسەم بولمايدۇ، بولمىسا ئۇلار مېنى
پۇراپ تېپىۋېلىشى مۇمكىن. كاللام «تۇلكە ئوۋلاش»قا مۇنا-
سىۋەتلىك ماقال - تەمسىللەر بىلەن توشۇپ كەتكەندى، ئەم-
ما بۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمنى قورقۇتۇشنى خالىمايتتىم.

ئەمدى قالايمىقان خىياللارنى قويۇپ، دىققىتىمنى مەر-
كەزلەشتۈرمىسەم بولمايتتى. ئۆيۈمگە قايتسام ئەسلا بولماي-
دۇ، بىر سائەت ئىچىدە ئۆيۈمنىڭ ئەتراپى ساقچىلار بىلەن تو-
شۇپ كېتىشى مۇمكىن. بىرەر جاينى تېپىپ جايلىشىۋېلى-
شىم كېرەك، يەنى ئارام ئالغىلى بولىدىغان، تۆت تېمى ۋە تو-
رۇسى بار، ئالدى - كەينى ئىشىكى بار، ئىشەنچلىك جايدىن
بىرنى تېپىشىم كېرەك، يەنە كېلىپ ئۇ جاينىڭ مەن بىلەن
ئالاقىسى بولماسلىقى، مېنى ھېچكىم تاپالمايدىغان بولۇشى
كېرەك، ئەڭ ياخشىسى، نيۇيوركتا بولسۇن. چۈنكى، پەقەت
مۇشۇ شەھەردىلا خاتىرجەم تۇرالايمەن.

بىرەر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە تۇرايمۇ يا؟!

دوستلىرىم ۋە تونۇشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ
چىقتىم، ئاۋارە قىلسام بولىدىغان بىرەرى چىقمىدى، «كىمنى
ئاۋارە قىلسام بولار؟» بۇغۇ مۇھىم ئەمەس. ھازىر بىرسىنى ئا-
ۋارە قىلىش ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئاشۇ كەلسە - كەلمەس ئاغى-
نىلىرىمنى ئىزدىگۈم كەلمىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كې-
يىن سىرتتا ئۇزاقراق تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قال-
غانىدىم. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنداق ئوغرى - بۇلاڭچى، ساخ-
تىپەز، ئالدامچىلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشمايدىغان بول-
دۇم. ئەگەر تۈرمىدە بولغان بولسام ئاغىنە تاللاپ ئولتۇرمايت-
تىم، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئارىلاشقان دوستلىرىم-
نىڭ ھەممىسىنى سەممىي دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئې-
غىر جىنايەت سادىر قىلغانلار يوق ئىدى. ئۇلار ئاساسەن شۇ

غوجايىنىنىڭ قولىغا چىقىپ قالغان نەرسىلىرىنى ئانچە-مۇنچە ئېلىپ قويىدىغان، ياكى بولمىسا كىرىمىنى يالغان مەلۇم قىلىدىغانلار، ياكى بولمىسا ئوچاقنىڭ ئىچىدىن ئىككى تال ئاپتوموبىل توختىتىش بېلىتى ئېلىۋالغانلار ئىدى. بۇرنىغا يېمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان يامانراق بىرقانچىسىمۇ بار، بىراق ئۇلارمۇ دائىم ئۇنداق قىلمايدۇ، يەنە كېلىپ مېنىڭ تېگى-تەكتىمنىڭ خېلى پاكىز ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ.

يېقىن دوستلىرىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ هەيران قالغانسىلەر. هېچكىم مېنىڭ ئەسلىي زاتىمنى بىلمەيدۇ، ئالاھىدە يېقىن دوستۇممۇ يوق. بەزىدە باشقىلار بىلەن شاهمات ئوينايمەن، بىللە قارتا ئوينايدىغان دوستۇمدىنمۇ بىرقانچىسى بار، يەنە تېخى بىرقانچە ياش باللار بىلەن بىللە توپ ئوينايمىز ياكى بولمىسا بوكس مەشىق قىلىمىز. ماڭا هەمراھ بولۇپ بىللە تاماقتا، ئويۇن كۆرۈشكە، كونسېرتلارغا بارىدىغان قىز دوستۇمدىن بىرنەچچىسى بار، بەزى يېقىنراقلىرى تۇرۇپ-تۇرۇپ كېچىلىرى هەمراھ بولۇپ قويىدۇ. بىراق، تۇرمۇشۇمدا هەقىقىي «دوستۇم» دېگۈدەك ئەر زاتى بولمىغىنىغا تولىمۇ ئۇزاق بولدى، ئاياللار بىلەن ناهايىتى ئەركىن ئارىلىشىمەن، ئەمما مۇقىم ئارىلىشىدىغان بىرەرسى يوق. هازىرقى دەۋردىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىشىشىغا ئوغرىلىق كەسپىمنىڭ يالغۇز هەرىكەت قىلىدىغان خاراكتېرى قوشۇلۇپ تېخىمۇ يالغۇز قالدىم.

ئىلگىرى بۇنىڭ ئۈچۈن غەم يەپ باقمىغانىدىم، بەزىدە هەممەيلەننىڭ بېشىغا كېلىدىغان هېلىقىدەك غېرىب كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ قالاتتىم. تونۇشلىرىمنىڭ ئارىسىدا يا بىرەر دۇرۇس ئادەم ياكى سەهەر سائەت ئۈچتە تېلېفون بېرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېقىن دوستۇم يوق. قىسقىسى، پۈتۈن يەر شارىدا مېنى ئۆيدە ئېلىپ قالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ. بار دېگەندىمۇ بىخەتەر ئەمەس، مەن بىرەر يېقىن دوستۇمنىڭ ياكى قىز دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارايمۇ دەي، ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ ئىككى سائەت ئۆتمەيلا ساقچىلار ئىز قوغلاپ كېلىپ بولۇشى تۇرغانلا گەپ.

ئەڭ مۇھىم مەسىلە.....

— ئەگىلەمدۇق؟

شوپۇرنىڭ بۇ سوئالى مېنى خىيال دۇنياسىدىن رېئال دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ، ئۆرۈلۈپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ كەينىدە دېۋىرقايدىن ياسالغان قېلىن ئەينەك بار ئىدى، بۇ ئەينەك شوپۇرنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن يولۇچى بىلەن شوپۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغانىدى.

— غەربىي چوڭ يول بىلەن 71- كوچىنىڭ كېسىشمە ئېغىزىغا كەلدۇق، — دېدى شوپۇر، — مۇشۇ يەردە توختامدىم ياكى قارشى دوقمۇشتىمۇ؟

مەن كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپ، پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، خۇددى قورقۇپ كەتكەن تاشپاقىدەك يۈزۈمنى يوشۇردۇم.

— ئەپەندىم، — دېدى ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن، — ماشىنىنىڭ بېشىنى بۇرامدىم يا؟

— بولىدۇ.

— ئەگىلىسىڭىز بولىدۇ دېمەكچىمۇ سىز؟

— شۇنداق.

شوپۇر يولدىكى ماشىنىلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىنىڭ بېشىنى قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا «U»

شەكىلدە بۇرىدى ـ دە، ماشىنىنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن توختاتتى. ئۆيۈمگە كىرىپ ئىككى قۇر كە- يىم بىلەن ئازراق پۇل ئېلىۋېلىشنى ئويلىدىم، لېكىن ئويلىد- ىغان ئىش يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

«ياق، ئۆيگە كىرسەم بولمايدۇ.»

شوپۇر كىرا ھەققى ھېسابلىغۇچنى توختاتماقچى بو- لۇپ تۇرغاندا ئۇنى توختىتىۋالدىم:

ــ توختاپ تۇرۇڭ، ئەمدى شەھەرگە قايتايلى!

ئۇنىڭ قولى ھەق ھېسابلىغۇچنىڭ يېنىدا توختاپ قال- دى، ئاندىن قولىنى تارتىپ، ئۆرۈلۈپ قارىدى.

ــ شەھەرگە قايتامدۇق؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ نارازى بول- غان قىياپەتتە.

ــ شۇنداق.

ــ سىز بۇ يەرنى ياقتۇرمىغان ئوخشىمامسىز؟

ــ بۇ يەر ئويلىغىنىمدىن بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تەشۋىش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى، بۇ نيۇيوركلىقلار ساراڭغا يولۇققاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە مانا مۇشۇنداق ئالامەت ئەكس ئېتەتتى.

ــ مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەن، ــ دېدى ئۇ.

ــ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، ــ دې- دىم تۇيۇقسىزلا، ــ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

ــ پەرۋەردىگارىم!

ماشىنا يەنە يۈرۈپ كەتتى، قارىماققا شۇنداق سىلىق كېتىپ باراتتى.

ــ سىزگە دېسەم، بۇ يەردە ھېچنېمە يوق. سىز بىراند- كىس رايوننى پىششىق بىلەمسىزكىن؟ بۇ ئەتراپتىكى ئاھا- لىلىكلەر رايونىنىڭ چېتىدە......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ راستىنلا ئاھالىلىكلەر رايونى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى، تاكسى مانخاتتونىنىڭ غەربىنى بويلاپ كېتىپ باراتتى، ئۇ يول بويى توختىماي سۆزلىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى مەن بىلىدىغان گەپلەر بولغاچقا، گېپىگە ئازچە - مۇنچە ھە - ھۇ دەپ قويۇپ، ئۆز خىيالىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم.

خىيالىمدا يەنىلا دوستلىرىمنى ئىزدەۋاتاتتىم، ھەمىشە ماڭا شاھماتتا ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلار، قارتا ئوينىغاندا كۆز بويامچىلىق قىلىدىغانلار، بىللە چېنىقىدىغانلار، بىللە ھاراق ئىچىدىغانلار، يېقىندىن بېرى كۆرۈشۈپ يۈرگەن ئاياللار......

«توغرا، رودىنى خارت! رودىنى خارت!»

بۇ ئىسىم ئېسىمگە كېلىشى بىلەن خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئۇ بويى ئېگىز، چىرايى تاتىراڭغۇ، پېشانىسى كەڭ، قاشلىرى قويۇق ئادەم ئىدى. قارتا ئوينىغاندا قولىغا ئىككى جۈپ قارتا چىقسىمۇ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا قارتا ئويناۋېتىپ تونۇشۇپ قالغاندىم، كېيىن قارتا ئوينىغاندىن سىرت، يەنە ئىككى قېتىم ئۇچراشتۇق: بىرىنچى قېتىم مەيخانىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرەر رومكىدىن يىۋا ئىچىشكەچ پاراڭلاشتۇق؛ ئىككىنچى قېتىم بىرودۋاي تىياتىرخانىسىدا ئۇچراشتۇق. ئۇ تىياتىردا ئىككىنچى باش رولنى ئالغانىكەن، مەن ئۆلگۈدەك قوغلىشىۋاتقان قىز دوستۇم بىلەن بىللە پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم (ئۇ قىزغا بۇ چارە زادى كار قىلمىغانىدى). رودىنى خارت، بەك ياخشى بولدى! «بۇ رودىنى خارتنىڭ نەرى ياخشىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئالدى بىر-

لەن ئۇنىڭ ئىجارە ئېلىپ يالغۇز تۇرۇۋاتقان ئۆيى بار؛ ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ ھازىر نيۇيوركتا ئەمەس، يەنە كېلىپ ئىككى ئايغىچە قايتىپ كەلمەيدۇ. بىر ھەپتە ئىلگىرىكى دەيمەن، بىز قارتا ئويناۋاتقاندا ئۇ بىر سەييارە ئويۇن قويۇش ئۆمىكى بىلەن تىياتىردا رول ئېلىش توغرىسىدا توختام ئىمزالىغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇتىمەن دەپ خام خىيال قىلماسلىقىمىزنى ئېيتقان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، بىرودىۋاي تىياتىرخانىسىنى تەشۋىق قىلارمىش. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئۆيىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ شۇ چاغدا: «ئىجارىگە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ، تولا ئىجارىگە بېرىپ باقتىم، بەك ئەرزان، بىر ئايدا ئاران 90 دوللار. يا ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئىجارە ھەققىنى ئۆرلەتمىگەن. ئۇ ئۆيىنى مەندەك ئارتىسلارغا ئىجارىگە بېرىشكە ئامراق، سەن ئىشەنمەيسەنغۇ دەيمەن؟ 90 دوللارنى دەپ قانداقتۇر بىر ئەبلەخنىڭ تەرەت قاچامغا ئولتۇرۇپ، كارىۋىتىمدا يېتىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويمايمەن» دېگەندى.

ھا ـ ھا ـ ھا!

تەرەت قاچىسىدا ئولتۇرۇپ، كارىۋىتىدا ياتىدىغان ئادەمنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، دەل بورناد رودىنبا بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەندۇ؟ يەنە كېلىپ مەن 90 دوللارمۇ تۆلەپ ئولتۇرمايمەن.

ئۇنداقتا، ئۇ نەدە تۇرىدىغاندۇ؟

ئۇنىڭ گىرىنىچ كەنتى ئەتراپىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. تاكسىدا ئولتۇرۇپ شۇنچە ئويلاپ ئاران مۇشۇنچىلىك ئەسلىيەلىدىم. كىم بىلىدۇ، ماۋۇ تاكسى شوپۇرىمۇ مېنى ئالىدىغان ئېسىدە تۇتۇۋالدىمۇ؟ ئەتە ياكى ئۆگۈنىنىڭ گېزىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈرىتىم چىقامدۇ تېخى؟ بۇ شوپۇرنى تۇرمۇشتا بىرەر قېتىم لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىپ قالمايدۇ دېگىلى بولاتتىمۇ؟!

— ماشىنىنى مۇشۇ يەردە توختىتىڭ.

— مۇشۇ يەردىلىما؟

بىز يەتتىنچى چوڭ يولدا كېتىۋاتاتتۇق، شىلتون مەيدانىغا يەنە ئىككى كوچا بار ئىدى.

— بولدى، مۇشۇ يەردە توختىتىڭ.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب، — دېدى ئۇ تەكەللۇپ بىلەن.

ئۇنىڭ تەكەللۇپ بىلەن قىلغان بۇ سىپسىق گېپى جېنىمغا تەگدى. پورتمانىمنى چىقىرىپ پۇلنى تۆلىۋەتتىم، يەنە ئۇنىڭ شۇ سىپسىق گېپىگە تۇشلۇق چاي پۇلىمۇ بەردىم. رېي بىلەن رولىنغا بېرىۋەتكەن ھېلىقى 1000 دوللارغا ھېلىمۇ قورسىقىم كۆيۈۋاتاتتى. ئەگەر شۇ پۇل يېنىمدا بولىدىغان بولسا ئىشلىرىم تېخىمۇ ئوڭ بولاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئۆمرۈمدە ئەڭ زىيان تارتقان ۋاقتىم بولدى. پۇلنى تۆلىۋېتىپ، يېنىمدا قالغان پۇلنى ساناپ باقتىم. يېنىمدىن ئاران 70 دوللار بىلەن ئازراق پارچە پۇل چىقتى. رودنىنىڭ ئۆيىگە كۆپرەك پۇل قويۇپ قويۇشىمۇ ناتايىن.

ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۆيى زادى نەدىدۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېلېفون بوتكىسىدىن تاپتىم. تېلېفون دەپتىرىنى ئىزدەۋېتىپ، رودنىنىڭ ئارتىس بولۇپ قالغانلىقىغا شۈكۈر دېدىم. قارىماققا ئارتىستىن باشقا كەسىپتىكىلەر تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ياقتۇرمىسا كېرەك. ئارتىس دېگەنغۇ باشقىچىلا بىر مەخلۇق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېلېفون نومۇرلىرىنى ھەتتا ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ تاملىرىغىمۇ يېزىپ قويۇشىدۇ. مەنمۇ بىرنەچچە

قېتىم ھاجەتخانىدا شۇنداق نومۇرلارنى ئۇچراتقانىدىم. رودىنى دېگەن بۇ ئىسىم ئادەتتىكىلا بىر ئىسىم ئىدى، تەلىيىمگە خارت دېگەن فامىلىمۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن. خۇداغا شۈكۈر، مانا بۇ يەردىكەن، ئۇ غەربىي كەنتنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە بىر. سۇن كوچىسىدا تۇرىدىكەن. ئۇ كوچا ناھايىتى تىنچ بولۇپ، شەھەردىن يىراق ئىدى، ئۇ يەردە مېنى ھېچكىممۇ ئىزدەپ تا. پالمايتتى، نەدىمۇ بۇنداق بىخەتەر جاي بولسۇن.

تېلېفون دەپتىرىدە پەقەت ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى بە. لەن ئۆيىنىڭ ئادرېسىلا بار ئىكەن. تېلېفون نومۇرى بولغاندى. كىن يەنە بىر گەپ بولۇپ قالاتتى، تېلېفونغا بىر سىنتلىق تەڭگە پۇل سېلىپ نومۇرنى باستىم. بۇ ئىگىسى يوق ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇنقى زۆرۈر تەدبىر ئىدى. تېلېفون يەتتە قې. تىم جىرىڭلىدى، بۇ يېتەرلىك بولغانىدى، شۇنداقتىمۇ توخ. تىماي جىرىڭلىتىۋەردىم. ئادەتتە 12 قېتىم جىرىڭلىغىچە ئۆزۈمنى بېسىپ تۇرالايتتىم. تېلېفوننىڭ يەتتىنچى قېتىم. لىق جىرىڭلىشى تۈگىمەي تۇرۇپلا بىرى تېلېفوننى ئالدى، شۇ دەقىقىدە ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى.

— يەتتە، تۆت، بىر، توققۇزىنچى نومۇر.

بىر ئايالنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇكۇرۇكۇمنى يۇتۇۋېتىپ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئويلاندىم. تېلېفون دەپتە. رىگە نومۇرنى قالدۇرغان بىر ئارتىس ئېنىقلا تېلېفون يار. دەمچىسى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئايال چوقۇم ئۇنىڭ مۇلازىمەت. چىسى، ئۇ بايا دېگەن نومۇر دەل تېلېفون نومۇرىنىڭ ئاخىرقى تۆت خانىسى. مەن گېلىمنى قىرىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن رودىنى. نىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئايال مۇلازى. مەتچى يېقىملىق ئاۋازدا ئۇنىڭ ھازىر سان - لوئىستا ئىكەنلى. كىنى، تەخمىنەن ئۈچ يېرىم ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

غانلىقىنى، لازىم بولسا ئۇ ياتقان مېھمانخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن لازىمى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، كۆلكىلىك ئۇچۇردىن بىرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم.

بېسۇن كوچىسىنى ئانچە قىينالمايلا تاپتىم، غەرب تەرەپكە ئازراق ماڭسىلا رودىنىنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ بارالايتتىم. بۇ جاي ۋاشىنگتون كوچىسىغا تەخمىنەن يېرىم كوچا كېلەتتى، ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ يېرىمى قوڭۇر رەڭلىك ئۇششاق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. يېرىمى ئامبار ئىدى. مەن كىرمەكچى بولغان ئۆي دەل قوڭۇر رەڭلىك ئولتۇراق بىنادا ئىدى، ئەگەر ئىشىك ئالدىدا نومۇر تاختىسى بولمىغان بولسا، بۇ بىنانى تېپىشىم ھەقىقەتەنمۇ تەسكە توختايتتى. كوچىدا بىردەم تۇرۇپ، ھېچكىم دىققەت قىلمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن غىپپىدە بىناغا كىرىۋالدىم. زالدىكى تامدا قاتارىسىغا تىزىلغان ئىشىك قوڭغۇرىقى بار ئىكەن. مەن بۇ يەردە باشقا داڭلىق ئارتىسلارنىڭ تۇرىدىغان-تۇرمايدىغانلىقىغا قاراپ باقتىم، لېكىن خېلىن خەيىس① بىلەن لۇنتنىڭ② ئىسمىنى قوڭغۇراقلارنىڭ ئۈستىدىن تاپالمىدىم. رودىنى خارت دېگەن ئىسىم بولسا «5- قەۋەت» دېگەن خەتنىڭ ئۈستىدە يېزىقلىق تۇراتتى. بۇ بىنا بەش قەۋەت بولۇپ، ھەربىر قەۋەتتە ئىككىدىن ئۆي بار ئىكەن، ئۇ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتە تۇرىدىكەن. بۇنىڭدا تېخىمۇ بىخەتەر بولاتتى.

① خېلىن خەيىس (1900 — 1993) — ئامېرىكىلىق ئايال ئارتىس، كىنوچىلىق بىلەن 70 يىل شۇغۇللانغان.

② لۇنت (1892 — 1977) — ئامېرىكىنىڭ ئۇسسۇللۇق تىياتىر رېژىسسورى ۋە ئارتىسى.

كۆنۈپ قالغان خۇينى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىكەن، ئۆي ئىچىدىن ئادەم چىقىپ قېلىپ مېنى قوغلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى خېلىغىچە باستىم. تەلىيىمگە ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى. تۇيۇقسىز باشقا ئىشىك قوڭغۇراقلىرىنىمۇ بېسىپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىم. «ئىشقا چىققاندا» دائىم شۇنداق قىلاتتىم. بۇنداق چاغلاردا چوڭ ئىشىك قۇلۇپلاقلىق بولىدۇ، ئىچىدىكى ئادەم تورۇپكا ئارقىلىق سىز بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاتايىن پەسكە چۈشۈپ سىزنى كۆرۈپ باقماقچى بولسا، سىز ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆيىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭىزنى ئېيتسىڭىزلا بولىدۇ. مېنىڭ خىزمىتىم مانا مۇشۇنداق كىشىنى جەلپ قىلىدىغان خىرىسلار بىلەن تولغان. ئەمما، رودىنى ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتە تۇرىدىكەن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەن باشقا قەۋەتلەردىن ئۆتۈپ، ئاندىن بەشىنچى قەۋەتكە چىقىمەن، مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلار مېنىڭ گېزىتتىكى رەسىمىمنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ يەرگە بىر ئۆمۈر يوشۇرۇنۇۋالغان تەقدىردىمۇ، ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن......

بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلىشنىڭ ئورنى يوقتەك قىلاتتى، بۇنىڭ خەتىرى چوڭ بولمىسىمۇ، تەۋەككۈل قىلىشقا ئەرزىمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن 15 سېكۇنت ئىچىدىلا ئىشىكنى ئاچالايدىغان تۇرسام، بۇنداق قۇلۇپلارنى ئويۇننىڭ ئورنىدا ئېچىۋېتىمەن، بۇ ئىشىكلەر شامال كۈچلۈكرەك بولسىمۇ ئېچىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

پەلەمپەي بىلەن ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتىم. چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، يۈرەك سوقۇشۇمنى نورماللاشتۇرۇۋالدىم، ئاندىن رودىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئۆي ئىچى-

ـنى تىڭشاپ باقتىم. كارىدورنىڭ يان تەرىپىدە يەنە بىر ئۆي بار ئىدى، ئىشىك يوچۇقىدىن ھېچقانداق چىراغ نۇرىنى كۆرمىدىم. رودىنىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم، بىردەم ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە چەكتىم، ئاخىر ئۇسكۇنىلىرىمنى چىقاردىم.

رودىنىنى ئىشىكىگە قۇلۇپتىن ئۈچنى ساپتۇ. ئۈچ قۇ-لۇپنىڭ بىرى قىممەت باھالىق مادىكا ماركىلىق سىلىندىر-سىمان قۇلۇپ ئىكەن، يەنە بىرى سېگال ماركىلىق ساقچىلار ئىشلىتىدىغان قۇلۇپ ئىكەن، تېخى ئىچىدىن ئىلمۇۋالىدىغان ئىلمىكىمۇ بار ئىكەن، ئۈچىنچىسى ھېچنېمىگە ئەسقاتماي-دىغان ئەرزان باھالىق قۇلۇپ ئىكەن. ئاۋۋال ئۈچىنچى قۇلۇپ-نى بىر تەرەپ قىلىۋەتتىم، ئاندىن سېگال ماركىلىق ساقچى-لار ئىشلىتىدىغان قۇلۇپنى ئاچتىم، بۇ خىل قۇلۇپ ئوغرىدىن مۇداپىئە قىلىنىدىغان قۇلۇپ ئىدى. بىراق، قولۇمدا ئۇسكۈنىلى-رىملا بولىدىكەن، بىردەمدىلا ئېچىۋېتەلەيتتىم. ئىلمەك قاي-رىلدى، لېكىن ئىچىدىكى تەتۈر قۇلۇپنىڭ تۆمۈرى بوشىمى-دى. شۇنداق قىلىپ، مادىكا ماركىلىق سىلىندىرسىمان قۇ-لۇپلا قالدى.

ئېلانلاردا مادىكا ماركىلىق قۇلۇپنى يۇز پىرسەنت ئىـ-شەنچلىك دەپ ماختىشىدۇ، بۇ بەكلا ئاشۇرۇۋەتكەنلىك، دۇنيادا نەدىمۇ ئاچقىلى بولمايدىغان قۇلۇپ بولسۇن. ئەمما، بۇ قۇلۇپ-نىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئېچىش ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىشنى تەڭ قىلىش كېرەك. مۇنداقچە ئېيت-ساق، سىز بىر ماھىر شىفىر يەشكۈچى بولسىڭىز، بىرى سىزگە «سېربو - كىرودىيە تىلى بىلەن تۈزۈلگەن مەخپىي شىفىرنى يەش» دېسە، سىز چوقۇم سېربو - كىرودىيە تىلىنى ئۆگەنمىسىڭىز بۇ شىفىرنى يېشەلمەيسىز. مادىكا ماركىلىق

قۇلۇپنى ئېچىش دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەن پەقەت مۇشۇنداقلا چۈشەندۈرەلەيمەن.
بۇ خىل قۇلۇپنىڭ ئىچى ناھايىتى سىلىق، مەن بۇ قۇلۇپنى بىرنەچچە قېتىم ئېچىپ سىناپ باققان. قۇلۇپنى ئېچىۋاتقاندا توساتتىن ئىشىك ئېچىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. بۇ ئاۋازنىڭ ئاستىنقى قەۋەتتىن چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشتى. ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ، قۇلۇپ بىلەن يەنە ھەپىلىشىشكە باشلىدىم. مانا پۈتتى، قۇلۇپ تىرىقىدە قىلىپ ئېچىلدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردىم ـ دە، خۇددى دوكانغا قارايدىغان قېرى موماي ۋە ئۈچ قۇلۇپنىڭ ھەممىسىنى تاقىۋەتتىم.
ئۆيگە كىرىپ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشىم شۇ بولدىكى، يەنە بىرەر جەسەت چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئۆينى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقتىم. تەلىيىمگە بۇ ئۆيدىن ئۇنداق نەرسە چىقمىدى. ئۆي ئىچىدە بىرلا چوڭ ھۇجرا بولۇپ، كىتاب جازىسى ئارقىلىق ياتاق ئۆي ۋە مېھمانخانىغا ئايرىلغانىدى. ئاشخانىسى بەكلا كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈم كەلمىدى. تازىلىق ئۆيى تېخىمۇ كىچىك ئىدى، چىراغنى ياندۇرۇشۇمغا توپىلىشىۋالغان سۇۋەرەكلەر ھەر تەرەپكە قاچتى. شۇنىڭ بىلەن چىراغنى ئۆچۈرۈپ، مېھمانخانىغا قايتىپ ئولتۇردۇم.
بۇ ھەرھالدا بىر ئۆيگە ئوخشايتتى، سەرەمجانلارنىڭ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بولىسىمۇ، خېلى راھەت ئىدى، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نىمكەش سەرەمجانلارمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۆي ئىچى يىپشىللىققا تولغان بولۇپ، پالما دەرىخى ۋە مەن ئىسمىنى دەپ بېرەلمەيدىغان يېشىل ئۆسۈملۈكلەر تەش-

www.uyghurkitap.com

ـتەكلەردە ئۆستۈرۈلگەنىدى. تامغا ھامفىرى① ، گۈئارا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەسىملىرىدىن باشقا، سەنئەت كۆرەكلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن ئېلان رەسىملىرى چاپلانغانىدى. مەن پەقەت مىرو ② بىلەن چاگالنىلا ③ تونۇيدىكەنمەن، قالغانلىرىنى خۇددى مەن بايىقى ئىسمىنى دەپ بېرەلمەيدىغان گۈللەرگە ئوخشاش تونۇمايدىكەنمەن. يىغىپ ئېيتقاندا، رودىنى خېلى كۆزى بار ئارتىس ئىدى.

يەرگە سېلىنغان بېغىر رەڭ گىلەمنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بىر تەرىپىنىڭ چۇچىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى، يەنە بىر تەرىپىنىڭ چۇچىسىمۇ يوق ئىدى. گىلەمگە گۈل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يىپلارنىڭ ئۈچى كۆرۈنۈپ قالغانىدى، ئىشقىلىپ، بۇ گىلەم ناھايىتى كونا ئىدى. «كېلەر قېتىم كەلگەندە ھېلىقى قان يۇقۇپ قالغان بۇخارانىڭ گىلىمىنى ئالغاچ كەلسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۇشتۇمتۇت كاللامغا بىر خىيال كەلدى:

«ھېلىقى بۇخارانىڭ گىلىمى ئۈستىدە قان دېغى يوق ئىدىغۇ. رولىن يىقىلىپ چۈشكەن گىلەمدىمۇ قان يوق، مەنغۇ كۆرۈپ باقمىدىم، ياتاق ئۆيدىكى گىلەم قان يۇقى بولۇشى مۇمكىن. توغرا، ئۇنىڭدا قان يۇقى بار.

---

① ھامفىرى (1899 — 1957) — ئامېرىكا كىنولىرىدا ئەزىمەتلەرنىڭ رولىنى ئالىدىغان داڭلىق ئارتىس. ئۇ «كاسابىلانكا»، «مارتا بۇركۇتى» قاتارلىق كىنولاردا رول ئالغان.

② مىرو (1893 — 1983) — ئىسپانىيەلىك ھالقىما رېئالىزم ئېقىمىدىكى رەسسام، ھەيكەلتىراش.

③ چاگال (1887—1985) — روسىيەدە تۇغۇلغان ماي بوياق، ئويما رەسىم رەسسامى. لايىھەلىگۈچى.

ئۇنداقتا، ياتاق ئۆيدىكى ئادەمنى كىم ئۆلتۈرگەندۇ؟ ئۆل-
گەن ئادەم زادى كىمدۇ؟ ئۇ فىرانسىس فىرانكىسفوردمىدۇ؟
مېنىڭ ئىگىلىگەن ئۇچۇرلىرىمغا ئاساسلانغاندا، ئۇ سائەت 8
يېرىمدا ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ئەڭ بۇرۇن دېگەندىمۇ 12 دە قاي-
تىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بىرەرسى مېنى ئالداپ نەق
مەيدانغا ئاپىرىپ، جىنايەتنى ماڭا ئارتىپ قويماقچى بولغان
بولسا، بۇ ئۇچۇرنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىغان بولىدۇ.

ياتاق ئۆيدە بىر ئادەم ئۆلۈپ قالغان. بىرسى ئۇنىڭ بېشى-
غا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ساقچىلار ئۇنىڭ جەسىتىنى بايقى-
غاندا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تېخى چۈشۈپ كەتمىگەن.

نېمىدېگەن توغرا كېلىپ قېلىش بۇ!

ئەگەر سەللا ئېھتىياتچان بولۇپ، ئىش باشلاشتىن بۇ-
رۇن ئۆينى بىر قۇر ئارىلاپ چىققان بولسام، ئىشلارنىڭ ھەم-
مىسى باشقىچە بولغان بولاتتى. باشقا ھۇجرىلارغا قاراپ باق-
قان بولسام، جەسەت بارلىقىنى بايقىغان بولاتتىم-دە، غىپپىدە
دە تىكىۋەتكەن بولاتتىم، ئاندىن ھېلىقى جىسمان بىلەن كې-
رىمون يېتىپ كەلگۈچە ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى پولات ۋە
ئەينەكتىن قۇراشتۇرۇلغان ئۆيۈمگە بېرىۋېلىپ، ۋىسكى ئىچ-
كەچ دېرىزەمدىن دۇنيا سودا مەركىزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ
ئولتۇرغان بولاتتىم. مانا ئەمدى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان
جىنايەتچىگە ئايلىنىپ، كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر ناتونۇش ئا-
دەمنى ئۆلتۈرگەن بولدۇم. خەقنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرد-
مەن دەپ بىپەرۋالىق قىلىپ بالاغا قالدىم، زورلۇق ئىشلى-
تىپ قېچىپ كېتىپ جېنىمنى ئاران قۇتۇلدۇردۇم. ئىلگىرى
باشقىلار مېنىڭ ھەتتا قورت-قوڭغۇزلارنىمۇ ئۆلتۈرمەيد-
غانلىقىمغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى ماڭا ھېچكىم ئى-
شەنمەيدىغان بولدى.»

مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈردۈم، ئىشكاپلاردىن ھاراق ئىزدەپ باققان بولسامۇ، ھېچنېمە تاپالمىدىم. باشقا يەرلەردە ئولتۇرۇپ بېقىپ، يەنىلا دەسلەپتە ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ھەممىدىن راھەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم- دە، تازا بىر كېرىلىۋالغاندىن كېيىن، مېنى بۇ ئاۋارىچىلىككە قالدۇرغان ھېلىقى پور كۆتەكنى قايتىدىن خىيال قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭدا سەل چاتاق باردەك قىلاتتى.

## 4

ئۇ ناھايىتى قاۋۇل ئىدى، بەدىنى خۇددى پولۇلەپ قويغان شارغىلا ئوخشايتتى. ئەمما، ھېلىقىدەك سېمىزلىكىدىن بېلىنى تاپقىلى بولمايدىغان سېمىزلەردىن ئەمەس ئىدى، ھەر ھالدا ئۇنىڭ قولى قورسىقىنى سىلاشقا يېتەتتى، ئەمما كەمىرىنى باغلاشقا خېلى ئاۋارە بولامدىكىن دەيمەن.

ئۇنىڭ يۈزى يۇمىلاق بولۇپ، ئېڭىكىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى، بەش ئەزاسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گۆشىنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن چوڭ كۆزلىرى ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغاندا، ھەمىشە ئورالمىسىدىن چىقىرىۋېلىنغان قارا شاكىلات كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇنىڭ چېچى قارا ۋە تۈز ئىدى، چېچى چوشۇپ كەتمىسىكىن ـ تاڭ، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنى 50 ياشلاردا بار دەپ پەرەز قىلدىم. ھېلىمۇ ئوغرى بولۇپ قاپتىكەنمەن، ئەگەر باشقىلارنىڭ يېشى ۋە سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بېرىدىغان ئىشنى قىلىپ قالغان بولسام، قانداقمۇ جان باقار بولغىيتتىم.

بىر پەيشەنبە كۈنى كەچتە قاۋاقخانىدا ئولتۇراتتىم. مەن بۇ قاۋاقخانىغا «مەي كۆلچىكى» دەپ ئىسىم قويۇۋالغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن دەل مۇشۇ يەردە ئۇچراشتىم. بۇ «مەي كۆلچىكى» ئالاھىدە يەرمۇ ئەمەس، قالايمىقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بار. ئۇ ئىككىنچى كوچىنىڭ بويىغىلا جايلاشقان بۇ قاۋاقخانىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھېچنېمە يوق. ئەگەر سىز بۇ قاۋاقخانىغا پاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتقانلارنىڭ بىرى بولمىسىمۇ ۋە ياكى قاۋاقخانىنىڭ تىجا-رەت ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرگىلى كەلمىسىڭىزلا، ئۇنىڭ سىزنى جەلپ قىلغۇدەك يېرى يوق. ئەمما، مېنىڭ بۇ قاۋاق-خانىغا كېلىشىمگىمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق باھانەم بار. چۈنكى، شۇ كۈنى بۇ يەرگە كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان سەتەڭدىن بىر-نەچچىسى كەلدى. رومكىدىكى هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، ئەمدى ھەرىكەتكە ئۆتەي دەپ تۇرۇشۇمغا بىرى توساتتىن كەينىمدىن ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى.

بۇ ئاۋاز تونۇشتەك بىلىندى. ئۆرۈلۈپ كەينىمگە قارىدىم، بايا مەن تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ھېلىقى ئادەم يېنىمدا تۇراتتى. كاللامغا بىرىنچى بولۇپ «ياق، ئۇ ساقچى ئەمەس، بۇنىڭغا ئىشەنچىم بار» دېگەن ئۇقۇم كەلدى. كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشتى. ئىككىنچى بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سۇرلۇك، ئاۋازىنىڭ بوم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۈچىنچى بولۇپ «مەن ئۇنى تونۇمايمەن» دېگەن ئۇقۇم كاللامغا كەلدى. يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما ئېسىمدە قالماپتۇ.

ـــ سەن بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلەشمەكچىمەن، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بۇنىڭغا چوقۇم قىزىقىپ قالىسەن.

ـــ مۇشۇ يەردىلا دەۋەرگىن، ـــ دېدىم سەل ھەيران بولۇپ، ـــ بىز تونۇشامدۇق؟

ـــ تونۇشمايمىز. مۇشۇ يەردە پاراڭلاشساقمۇ بولۇۋېرىدۇ، بۇ يەردە ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەسكەن، شۇنداقمۇ؟ ھەپتە ئاخىرىدا بۇ يەر تېخىمۇ قىزىپ كېتىدىغاندۇ؟

ـــ ئادەتتە شۇنداق، سەن بۇ يەرگە دائىم كېلەمسەن؟

ـــ تۇنجى قېتىم كېلىشىم.

ـــ قىزىق ئىش بوپتۇ. مەنمۇ دائىم كەلمەيمەن، ئايدا كۆپ

دېگەندە بىر ـ ئىككى قېتىم كېلىپ قويىمەن، بۇ يەردە ئۇچرىـ شىپ قالغىنىمىزنى كۆرمەمدىغان. قارىغاندا سەن مېنى تو ـ نۇيدىغاندەك قىلىسەن، ئەمما مەن سېنى تونۇمايدىكەنمەن. قارىسامغۇ سەل تونۇش چىراي كۆرۈنۈۋاتىسەن، ئەمما......

— سېنىڭ ئىزىڭغا چۈشكەنىدىم......

— نېمە دەيسەن؟

— ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىدا سۆزلەشسەممۇ بولاتتى، سەن دا ـ ئىم 71 ـ كوچىدىكى قاۋاقخانىلاردا يۈرسەنغۇ؟ ئەمما، ئۇ يەردە سېنى تونۇيدىغانلار كۆپمىكىن دەپ قالدىم، گېپىمنى چۈ ـ شەنگەنسەن؟ راستىنى دېسەم، نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ سۆزلەشكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنـ گەن قىياپەتتە.

ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدىم. چۈشەنمەيـ ۋاتقىنىم ئۇنىڭ گەپلىرى بولماستىن، ئۇنىڭ بۇنداق كېكەچـ لەپ ئولتۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. مۇلازىم ئال ـ دىمىزغا كېلىشىگە مېنىڭ بۇ يېڭى دوستۇم بىر رومكا سودا سۈيى قوشۇلغان ۋىسكى بۇيرۇتتى. مۇلازىم ئۇنىڭ بۇيرۇتقان ھارىقىنى ئەكېلىپ، مېنىڭ رومكامنىمۇ لىقلاپ قويۇپ كەتـ كەندىن كېيىن، ئۇ مۇددىئاسى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتى.

— سېنى ماڭا بىرنەرسىنى ئوغرىلاپ بېرەمدىكىن دەپ ئىزدەپ كەلدىم.

— گېپىڭنى چۈشەنمىدىم.

— سېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن رو ـ دىنبا.

— شۇنداقتەك قىلىسەن. ھېچبولمىغاندا سەن مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىكەنسەن، ئەمما مەن سېنىڭ ئىسمىڭنىمۇ

بىلمەيمەن......

— سېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلمەن. سەن ھەمىشە ئوغرىلىق قىلمىساڭمۇ، ئەمما سەن بىر ئوغرى، رودنىبا، — دېدى ئۇ گېپىمنى بۆلۈپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلىشىپ قالدىم. ئۇ بوش ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى، قاۋاقخانىنىڭ ئىچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان بولۇپ، بىرەرسى دىققەت قىلىپ قالدىمىكىن دەپ ئارقامغا قاراپ باقتىم، ئەمما ھېچكىم دىققەت قىلماپتۇ.

— سېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىدىم.

— بولدى، قۇرۇق گەپنى ئاز قىل.

— بولىدۇ، — دېدىم ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، — مەن ئاغزىمنى يۇمسام بولغۇدەك.

— ماڭا بىرنەرسىنى ئوغرىلاپ بەر. ئۇ نەرسە بىر ئۆينىڭ ئىچىدە، ساڭا ئۇ يەرگە قانداق ۋاقىتتا كىرسەڭ بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىمەن. ئۇ بىنادا 24 سائەت كۆزەتتە تۇرىدىغان ئىشىك باقار بار، ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى ئورنىتىلمىغان، پەقەت ئىشىك باقارلا بار.

— ئۇنداقتا بەك ئاسان بولغۇدەك.

بۇ گەپنى ئويلىمايلا دەپ سالغىنىمنى تېزلا ھېس قىلدىم.

— مېنى خېلى ئوبدان چۈشىنىدىغاندەك قىلىسەن.

— سېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

— ئۇنداقتا مېنىڭ ئەزەلدىن يالغۇز ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىدىغانسەن؟

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بارىمەن دېمىدىمغۇ؟

— مەن قانداق قىلىشىنىمۇ ئۆزۈم قارار قىلىمەن.

ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ساڭا تولىمۇ ئاسان بىر ئىشنى تېپىپ بەرگەنىدىم رودىنبا. پەقەت بىر سائەت ئىشلىسەڭلا 5000 دوللار پۇل تاپىد- سەن، بۇ پۇل ئاز ئەمەستۇ؟

— ئاز ئەمەسكەن.

— ئەگەر ھەپتىدە 40 سائەت ئىشلەپ قويساڭ، ھېسابلاپ كۆر، قانچىلىك پۇل تاپىدىكەنسەن؟

— 200 مىڭ دوللار بولغۇدەك، — دېدىم تېزلا.

— مانا ئۆزۈڭ دېدىڭ.

— نېمىدېگەن كۆپ، بىر يىلدىچۇ؟ بىر يىلدا 100 مىلا- يون دوللار تاپىمەن دېگەن گەپ. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئىككى ھەپتىلىك يازلىق دەم ئېلىشىممۇ بار تېخى.

— شۇنداقمۇ؟

— بولمىسا يازدا بىر ھەپتە، قىشتا بىر ھەپتە دەم ئالاي. بۇنداق بولسا تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولغۇدەك، ياكى بولمى- سا ئەتىياز بىلەن كۈزدە بولسۇن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ساياھەتكە چىقسام چىقىمىم ئازراق بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئەگەر يىلدا 100 مىليون دوللار تاپىدىغان بولسام، پۇل يىغىمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولمايتتىم. مانا ئەمىسە دەپ تازا خەجلەيتتىم. ئايروپىلانغا چىقسام باش بۆلۈمچىدە ئولتۇراتتىم، ئىشىكتىن چىقساملا تاكسىغا ئولتۇراتتىم. ئالىي دەرىجىلىك ئۆزۈم ھارىقىدىن ساندۇقلاپ ئالاتتىم. ساندۇقلاپ ئالسا باھادا 10 پىرسەنت ئې- تىبار قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمما، ئەرزان ئىكەن دەپ كۆپرەك ئىچىۋالىدىغان گەپ. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا نۇرغۇن بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك، ئەمما ھېچقىسى يوق، مېنىڭ يەنە ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشىم بار ئەمەسمۇ......

— قىزىق نېمىكەنسەن، — دېدى ئۇ.

— سەل ھاياجانلىنىپ قالدىم شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— نېمە دېسەڭ ئىختىيارىڭ. ئەمما، ئاغزىڭنى بىر مىنۇت يۇمۇپ تۇرغىن، بولامدۇ؟ ماڭا بىرنەرسە لازىم، بۇنى ئوغرىلاش سەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، مانا ئىش پۈتتىغۇ؟ سەن شۇنداق ئويلىمامسەن؟

— شۇنداقتىمۇ نېمە ئوغرىلايدىغىنىمغا قارايمەن. ئەگەر باھاسى 250 مىڭ دوللار قىممىتىدىكى ئالماس زەنجىرنى ئوغرىلاشقا سېلىپ قويۇپ، ئاران 5000 دوللار بەرسەڭ، دوپپامغا جىگدە سالغان بولمامسەن؟

ئۇنىڭ كۆلگۈسى كەلدى بولغاي، يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالدى. ئەمما، بۇ خىل كەيپىيات مەن ئۈچۈن ئانچە پايدىلىق ئەمەس ئىدى.

— ھەرگىزمۇ ئالماس زەنجىر ئەمەس، — دېدى ئۇ، — سەن ئوغرىلايدىغان نەرسە سەن ئۈچۈن 5000 دوللاردىن دېرەك بېرىدۇ، ئەمما باشقىلار ئۈچۈن بىر سىنتقىمۇ يارىمايدۇ.

— قانداق نەرسە ئۇ؟

— بىر قۇتا، — دېدى ئۇ ماڭا قۇتىنىڭ شەكلىنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — ساڭا ئۇ بىنانىڭ قەيەردىلىكىنى، قۇتىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن. بۇ سەن ئۈچۈن بازاردىن بىر قۇتا كەمپۈت سېتىۋالغاندەكلا بىر ئىش.

— مەن ئەزەلدىن بازاردىن كەمپۈت سېتىۋالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— پاكىز ئەمەس.

ئۇ خاپا بولۇپ، سېمىز قولىنى سىلكىپ كەتتى.

— مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلدىڭ، ئەمدى چاقچىقىڭنى قوي، بولامدۇ؟

— نېمىشقا ئۆزۈڭ بېرىپ ئوغرىلىمايسەن؟ بىنانىڭ نەدىلىكىنى، نېمىنى ئوغرىلاشنىمۇ بىلىدىكەنسەن، ھەممىنى

بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا 5000 دوللارنى ئۆزۈڭنىڭ يانچۇ-قىڭغا سالمايسەن؟

— ئۆزۈڭ ئوغرىلا دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق قىلساڭ تامامەن بولىدىغۇ؟!

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— بەزى ئىشلارنى ئۆزۈم قىلالمايمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ سوقۇر ئۈچەيىنى ئۆزۈم ئېلىۋېتەلمەيمەن، چېچىمنى ئۆزۈم ياسىيالمايمەن، ئۆيۈمنىڭ تورۇبىسىنىمۇ ئۆزۈم ئوڭشىيال-مايمەن. مۇھىم ئىشلارنى ۋە كەسىپ ئەھلى قىلالايدىغان ئىشلارنى شۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ قىلدۇرىمەن.

— سېنىڭچە مەن كەسىپ ئەھلىمۇ؟

— شۇنداق، سەن قولۇپ ئېچىش ئۇستىسى، مەن شۇنداق دەپ ئاڭلىغان.

— كىمدىن ئاڭلىغان؟

ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— يېقىندىن بېرى ئىشلىرىم بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، ئېسىمدە قالماپتۇ.

— ئەمما، مەن ھەممە ئىشنى ئەسلىيەلەيمەن.

— غەلىتە ئىش، مەن ئىشلارنى ئېسىمدە تۇتالمايمەن، ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمەن، — دېدى ئۇ بىلىكىگە نوقۇپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە سەل ئادەم ئاۋۇپ قالدى، سىرتقا چىقىپ پا-راڭلىشايلى، بولامدۇ؟ ئاندىن گەپنى ئېنىق قىلىۋېتەيلى.

بىز كوچىدا ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدۇق، بىرەر نەرسە ئې-لىپ يېمىگەن بولساقمۇ، ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق دېيىـ-شىۋالدۇق. ھەر ئىككىلىمىز شەرتىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى بىر ھەپتە ۋاقتىمنى ئۇنىڭ ئۈچۈن چىقىرىدىغان، ئىشلارنى ئاشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتكۈزىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ كېلىشتۇق.

— سەن بىلەن يەنە ئالاقىلىشىمەن رودىنبا. كېلەر قېتىم كۆرۈشكەندە ساڭا ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى، قول سالىدىغان ۋاقىتنى ۋە باشقا ئۇچۇرلارنى دەپ بېرىمەن، يەنە قولۇڭغا 1000 دوللار پۇلنى ئالدىن بېرىمەن.

— هازىرلا بېرىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— يېنىمغا پۇل سالماپتىمەن، بۇنچە كەچتە يېنىمغا كۆپ پۇل سېلىپ يۈرگىلى بولامتى؟ هەممىلا يەردە بۇلاڭچى تۇرسا.

— دېمىسىمۇ بۇ ئەتراپ تازا تىنچ ئەمەس.

— بەئەينى قاراڭغۇ ئورمانلىقتا ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە هېلىقى ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بەرسەڭمۇ بولىدىغۇ يەنە هېلىقى ئەبلەخنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بەرگىن. ئالدىن بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— خاتىرجەم بول، بۇنىڭغا سېنىڭ ۋاقتىڭ يېتىپ ئاشىدۇ.

— مەن پەقەت......

— بولدى قىل، ئىشقىلىپ هازىر ئۇنىڭ ئىسمى ياكى ئادرېسى ئېسىمدە يوق، ساڭا ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىمنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى دەپ بەردىمغۇ؟

— سەن شۇنداق دېگەنمىدىڭ؟

— شۇنداق دېگىنىم ئېنىق ئېسىمدە.

مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم.

— ئەمىسە بايا دىققەت قىلمىغان ئوخشايمەن.

شۇ كۈنى كەچتە نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىشقا ماقۇل بولغانلىقىم ئۈستىدە خېلى كۆپ ئويلاندىم. بۇنىڭ مۇنداق

ئىككى سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچىسى پۇل، بۇ ئىشـ ـنى پۈتكۈزسەم 5000 دوللار بېرىمەن دېدى. يەنە كېلىپ بۇ ئالدىن پىلانلاپ قويۇلغان بىر ئىش، كەلسە ـ كەلمەس ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەندىن، مۇشۇ ئىشنى قىلسام بىخەتەر بولىدۇ.

پۇلدىن باشقا يەنە بىر سەۋەب بار. ھېلىقى پور كۆتەكـ ـنىڭ «بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما» دېگەن گېپى ماڭا تەسىر قىلدى. ئۇنى رەت قىلىۋېتىشقۇ ماڭا ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئەمما رەت قىلىۋېتىشنى تازا توغرا تاپمىدىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدىم. ئۇ زادى كىم؟ ئۇنى تونۇمىسام كۆزۈمگە يەنە نېمىشقا شۇنچە تونۇش كۆرۈنىدۇ؟ ئېھتىمال مۇھىم بولغىنى، ئۇ مېنى قانداق تونۇيدۇ؟ زادى نېمە مەقسىتى بار؟ بوپتۇ، ئۇمۇ ئوغرى بولسا مېنى تو ـ نۇيدۇ دەيلى، يەنە نېمىشقا جىن چاپلاشقاندەك كەينىمگە كىـ ـرىۋالىدۇ؟ بۇلارنى بىر ئاقلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا زادىلا ئەقلىم يەتمىدى. ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلگەن بولسام، ھەممە ئىش ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئىشقىلىپ ھازىر قولۇمدا باشقا ئىشمۇ يوق، يىغىپ قويغان پۇلۇممۇ بادـ ـكىدا تۇرۇۋەرمەيدۇ ـ دە.

74ـ كوچا بىلەن 75ـ كوچىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئامىسـ ـتىردام يولىدا مەن ئايدا ئىككى قېتىم بارىدىغان بىر تۈركچە ئاشخانا بار ئىدى. ئاشخانا غوجايىنى تۈركىيەلىك بولۇپ، ئاـ دەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك بومبا ساقال قويۇۋالاتتى، تامىقىمۇ ساپ تۈركچە پۇراقتا ئىگە ئىدى. ھېلىقى بۇرادىرىم بىلەن كۆـ رۈشۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ بىر قاچا مەرجىمەك ئۇمىچىنى قوشۇق بىلەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مالتىلاپلا بىر دەمدە ئىچىۋەتتىم. مەن بۇيرۇتقان سارمىنى① ساقلاپ ئولتۇرغاندا، تامدىكى ئەينەك ئىشكاپقا قويۇلغان دىڭىز كۆپۈك تېشىدىن ياسالغان غاڭزىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ساقاللىق غوجايىن ھەر يىلى باھاردا يۇرتىغا قايتقاندا چوڭ بىر سومكىدا غاڭزا ئالغاچ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ غاڭزىلارنىڭ سۈپىتى بەك ياخشىمىش. مەن تاماكا چەكمەيتتىم، سىناپ باققۇممۇ يوق ئىدى، بىراق ھەر قېتىم بۇ يەرگە تاماق يېگىلى كەلگەندە ئاشۇ غاڭزىلارغا قاراپ قوياتتىم، يەنە تېخى ئاشۇ غاڭزىلاردىن بىرەرنى ئېلىپ سوۋغا قىلغۇدەك دوستۇمنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئويلاپ كېتەتتىم. ئەمما، كىمگە سوۋغا قىلىشنى بىلەلمىگەنىدىم.

قولاق تۈۋىمدە بىر تونۇش ئاۋاز جاراڭلىدى.

— بىر دوستۇم مۇشۇنداق دېڭىز كۆپۈك تېشىدىن ياسالغان غاڭزا ئىشلىتەتتى، يەنە كېلىپ ئۇ تاماكا چەككەندە ئۆزىنىڭ ئاشۇ غاڭزىسىنىلا ئىشلىتەتتى، كۈندە بەش-ئالتىنى چېكىۋېتەتتى، مۇشۇنداق ئۇزاق يىل چەكتى. ھېلىقى غاڭزا ئىسلىنىشىپ قاپقارا بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ غاڭزىدا تاماكا چەككەندە كېيىۋالىدىغان پەلىيى بار ئىدى، ئۇ پەلەينى غاڭزا تۇتىدىغان قولىغا كىيىۋالاتتى. ئۇ كۈندە ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋېلىپ غاڭزىسىغا سېلىنغان تاماكىنى ئالدىرىماي چېكەتتى، تاماكا چەكمىگەن ۋاقىتلىرىدا غاڭزىسىنى ئېھتىيات بىلەن كۆك دۇخاۋىدىن جىيەك تۇتۇلغان قاپ ئىچىگە سېلىپ قوياتتى.

— يەردىن ئۇنۇپ چىقتىڭمۇ نېمە؟ — دېدىم ھېلىقى پور

---

① سارما — ئۈزۈم يوپۇرمىقىغا گۈرۈچ، ياڭاق ۋە قورۇق ئۈزۈم يۆگەپ ئېتىلىدىغان بىر خىل تۈركچە تاماق.

كۆتەكنى كۆرۈپ.

— بىر كۈنى ئۇنىڭ غاڭزىسى بۇزۇلۇپ قالدى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يەرگە چۈشۈپ بۇزۇلدىمۇ ياكى كونىراپ قالدىمۇ، ئۇنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ بۇزۇلۇپ قالدى. مېنىڭ ئېسىمدە بىر ئىش تۇرمايدىغانلىقىنى بىلىسەن غۇ؟

— بۇ گەپ تازا ئىشەنچلىك ئەمەستەك قىلىدۇ.

— قىزىقارلىق يېرى، بۇ ئەبلەخ شۇنىڭدىن كېيىن غاڭزا سېتىۋالمىدى. مەيلى دېڭىز كۆپۈك تېشىدىن ياسالغىنى بولسۇن ياكى باشقا خىلدىكىسى بولسۇن، ھېچقاندىقىنى ئىشلەتمەيدىغان بولدى. كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى غاڭزىسىنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولىسىمۇ، ئاخىر يەنىلا ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈك بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن تاماكىنى ئىككىنچىلەپ ئاغزىغا ئالمىدى، تاشلايمەن دەپلا تاشلىۋەتتى.

— بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشىڭدە باشقا سەۋەبمۇ باردۇ؟

— ھېچقانداق سەۋەب يوق. ئاۋۇ غاڭزىلارنى كۆرۈپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بولدى ئاۋارە قىلماي، تاماقىڭنى يەۋەرگىن رودىنبا.

— ئاللىقاچان ئاۋارە قىلىپ بولدۇڭ.

— ئەمىسە سىرتقا چىقىپ ئايغىمنى مايلاتقاچ تۇراي، تاماقىڭنى يېيىشكە ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەس؟

— يەپ بولاي دېدىم.

ئۇ چىقىپ كەتتى، مەن سارمىنى يېيىشكە باشلىدىم. ئەسلىدە تاتلىق - تۇرۇم يېگۈم يوق ئىدى، تۇرۇپلا يەنە يېگۈم كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن تاتلىق - تۇرۇملاردىن بۇيرۇت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـتۇم، يەنە بىر ئىستاكان سىياھەتەك قارا تۈركىيە قەھۋەسى ئىچتىم. يەنە بىر ئىستاكان ئىچكۈم بار ئىدى، ئەمما بۇنداق ئىچىۋەرسەم تۆت - بەش كۈنگىچە ئۇخلاشتىن سۆز ئاچمىسام بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلدىم. ھېلىقى ساقاللىق غوجايىنغا پۇلنى تۆلىۋېتىپ، كوچا دوقمۇشىدىكى مايلامچىنىڭ دۇكىنىغا باردىم.

پور كۆتەك بۇرادەر دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. فىرانسىس فىرانكىسفوردنىڭ كىملىكىنى، ھېلىقى كۆك رەڭلىك قۇتىنىڭ شەكلىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. يەنە دېمىسىمۇ بولىدىغان بىرمۇنچە ئىشلارنى دېدى، بىراق مەن مۇھىم دەپ قارىغان سوئاللارنىڭ بىرىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى.

ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋىدىم، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا نارازى بولغاندەك بىر قارىۋەتتى - دە:

— ساڭا خالىغان بىر ئىسىمنى دەپ بەرسەممۇ بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ ساڭا ھەقىقىي ئىسمىمنى دەپ بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى بۇنچە مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سەن پەقەت ئوغرىلىق قىلىدىغان ۋاقىت بىلەن ھېلىقى قۇتىنى قەيەردىن ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭلا بولدى. ساڭا ئېنىق ئېيتتىمغۇ، ھېلىقى قۇتىنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىسەن، ئاندىن قالغان 4000 دوللار پۇلنى ئالىسەن.

— مالنى بېرىپ، پۇلنى ئالىدىغان بۇنداق ئىشنى ئالدىن كېلىشىۋالايلى دېمەكچىمۇ سەن؟ مەن تېخى بۇ ئىشنى ئۆز ئالدىمغا قىلىۋەرسەم، بىر كۈنى تاماق يەۋاتقان يېرىمدە ياكى

بولمىسا يەر ئاستى كىر يۇيۇش ئۆيىدە پايپىنقىمنى قۇرۇتۇۋات-
قاندا «مال تاپشۇر» دەپ ئىزدەپ كېلەمدىكىن دەپ قاپتىمەن.
ئۇ ئۇھ تارتىپ قويدى.
— سائەت 9 دىن 9 يېرىمغىچە فىرانكىسفوردنىڭ تۇرال-
غۇسىغا كىرىپ، سائەت 11 دىن بۇرۇن ئايرىلىشىڭ كېرەك،
ئەڭ كېچىككەندىمۇ 11 يېرىمدىن كېيىن قالما. تارتمىدىن
ھېلىقى قۇتىنى ئېلىشقا ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. ھازىر
ئۆيۈڭگە قايتىپ، ئازراق بىرنەرسە ئىچىۋال، يۇيۇنۇپ كىيىم-
لىرىڭنى ئالماشتۇرۇۋال، مەيلى نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئى-
شى. بەك ئەنسىرەپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. سەن بارىدى-
غان ئۇ جاي خېلى خالىي، ئۆيۈڭگىمۇ يېقىن. بىرودىۋاي كو-
چىسىدا بىر قاۋاقخانا بار، 64- كوچىدىغۇ دەيمەن، ۋاندورا قا-
ۋاقخانىسى، ئۇ يەرنى بىلەمسەن؟
— يېنىدىن ئۆتكەندەك قىلغان.
— ئۇ يەر ناھايىتى تىنچ. تەخمىنەن سائەت 12 يېرىمدى-
غۇ دەيمەن، ئۇ يەرگە بارسەن - دە، ئارقىغا ئۆتۈپ ئايرىمخانىدىن
بىرنى تېپىپ، ياخشى ھاراقتىن بۇيرۇتۇپ ساقلاپ ئولتۇرى-
سەن.
— ئۇ يەرگە كاستۇم كىيىپ بارىدىغۇ دەيمەن.
— ئۇ يەر شۇنداق خالىي، شۇنداق تىنچ. ساڭا ھېچكىم
دەخلى قىلمايدۇ. سائەت 12 يېرىمدا بېرىپ بول، ئەڭ كۆپ
بولغاندىمۇ يېرىم سائەت ساقلايسەن.
— ئاندىن سەن پەيدا بولامسەن؟
— شۇنداق. ئەگەر كەلمەي قالسام، سائەت بىر يېرىمغى-
چە ساقلا، بىر يېرىمغىچە كەلمىسەم، ھېلىقى قۇتىنى ئې-
لىپ ئۆيۈڭگە قايتساڭ بولىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنداقمۇ بولمايدۇ.
— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، —

ئەگەر بىرەرسى قۇتىنى بۇلىماقچى بولسا قانداق قىلىمەن؟
— تاكسىغا ئولتۇرمامسەن! تۇۋا قىلدىم، شۇنداق چاغدا يەنە پىيادە ماڭامتىڭ، توختاپ تۇر.
زۇۋان سۇرمەي ئۇنىڭغا قارىدىم.
— مېنى 4000 دوللارنى دەپ ساڭا قەست قىلىدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟
— شۇنداق قىلساڭ، ماڭا 4000 دوللارنى بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ.
— تۇۋا قىلدىم، — دېدى ئۇ، — ئۇنداق قىلسام، كېلەر قېتىم يەنە سېنى ئىزدەپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ خاتىرجەم بولالمىساڭ يېنىڭغا قورال ئېلىۋالمامسەن. بىراق، جىددىيلىشىپ كېتىپ ئۆزۈڭنىڭ پۇتىغا ئېتىۋالامسەن تېخى، بولدى، يوق ئىشنى تاپما. ساڭا قەست قىلماسلىقتا ۋەدە بېرەي.
قۇتىنى ماڭا بەرسەڭلا قالغان تۆتىنى ساڭا بېرىمەن.
— تۆتىنى؟
— 1000 دوللارلىق پۇلدىن تۆتنى.
— شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق. تۆت ۋاراق پۇل.
— سەن مەندىن نېمىنى سورىماقچى؟
— سەن پۇلنى غەيرىيلا ئىپادىلەيدىكەنسەن، مەن پەقەت «تۆت»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاي دېدىم، باشقا مەقسىتىم يوق. لېكىننزە، قىلغان گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى ماڭا يالغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ.
— مېنىڭ گەپلىرىمگە ئىشەنمەمسەن رودىنبا؟
— ئۇنداق ئەمەس، راستىنىلا ئۇنداق ئەمەس، مەسىلە ئۆزۈمدە، بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن ئوخشايمەن. مەن جىددىيلەشسەم مۇشۇنداق بولۇپ قالىمەن.

— شۈنداق، — دېدى ئۇ مەنىلىك قىلىپ، — مەن قارىـ
سامىمۇ شۇنداقتەك قىلىمەن.

روبىنىنىڭ ئۆيىدە كىرىپسلودا ئولتۇراتتىم، كۆزۈم قو-
لۇمدىكى سائەتتىن ئايرىلمايتتى. يېرىم كېچە بولاي دېدى.
فىرانكىسفوردىنىڭ تۇرالغۇسىدىن ئايرىلغىنىمغا خېلى ئۇزاق
بولدى، ۋاندورا قاۋاقخانىسىغىمۇ بارالمىدىم. ئالدىن بېرىلگەن
1000 دوللارمۇ ئەمدى ئەسلىمىگە ئايلاندى، قالغان 4000 دول-
لار پۇلغىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان بولدۇم. سائەت بىر بولغاندا
ھېلىقى نامسىز بۇرادىرىم ۋىسكىسىنى ئىچكەچ، نېمىشقا
كەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشىنەلمەي ئولتۇرغان بولۇشى مۇم-
كىن. ھەي، ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 5

قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمىدىم. يېرىم كېچىدە تۇرۇپلا ھارغىنلىق ھېس قىلىپ كىيىملىرىمنى سېلىپ، رودىنىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپ قالغانىدىم. ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا بىرىنىڭ ئۇياقتىن بۇياققا ماڭغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئۆزۈمگە قالايمىقان خىيال قىلماسلىقنى جېكىلەپ تۇردۇم، بىراق سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئادەم ئۆزىنى بىر ئىشنى ئويلىماسلىققا قانچە زورلىسا شۇنچە ئويلىغۇسى كېلىدۇ. كۆزۈمنى ئېچىپ، كارىۋات يېنىدىكى كىچىك بىر تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن پورۇپكا دەرىخىنى كۆردۇم. قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيۋاتقان يەردە، ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى قانداق ئەسلىيەلەي؟! ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىۋەتتىم. ئاخىر تولۇق ئويغاندىم. كاللامدا تېگى يوق خىياللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى.

رودىنىنىڭ بىرىكمە ئاۋاز ياڭرىتىش ئاپپاراتىدىن رادىيونى تاللاپ، ئاۋازىنى بوش قىلىپ قويدۇم، ئورۇندۇقتا تۇگۇلۈپ ئولتۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلىغاچ خەۋەر ئاڭلىتىلىشىنى ساقلىدىم. مۇزىكا ئاڭلاي دېگەندە ھەر 15 مىنۇتتا بىر خەۋەر بېرىپ بىزار قىلىۋېتەتتى. مانا ئەمدى ساقچى، تاكسى ياكى ئاخبارات خەۋىرى توغرىسىدا بىرنەرسە ئاڭلاي دېگەندە ھېچنېمە ئاڭلاتمايۋاتاتتى.

خەۋەر ئاخىر باشلاندى. قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈم قىلچىلىك قىزىقمايدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ چىقتىم.

ئاۋازى بوم چىقىدىغان رىياسەتچى شەرقىي 67ـ كوچىدىكى قا-
تىللىق دېلوسى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى، ھەتتا بۇنىڭغا ئا-
لاقىدار بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. يەنە بىر قانالغا يۆتكى-
ۋىدىم، خەۋەر ئەمدىلا تۈگەپ، مۇزىكا ئاڭلىتىشقا باشلاپتۇ، يەنە
خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن يېرىم سائەت ساقلىشىم كېرەك ئىدى.
تۇرۇپلا قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاشخانا ئۆيگە
كىرىپ ئىشكاپ - تارتمىلارنى ئاختۇردۇم، توڭلاتقۇغىمۇ قاراپ
باقتىم، توڭلاتقۇنىڭ ئىچى شۇنداق قالايمىقان ئىدى. شۇنچە
ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە يېرىم قۇتا گۆرۈچ پېچىنىسى
تاپتىم، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر دانە قىچا تالقىنى سېلىنغان
نورۋېگىيەنىڭ ساردىنا بېلىقى كونسېرۋاسى، بىرمۇنچە دورا -
دەرمەك ۋە تېتىمسۇ قۇتىلىرى چىقتى، ئەگەر بۇلارغا يېمەك-
لىك قاچىلانغان بولسا تازا ئوبدان ئىش بولاتتى، بىراق يېگۈ-
دەك باشقا نەرسە چىقمىدى.

گۆرۈچ دۇملىمەكچى بولدۇم، بىراق گۆرۈچ قاچىلانغان
قۇتىنىڭ ئىچىگە قاراپلا بەزىلەرنىڭ مەندىن بۇرۇن چىققانلى-
قىنى بىلدىم، قۇتا ئىچىدىكى گۆرۈچ سوۋەرەك بىلەن توشۇپ
كەتكەنىدى.

باشقا بىر ئىشكاپتىن بىر قاپ ئىتالىيە چۆپى تېپىۋالدىم.
زەيتۇن مېيى ئېچىپ قالمىغان بولسا، بىر ئامال قىلىپ يې-
گىلى بولاتتى، بىراق ئۇمۇ ئېچىپ كېتىپتۇ. قورسىقىم ئاچ-
مىدى دەپ ئۆزۈمنى ئالداشقا باشلىدىم. يەنە بىر ئىشكاپنى ئې-
چىپ، رودىنى خارتىنىڭ شورپىغا بەكلا ئامراقلىقىنى ھېس
قىلدىم. جەمئىي 63 كونسېرۋا قۇتىسىدا كامبىل① شورپىسى

① كامبىل شىركىتى ـ ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كونى-
سېرۋا ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى. باش شىركەت يېڭى جېرسى ئىشتاتىغا
جايلاشقان، مەھسۇلاتلىرى دۇنيادىكى 120 دۆلەت ۋە رايونلاردا سېتىلىدۇ.

بار ئىكەن. مەن ساناپ باققاچقىلا سانىنى دەپ بېرەلىدىم، چۈنكى بۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەي قانچىلىك ۋاقىت تۇرالايدىغانلىقىمنى بىلمەكچى ئىدىم. جازا لاگېرىدىكى ئۆلۈم بويىچە ھېسابلىغاندا، كۆنگە بىر قوتا ئىچسەم ئىككى ئاي يېتەتتى، بۇ ماڭا يېتىپ ئاشاتتى. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە شۇندىاق دېدىم: «شورپىنى ئىچىپ تۈگىتىپ بولغۇچە ساقچىلار مېنى تۇتۇپ كېتىدۇ، تېخى بىرىنچى دەرىجىلىك قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بېكىتىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا مېنى بېقىش مەسىلىسى دۆلەتكە قالىدۇ. شۇڭا، ئەنسىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.»

يەنە خىيالغا غەرق بولدۇم، ئەسلىدە دىققىتىمنى شورپا قوتىسىنى قانداق ئېچىشقا قاراتسام بولاتتى. رودىنى شورپا بىلەن جان باقىدىكەنۇ، ئۇنى ئاچىدىغان ئۈسكۈنىسى ناھايىتى قالاق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈسكۈنىسى ھەرھالدا كېرەككە كەلدى. مەن قازاننى پاكىز يۇيۇپ، كونسېرۋا ئىچىدىكى توخۇ شورپىسىنى قازانغا تۆكۈپ، ئازراق سۇ ئارىلاشتۇردۇم، يەنە ئازراق رەيھان ۋە بىر قوشۇق تېتىمسۇ قوشتۇم، ئاندىن ئولتۇرۇپ رادىيودىن بەش مىنۇتلۇق مۇھىم خەۋەرلەر پروگراممىسىنى ئاڭلىغاچ شورپا ئىچتىم. رادىيودا ساپلا ئاڭلاپ بولغان خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىۋاتاتتى، يەنە ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بەردى. فىرانسىس فىرانكىسفوردنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ياكى ئادەم يوق ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرگەن بىرىنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تىلغا ئېلىنمىدى.

شورپىنى ئىچىپ بولۇپ ئاشخانا ئۆينى يىغىشتۇرۇۋەتتىم، ئاندىن يەنە ئىشكاپلارنى ئاختۇرۇپ رودىنىنىڭ ھاراق تىقىپ قويىدىغان يېرىنى تېپىۋالدىم، بۇ يەردىن خىلى كۆپ ياخشى نەرسىلەر چىقتى، بىر بوتۇلكا قارا بۆلجۈرگەن بىراند-

ـدىسىنى تاپتىم، بوتۇلكا تېگىدە بىر قولدەك چۆكۈندى ماددىـ
ـلار تۇراتتى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، يەنە بىر بوتۇلكا
ۋىسكى چىقتى، ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا يەنە هاراق بار
ئىدى. بۇ هاراق خاكىنساكتا بوتۇلكىغا قاچىلانغان بولۇپ،
قاۋاقخانىنىڭ ماركىسى سويۇۋېتىلمىگەنىدى، بۇ ۋىسكى بەك
داڭلىق ماركىلىق ئەمەس ئىدى.

ئوغرىنىڭ تاللاش يولى بولمايدۇ، ھېلىقى ئورۇندۇقتا
خېلى ئۇزاق ئولتۇردۇمغۇ دەيمەن، ۋىسكى ئىچكەچ تېلېۋىزور-
نىڭ 9 - قانىلىنى ئېچىپ كىنو كۆردۈم. ھەر يېرىم سائەتتە
بىر قېتىم رادىيونى ئېچىپ خەۋەر ئاڭلىدىم. فىرانكىسفورد
توغرۇلۇقمۇ ياكى مەن توغرۇلۇقمۇ ھېچقانداق خەۋەر بولمىـ
دى، كاللام جايىدا بولمىغاچقا، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالـ
غان بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە ئورنۇمدىن تەستە تۇرۇپ تېلېۋىـ
زورنى ئۆچۈرۈۋەتتىم، ئاندىن رودىنىنىڭ يوتقىنىغا كىرىۋالـ
دىم، ھاراقمۇ تۈگەپ قالغانىدى.

كېيىن بىرنەرسىنىڭ چېقىلغان ئاۋازىنى، يەنە بىر ئاـ
يالنىڭ نازلىنىپ تۇرۇپ «قارغىش تەگكۇر!» دېگەن ئاۋازىنى
ئاڭلىغاندەك قىلدىم.

دەرھاللا ئېسىمگە كەلدىم، شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ،
نورمال ھالىتىمگە قايتتىم. ئۆيدە بىرى يەنى بىر ئايال تۇراتـ
تى. ئاۋازىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ يېشى مەن قوغلىشىدىغان ئايالـ
لارنىڭ يېشىدىن سەل ھالقىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئورنۇمدىن قوزغالماي يېتىۋەردىم، ئۇنى سېزىپ قالمىـ
سۇن دەپ، ئۇخلىغان بولىۋالدىم، ئەمما بۇنىڭ مۇمكىن بولـ
مايدىغانلىقىغا ئۆزۈممۇ ئىشىنەتتىم. ئۇ كىمدۇ؟ بۇ يەردە نېـ
مە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتەرمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— قارغىش تەگكۈر! — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم.
يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ بۇ گەپنى تەقدىردىن ئاغرىنىپ ئەمەس، بەلكى دەل ماڭا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى.
— سىزنى ئويغىتىۋەتتىم، شۇنداقمۇ؟ شۇنچە ئېھتىيات قىلغانىدىم، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، گۈلگە سۇ قۇيۇپ قويۇپ دېگەن. كىم بىلسۇن، ئېھتىياتسىزلىقتىن تەشتەككە پۇتۇم تېگىپ كەتتى. گۈلنى سۇندۇرۇپ قويمىغانلا بولسام بولاتتىغۇ، كەچۈرۈڭ، سىزنى ئويغىتىۋەتتىم.
— ھېچقىسى يوق، — دېدىم يۈزۈمنى ياستۇققا بېسىپ ياتقىنىمچە.
— گۈلگىمۇ سۇنى ئوڭشاپ قۇيالماس بولۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇرامسىز؟
— بىر قانچە ھەپتە تۇرۇشۇم مۇمكىن.
— رودىنى ماڭا ئادەم كېلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان. سىز تېخى يېقىندا كەلگەن ئوخشىمامسىز؟
— ئاخشام كەلدىم.
— ئويغىتىۋەتكىنىمنى كەچۈرۈڭ. سىزگە نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەي، قەھۋە دەملەپ چىقاي دەيمەن.
— بۇ يەردە پەقەت شورپىلا بار.
— شورپا؟
ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاردىم. ئۇ كارىۋات يېنىدا ھېلىقى پورۇپكا گۈلگە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئۆزى بولسا پورۇپكا گۈلىدەك شۇنداق چىرايلىق ئىدى.
ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى قىسقا ياسالغان، ماڭلىيى كەڭ، بەش ئەزاسى جايىدا، بۇرنى ئىنچىكە ھەم قاڭشارلىق بولۇپ، ئۈچلۈق ئېڭىكى شۇنداق قاملاشقانىدى. ئاغزى ئويماقتەك بو-

لۇپ، سۇس قىزغۇچ رەڭدىكى قۇلىقى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. يېقىندىلا بىر پارچە ئاددىي مۇقاۋىلىق كىتاب ئوقۇغانىدىم، ئۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ قۇلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى بىلەن سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئەگەر بۇ كىتابتا سۆزلەنگىنى توغرا بولسا، ئۇنىڭ قۇلىقى تازىمۇ جايىدا ئىدى.

ئۇ رەسساملار كىيىدىغان ئاق رەڭلىك ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ، ئىشتان تىزىدىن بىلىگىچە بەدەنگە ھەم چاپلىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ فىگۇرىسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غەربچە پاسوندىكى قىيپاش يوللۇق كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسى مەرۋايىت شەكلىدە ئىدى. بويىنىغا قىزىل شارپا يۆگىۋالغان، پۇتىغا بۆكەن تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاياغ كىيىۋالغانىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە — رودىنىنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولغىنىلا كۆزۈمگە سىغمىدى. ئۇنىڭ گۈلگە سۇ قۇيىمەن دەپ بۇ ئۆيگە كىرىشى ماڭا ئاۋارىچىلىك ھېسابلىناتتى. بىراق، ھەر كۈنى ئورنۇمدىن يالغۇز تۇرۇشنى ئويلىسام، بۇنداق بىر ئايال يېنىمدا بولسا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولاتتى، ئەمما نەدىمۇ بۇنداق ياخشى ئىش بولسۇن. ئايال كىشى، ساقچى، تاكسى، ئاخباراتخەۋىرى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش، لازىم بولغاندا يېنىڭدا تۇرمايدۇ.

— شورپا؟

ئۇ ماڭا قاراپ تېڭىرقىغىنىچە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ رەڭگى يا كۆك، يا يېشىل، ياكى بولمىسا ئارىلاش رەڭدەك قىلاتتى، چىشلىرى ئاق ۋە رەتلىك ئىدى.

— قايسى شورپىنى دەيسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سىز ئويلىيالىغاننىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. قارا پۇرچاق شورپىسى، توخۇ شورپىسى، سەرەبىل قايماق شورپىسى، ياڭيۇ شورپىسى، ئىرىمچىك شورپىسى......

— ئىرىمچىك شورپىسى؟ چاقچاق قىلمىۋاتمايدىغانسىز؟

— چاقچاق قىلمىدىم، ئىشەنمىسىڭىز ئىشكاپقا قاراپ بېقىڭ. كامبېل شىركىتى كونسېرۋالىق شورپا ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولسا، رودىنى بۇ كونسېرۋالارنى ساقلاشقا مەسئۇلمىكىن دەپ قالدىم. سۈۋەرەك پوقى ئارىلىشىپ كەتكەن گۇرۇچتىن باشقىسى ساپلا شورپا.

— رودىنى ئۆي ئىشلىرىنى ئانچە قىلالمايدۇ. سىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلى خېلى ئۇزاق بولدىمۇ؟

— بىز كونا دوستلاردىن، — يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم، — ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا بىز ئانچە كۆرۈشەلمىدۇق.

بۇ گېپىم راست ئىدى.

— ئالىي مەكتەپتە ساۋاقداشمىدىڭلار ياكى ئىللىنويىستا بىللە چوڭ بولغانمۇ؟

ھۇ ئۆلگۈر! نەدىمۇ ئالىي مەكتەپ ياكى ئىللىنويىس دېگەندەكلەر بولسۇن؟ بوپتۇ، نېمىلا بولسا سىناپ باقمامدىم.

— ئالىي مەكتەپتە ساۋاقداش ئىدۇق.

— نيۇيوركتا قانچە ئۇزاق تۇراي دەيسىز؟ — ئۇ كۆك كۆزلىرىنى چىمىلداتقىنىچە سوئال سوراشقا باشلىدى، — قاچانغىچە تۇرىسىز؟ سىز ئارتىس ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭغا ئارتىس ئەمەسلىكىمنى ئېيتتىم، ئەمما نېمە قىلىدىغانلىقىمنى دەپ بېرەلمىدىم. كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، يوتقاننى گېلىمغىچە تارتىپ يېپىۋالدىم-دە، ئاغزىمغا كەلگەننى توقۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭغا جەنۇبىي داكو ئىشتاتىدا چارۋا سودىسى قىلىدىغانلىقىمنى، بىراق رىقابەتچىم چارۋىچىلىق مەي-

دانىمنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالغاچقا، نيۇيوركقا جاھاندارچىلىق قىلغىلى كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەردىم، يەنە تېخى گەپ قىلغاندا ناھايىتى ساددا قىياپەتكە كىرىۋالدىم. ئۇنى گېپىمدىن زېرىكسە، پارىڭىمىز بالدۇرراق ئاخىرلىشارمىكىن دەپ تايىنى يوق پاراڭلارنى تازا قىلدىم. بىراق، ئۇ زېرىكىش تۈگۈل، گەپلىرىمنى شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلىدى، ئۇ قولى بىلەن ئىزىغا دۈگىلەك سىزغىنىچە كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ئۆز يولىڭىزنى تاپاي دەپسىز-دە، — دېدى ئۇ، — نېمىدېگەن قىزىقارلىق!

— ئەزەلدىن يولدىن ئاداشقان ئەمەسمەن، پەقەت ھازىر سەل لايغەزەل بولۇپ قالدىم شۇ......

— مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا مەنمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇنداق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن. تۆت يىل بۇرۇن ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كەتتىم، بىر خىزمەت تاپقانىدىم، ماڭا تازا ياقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىستېپا بەردىم. مانا ھازىر خىزمىتىممۇ يوق. ئانچە-مۇنچە رەسىم سىزىپ قويىمەن، ئۇنچە-مەرۋايىت پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىمەن، يېقىندا رەڭلىك ئەينەككە قىزىقىپ قالدىم. باشقىلار قىلغانغا ھەۋەس قىلىپ يۈرمەيمەن، ئۆزۈم ئىجاد قىلىمەن، مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇققا يېقىنلىشىپ قالدى، شەكىل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. راستىنى ئېيتسام، بۇ كەسپنى ياخشى قىلالىدىممۇ، بۇنى بىلمەيمەن. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ پەقەت مېنىڭ قىزىقىشىم بولۇشى مۇمكىن، مەن ئۆزۈمگە ماس كەلگۈدەك بىرەر ئىش تاپقۇچە بۇ خىزمەتنى بېرىلىپ قىلغۇم بار.

ئۇ ماڭا قاراپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ناشتىلىقتا شورپا ئىچكۈڭىز يوق، شۇنداقمۇ؟ بولمىسا سىرتقا چىقىپ قەھۋە ئەكىرەيمۇ؟ نەچچە مىنۇتتىلا كىرىمەن، ئاڭغۇچە كىيىملىرىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، هازىرلا كىرىمەن.

مەن بىرنېمە دەپ بولغۇچە ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ بولدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ هاجەتخانىغا كىردىم. بۇنى دەپ ئولتۇرمىساممۇ بولاتتى، بىراق بۇ ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى دەپ بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئىشىم ئىدى، ئاندىن ئاخشامقى كىيىملىرىمنى كىيدىم، ئۆزۈم ياقتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئىشىك ئېچىلسا يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

بەلكىم گۈلگە سۇ قۇيۇپ بولۇپ، سىرتقا قەھۋە ئالغىلى چىقىپ كەتكەن هېلىقى ئايال قايتىپ كىرىپ، جەنۇبىي داكوتا ئىشتاتىدىن كەلگەن يىگىت بىلەن بىللە ناشتا قىلغىلى كىرىشى مۇمكىن.

ئۇ ساقچىمۇ تېخى.

«مەن سىرتقا چىقىپ قەھۋە ئېلىپ كىرەي......» دېگەن هېلىقى ئايال بەلكىم مەندەك بىر نامى يۇر كەتكەن ئوغرىنى ياكى نىيىتى بۇزۇلۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تونۇپ قالغاندۇ، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغاچ تەپتىش ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىشىمۇ مۇمكىن.

قېچىپ كېتىشىنىمۇ ئويلىدىم، ئەمما بۇنداق قىلسام تازا قاملاشمايتتى. ئەگەر ئۇ ساقچىغا مەلۇم قىلمىسىلا كوچىدا قېچىپ يۈرگەندىن مۇشۇ يەردە تۇرغان كۆپ بىخەتەر ئىدى. بۇنىڭغا يەنە مېنىڭ ئىرىنچەكلىكىممۇ سەۋەب بولدى. تۈنۈگۈن ئىچكەن هېلىقى ئەرزان باهالىق ۋىسكى كاللامنى بىخودلاشتۇرۇپ قويغانمۇ، ئىشقىلىپ، ئولتۇرغان يېرىمدىن

قوپقۇم كەلمەس بولۇپ قالغانىدىم.
مەن داۋاملىق ئويلاۋەرسەممۇ بولاتتى، ئەمما بۇنىڭ نې-مىگە پايدىسى بار؟ مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئويلانغانىنىڭ ئورنىغا ئىشىك ئېچىلغاندا ئۇنىڭ يالغۇز ياكى يالغۇز ئەمەسلىكىگە قارىسام بولىدۇ. تۇيۇقسىز پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم، ئەگەر ئۇ بىر توپ ساقچىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىۋاتقان بولسا بۇنداق ئاۋاز چىقمايتتى. ئىشىك ئې-چىلغۇچە خاتىرجەم ئولتۇردۇم، ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشاللىقتىن ئاغزىم قۇلىقىمغا يەتتى.
ئۇنىڭ شۇنداق ياخشى قەھۋە ئېلىپ كىرگىنىدىن ھەيران قالدىم. ئۇ چەينەككە قەھۋە دەملىدى، بىز ئۇياندىن - بۇياندىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ھېلىمۇ ئۇ چىقىپ كەت-كەندە يالغان گەپلەرنى توقۇپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ-نىڭ ئىسمى رۇن خايتۇېر ئىكەن، مەنمۇ ئۆزۈمنى روج ئامدىچ دەپ تونۇشتۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۆزىمىزنى ئۇن-تۇغان ھالدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق، گېپىمىزمۇ بىر يەر-دىن چىقتى.
«قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك، گەپنى ئاۋ-ۋال ئۆزۈم باشلىدىم، ئۇنىڭغا ئايرودرومدا يۈك - تاقامنى يىت-تۈرۈپ قويغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇمۇ ئايرودرومدا بۇنداق ئىشنىڭ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىنسان-لارنى ئايغا ئېلىپ چىقالىغان بىر دۆلەتنىڭ يۈك - تاقىنىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك دېگەن قا-راشقا نىسبەتەن ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىردىن ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكېلىپ ئۈستەلنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇردۇق، گىرۋەكلىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقاتقۇچىسى

ـرى پۈچۈلۈپ كەتكەن ئىككى خىل ئىستاكاندا قەھۋە ئىچىشـ
ـكە باشلىدۇق. بۇ قەھۋە ماڭا شۇنچىلىك تېتىپ كەتتى.

ئىككىمىز توختىماي پاراڭلاشتۇق، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزۈم توقۇغان ۋەقەلىككە ئۆزۈمنى كۆنۈپ قالدىم. مۇھىتنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى بۇ ئۆي ماڭا ئارتىسلىق تالانتى ئاتا قىلىۋاتامدۇ، بۇنى بىلمىدىم، سۆزلەۋېتىپ قىلچە توختاپ قالمىدىم. رودىنى بۇ ئۆينىڭ ئىگىسىنى ئارتىسلارغا ئامراق دېگەندەك قىلغان، شۇڭا بۇ يەردە ساپلا ئارتىسلار تۇرسا كېرەك، بەلكىم تامنىڭ تۈۋىگە قويۇلغان ئاۋۇ ياغاچنىڭ سىرلىق كۈچى بار-دۇ......

روج ئامىدىچىنىڭ رولىنى شۇنداق ياخشى ئالدىمكى، شەـ
ھەرگە يېڭى چىقىپ نىجاتچى بىر قىزنى ئۇچراتقان سەھرالىق بولۇۋالدىم. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي كاللامغا يەنە باشقا ئىشلار كىرىۋالدى، ئۇنىڭ رودىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلـگۈم كەلدى. ھەي قارغىش تەگكۈر، نېمىدېگەن بىمەنە ئىش بۇ! بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلاي؟

ئۇنىڭ بىلەن ھازىر چىقىشىپ قالغاندەك قىلغان بىلەن، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى چىقامتى؟ ئۇ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇزۇكرەك بىر ئۇخلىۋالسام بولغۇدەك. ئۇمۇ ئەخمەق ئەمەس ـ تە! مېنىڭ كىملىكىم ئۇنىڭغا ھامان ئايان بولىدۇ. بىراق، شۇ چاغقىچە بۇ يەردىن ئاللىقاچان كېتىپ بولارمەن.

ــ بىلەمسىز، ئەسلىدە شۇنداق ئېھتىيات قىلغانىدىم، سىزنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ بولۇپلا چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان. بىراق، ئەمدى ئۇنداق ئويلىمايمەن، ئەكسىچە سىزنى ئويغىتىۋەتكىنىمدىن بەك خۇش بولدۇم، سىز بىلەن پاراڭلىشىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىكەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم رۇن.
— سىز ئۆزىڭىزنى چوڭ تۇتۇۋالمايدىكەنسىز. مەن ئادەت-
تە باشقىلار بىلەن بۇنچە قىزغىن پاراڭلىشىپ باقمىغان، بۇ-
لۇپمۇ ئەرلەر بىلەن.
— مۇشۇ مىجەزىڭىز بىلەن باشقىلار چىقىشالمايدۇ دې-
سە كىم ئىشىنىدۇ.
— بەك گەپدان ئىكەنسىز جۇمۇ!
ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى ئەمدى ماڭا يېشىلدەك كۆرۈنۈش-
كە باشلىدى، قارىغاندا ئۇنىڭ هازىرقى كەيپىياتى چىراغ نۇرى
تەسىرىدىن ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك.
— بۈگۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولدى، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
— تالا سەل سوغۇق بولسىمۇ، هاۋا ئوچۇق. تاتلىق-تۇ-
رۇملاردىن يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، قەھۋەدىن باشقا نەرسىلەرنى
كۆڭلىڭىز تارتامدىكىن، بىلمىدىم.
— قەھۋە بولسىلا بولدى. بۇ قەھۋە بولىدىكەن.
— ئەمىسە يەنە بىر ئىستاكان ئىچىڭ، ئەكېلىڭ، مەن
قۇيۇپ بېرەي.
— رەھمەت.
— سىزنى نېمە دەپ ئاتىسام بولار، بورنى دەيمۇ ياكى
بورناد دەيمۇ؟
— ئىختىيارىڭىز.
— ئەمىسە بورنى دەپ ئاتاۋېرەي.
— مېنى هەممەيلەن بورنى دەپ چاقىرىدۇ، — دېدىم ئۇ-
قۇشمايلا.
بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا چاتاق چىققىنىنى سەزدىم.
— ئاھ، تەڭرىم!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھېچقىسى يوق بورنى.

ئۇ ئۇستەلگە ئېڭىشىپ، يۇمران قوللىرىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— ئەنسىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەنسىرىمەڭ. سىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، مېنىڭ سېزىمىم ئەزەلدىن توغرا چىقىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ گۇناھسىزلىقىڭىزنى جەزملەشتۈرەلمىگەن بولسام، گۈل تەشتىكىنى قەستەن تېپىپ ئۆرۈۋەتمىگەن بولاتتىم.

— سىز تەشتەكنى قەستەن تېپىپ ئۆرۈۋەتكەنما؟

— شۇنداق، بىراق تەشتەك جارىسىلا چېقىلدى، باشتا گۈل تەشتىكىنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن جارىنى تېپىپ ئۆرۈۋەتكەندىم. جازا تامغا تېگىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

— سىز ھەممىنى بىلىپ بوپسىز - دە.

— ھەممىلا گېزىتكە ئىسمىڭىز چىقىپ بولدى بورنى. سىز ئۇخلاۋاتقاندا پورتمانىڭىزدىن پىراۋىڭىز بىلەن باشقا كىنىشكىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ بولدۇم، سىزدەك قاتتىق ئۇخلايدىغان ئادەمنى ئانچە كۆپ كۆرمەپتىكەنمەن.

— قارىغاندا قاتتىق ئۇخلايدىغان ئادەملەرنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، بايا سۆزلەپ نەگە كەلگەنتىم؟

— يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپتىكەنسىز.

— ھە، شۇنداق، بىر قاراپلا سىزنى تونۇۋالدىم. بۈگۈنكى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە رەسىمىڭىزنى چىقىرىپتۇ،

سىزگە ئانچە ئوخشىمايدىكەن. بىر ئادەمنى تۇرمىگە قامىغۇ-
تىشتىن بۇرۇن چىچىنى شۇنداق قىسقارتىۋېتەمدىغاندۇ؟
— بۇ ئۇلارنىڭ ئاتام زاماندىن قالغان ئادىتى، شۇنداق رە-
سىملەر بىلەن تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولغان گەپ.
— نېمىلا دېگەنبىلەن سىزنى كۆرۈپلا فىرانكىسفوردنى
ئۆلتۈرمىگىنىڭىزنى بىلگەنىدىم. سىز ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلار-
دىن ئەمەس.
ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.
— ئەمما، سىز بىر ئوغرى، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق دېسەك بولىدۇ.
— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. سىز راستىنلا رودىننى
تونۇمسىز؟
— ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيمىز. بىرقانچە قېتىم بىللە
قارتا ئوينىغان.
— ئۇ سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەي-
دۇ، شۇنداقمۇ؟ بولمىسا ئۇ سىزگە ئاچقۇچىنى بەرمىگەن بو-
لاتتى. قاراڭ بۇ دۆتلۈكۈمنى، سىزگە ئاچقۇچنىڭ نېمە كې-
رىكى؟ ئىشتىنىڭىزنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچ ۋە باشقا ئۇسكۇ-
نىلەرنى كۆرگەنىدىم، قارىماققا شۇنداق ئەپلىك ئىكەن. قۇ-
لۇپ ئېچىشتا ئالاھىدە ئۇسكۇنىلەردىن پايدىلىنىدىغان ئوخ-
شىمامسىز؟
— ئەپلەشمىسە ئىشكنى بۇزۇپ كىرىمەن تېخى.
— سىز ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىدىغاندەك قىلمايسىز،
ئوغرىلىقىڭىزمۇ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان يېرى بار، شۇنداق-
قمۇ؟ سىز نېمىشقا بۇ كەسىپنى قىلىسىز؟ بۇنداق سوئالنى
ئەسلىدە ئەرلەر ئاياللاردىن سورىشى كېرەك ئىدى. ئاھ، خۇدا،
ئىككىمىزنىڭ يەنە قىلىشىدىغان نۇرغۇن گېپىمىز بار، ئۇز-

ـداق روج ئامـدىچ ۋە جەنۇبـىي داكـوتـا ئىشـتاتـى دىگەندەكـلەردىنمۇ ياخشىـراق پاراڭلارنى قىلىشقـان بولار ئىدۇق. سىـز ئەزەلـدىن جەنۇبـىي داكـوتـا ئىشـتاتـى دىگەن جايغا بېرىـپ باقـمىغان، شۇنـداقـمۇ؟ لېكىن، يالغاننى شۇنداق قاملاشتۇرالايدىكەنسىـز. يەنە ئازراق قەھۋە ئىچەمسىـز؟

— بولىدۇ، يەنە ئازراق ئىچەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 6

سائەت 6 دىن 24 مىنۇت ئۆتتى، 7 ـ قانالدىكى ھېلىقى بىرقانچە ئەبلەخ بەش ئىشتاتنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ، ياۋۇزلارچە قاتىللىق قىلغان ئوغرى بورناد رودىنبانى قولغا ئېلىشقا ئاتلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاغزى بېسىقـ ـماي ئېلان قىلىشتى. قولۇمدىكى مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ پاـ چىقىنى قويۇپ، باشقا ھۇجرىغا كىردىم ـ دە، رودىنىنىڭ داڭـ ـلىق ماركىلىق تېلېۋىزورىنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. رۇن ئالدىدىكى توخۇ پاچىقىغا قاراپمۇ قويماي، رېي جىسماننى بىرنېمىلەرنى دەپ تىللاپ ئولتۇراتتى.

— ھۇ قارغىش تەگكۈر ئەبلەخ! — دېدى ئۇ، — شۇنچە جاپادا تاپقان 1000 دوللار پۇلىڭىزنى ئېلىۋېلىپ، يەنە بۇنچە كۆپ يامان گېپىڭىزنى قىلغىنىنى قارىمامدىغان.

رېي جىسماننىڭ تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىغا دەپ بېرىدـ ـشىچە، مەن ئۆينىڭ خالىي جايىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، رولىن ئىككىسىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ جىددىي پەيتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە مېنى تونۇۋالغانمىش.

— خېلى يىللار بۇرۇنلا رودىنبانىڭ زوراۋانلىق قىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى پەملىگەنىدىم، — دېدى ئۇ مۇخـ ـبىرغا.

ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك يوغان ئېچىلغانىدىكى، خۇددى تېلېكامىراغا قارىماي، ماڭا قاراپ سۆزلەۋاتقاندەكلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېس قىلدىم.

— ئۇنى تولىمۇ ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم، ھەمـ-
ـراھىمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتتى.

— سىزنىڭچە، ئۇ دەۋاتقان گېپىمگە ئۆزى ئىشىنەمدىغان-
ـدۇ؟ — دەپ سورىدى رۇن.

— فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرگەن ئىشنى دەمسىز؟ ئۇ ئەلۋەتـ-
ـتە ئىشىنىدۇ - دە. قارىغاندا ھازىر مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمغا
ئىشىنىدىغان ئادەمدىن دۇنيادا ئىككىمىزلا قالغان ئوخشايمىز.

— يەنە ھەقىقىي قاتىلمۇ بار.

— شۇنداق، يەنە ھەقىقىي قاتىلمۇ بار، — دېدىم ئۇنىڭ
سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بىراق، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ يۈرەمتى،
ھازىر مېنىڭ گېپىمگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ گېپىد-
ـنى چىقارسامۇ پايدىسى يوق. راستىنى ئېيتسام، سىزنىڭ
ماڭا نېمە دەپ ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن.

— ياخشى ئادەمدەك كۆرۈنىدىكەنسىز.

— ئوغرىلار ئىچىدە بۇنداق چىراي ئاز ئۇچرايدۇ.

— يەنە كېلىپ مېنىڭ سېزىمىم ھەمىشە توغرا چىقىدۇ.

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— ھەي، بىچارە J . فىرانكىسفوردا!

— ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولغاي.

— ئامىن، بىلەمسىز؟ ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى
قىسقارتىۋالغانلارنى ھەمىشە سامانىنىڭ تېگىدە سۇ يۈگۈرتىد-
ـدىغاندەك ھېس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆزقارىد-
ـشىمۇ ئېنىق ئەمەس تۇرسا، قانداقمۇ دادىللىق بىلەن دۇنياغا
يۈزلىنەلىسۇن؟

— بۇنىڭلىق بىلەن ئىسمىنى قىسقارتقانلارنىڭ ھەمـ-
ـمىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ.

— ئۇنى مەن بىلمىدىم. بولمىسا G . گوردىن لىند، E. خوۋارد خانتېر دېگەنلەرگە قاراپ بېقىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كەسىپداشلىرىم.
— سىزنىڭ ئارا ئىسمىڭىز بارمۇ بورنى؟
— گىرىن جامۇس، — دېدىم بېشىمنى لىڭشىتقاچ، — بۇ فامىلىنى ئانام توي قىلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىپتىكەن.
— ئۇنداق بولسا، تولۇق ئىسمىڭىز B. گىرىن جا-مۇس رودىنبا ئىكەن-دە؟
— باشقىلار بۇرۇن مېنى ئۇنداق ئاتاپ باقمىغان، بۇنىڭ-دىن كېيىنمۇ ئۇنداق ئاتىمايدۇ ھەقاچان.
ئەگەر ئۆزۈمنى ئۆزۈم شۇنداق چاقىرىپ سالسامۇ، ئۆ-زۈمدىن بىرنەرسىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك، كاللام جايىدا ئەمەس-تەك تۇيۇلاتتى. «B. گىرىن جامۇس رودىنبا! تەڭرىم، نۇرغۇن كىشىلەر باش ئىسمىنى ئىشلىتىپمۇ ساراڭ بولۇپ قالمايدى-كەن. ئەمما، ئۇلار جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ ئارا ئىسمىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، باش ئىسمىنى قىسقارتىۋالىدۇ......»
— ئۇنداق بولسا، باش ئىسمىڭىزنى پۈتۈنلەي قىسقارتى-ۋەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ — دېدى ئۇ، — بۇنداق بولغاندا ئىخ-چام، ئوچۇق-ئاشكارا بولىدىكەن. باش ئىسمىڭىزنى قىسقار-تىپ بىرلا ھەرپىنى قالدۇرۇپ قويسىڭىز، مەن سىزگە قانداق ئىشىنىمەن؟ ئىشقىلىپ، مېنىڭ كارىم يوق، مەن بۇ ئويۇمنى ناھايىتى ياخشى بولدى دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، مەن J . فىراد-كىسفوردقا ئىشەنمەيمەن.
— ھازىر ئۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇك-لەر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتەلمەيدۇ.
— مېنىڭ ئۇنى كۆپرەك چۈشەنگۈم بار، بىز ھازىر پەقەت ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنىلا بىلدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ دېگىنى ھەقىقەت ئىدى.

— ئەگەر ئۇ ئۆلمىگەن بولسا، بىز بۇ ئەبلەخكە بۇنچە قىزىقىپ كەتمىگەنمۇ بولاتتۇق.

— سىز ئۇنى ئەبلەخ دېسىڭىز بولماسمىكىن بورنى.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق.

— ئۆلگەنلەرنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا بولمايدۇ.

— توغرا، ئۆلگەنلەرنىڭ ياخشى گېپىنىلا قىلىش كېرەك.

ئۇ قولىدىكى توخۇ پاچىقىنىڭ ئاخىرقى بىر لوقما گۆشىنى ئاغزىغا سالغاچ ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئاشخانىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ ماڭغاندا كۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ساغرىسىدىن ئۈزەلمەي قالدىم، ئۇنىڭ ئىنچىكە بەللىرى، يوتىلىرى مېنى شېرىن خىيال دۇنياسىغا غەرق قىلدى.

ئۇ ئاخىر بىلىنى رۇسلاپ، ئىككى ئىستاكان قەھۋە قۇيدى. بۇ چاغدا مەن فىرانكىسفوردنىڭ قىسقارتىلما ئىسمى ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتىم.

ئالدىنقى كۈنى كەچتىن باشلاپ كاللامغا مۇنداق ئوي كىرىۋالدى: ئۆلگۈچى زادى فىرانكىسفوردمىدۇ؟ باشقا بىرى فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ مەندىن بۇرۇن شۇ ئۆيگە كىرىۋالغان ۋە ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، جىنايەتنى ماڭا ئارتماقچى بولغانمىدۇ؟

ئۇنداقتا ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىم؟ ياكى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمىدۇ؟

بۇلار مۇھىم ئەمەس، ئېنىق بولغىنى، ئۆلگۈچى فىرانكىسفورد، 41 ياشلىق كارخانىچى، ئۆي - مۈلۈك سودىگىرى، تىياتىرخانا قۇرغۇچى، راھەت - پاراغەتكە جېنىنىڭ بارىچە ئىنتىلىدىغان ئۆلچەملىك شەھەرلىك. ئۇ توي قىلغان، ئەمما تېزلا ئاجرىشىپ كەتكەن، ئۆزى يالغۇز شەھەرنىڭ شەرقىدىكى

ئالـىي دەرىجىلـىك تۇرالغۇسىدا تۇرىدۇ، ئاخىر باشقىلار ئۇنىڭ بېشىغا كولدان بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ــ ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ، ــ دېدى رون، ــ كولدان بىلەن ئۇ-رۇپ نېمە قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ ئۇ كولدان شۇنداقمۇ ئېغىر ئىكەن، مېھمانخانا ئۆيدى-كى ھېلىقى كولدان بىلەن بىر كالىنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت-كىلى بولارمىكىن. كېسىلگەن ئەينەكتىن ياسىلىپتۇ، يو-غان ھەم ئېغىر ئىكەن. گېزىتتە دېيىلىشىچە، قاتىللىق قو-رالى بىر دانە كېسىلگەن ئەينەكتىن ياسالغان كولدان ئىكەن، ئۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆيدە ئۇنداق كولداندىن ئىككىسى بار دېگەن گەپ، يەنە بىرىنى مەن كۆرگەن.

ئۇنىڭغا قولۇمدىكى «پوچتا گېزىتى»دىكى سۈرەتنى كۆرسەتتىم.

ــ بۇ ئەبلەخنىڭ تۇرقى يامان ئەمەس ئىكەن.

سۈرەتتىكى ئادەم قاملاشقان، پېشانىسى كەڭ، قارا چاچ-لىق، ئىككى چېكىسىدىكى چېچى قوڭۇر رەڭدە ئىدى، ئۇنى ئاشۇ چىرايلىق بۇرۇتىنى ياساتقۇچە ساتىراشنى خېلى ئاۋارە قىلدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ــ قاملاشقان ئادەمكەن، ــ دېدىم.

ــ ئۇنچە بەكمۇ ئەمەسقۇ.

ــ كۆزۈمگە خېلى ئېسىل سۈپەت ئادەمدەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

ــ سىنچىلاپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ كۆزىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقايسىز.

ــ ئۆلگەنلەرنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا بولمايدۇ جۇمۇ.

ــ كۆتۈرۈلۈك ئۇنداق گەپلەرنى. موماي دائىم ماڭا «بىراۋ توغرىسىدا بىرقارارغا كېلەلمىسەڭ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ باق» دەيتتى. ئۇنىڭ پۇللىرىنىڭ قەيەردىن كېلىدىغاندىلىقىغا گۇمانىم بار، سىزنىڭچە ئۇ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟

ــ گېزىتتە ئۇنى كارخانىچى دەپ يېزىپتىغۇ؟

ــ بۇ ئۇنىڭ پۇلى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇ پۇللارنى قانداق تاپىدىغانلىقىنى دېمەپتۇ.

ــ ئۆي - مۈلۈك سودىسى قىلىدىكەنغۇ؟

ــ بۇ پەقەت ئۇنىڭ پۇلى بىلەن بولغان مۇئەييەن مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، خالاس. خۇددى ئۇنىڭ تىياتىرخانا قۇرۇپ چىققىنىغا ئوخشاش. ئۆي - مۈلۈك سودىسىدىن پۇل تاپقىلى بولغان بىلەن، تىياتىرخانىدىن زىيان چىقىدۇ، تىياتىرچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تاپقان بىرەرىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ ئۇنىڭ چوقۇم باشقا بىرەر تىجارىتى بولۇشى مۇمكىن، مېنىڭچە ئۇ دۇرۇس يول بىلەن پۇل تاپمىغان.

ــ بۇ سۆزىڭىزمۇ ئورۇنلۇق.

ــ ئەمىسە بۇنى نېمىشقا گېزىتكە يازمايدۇ؟

ــ ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىگەن گەپ. ھەممەيلەن ئۇنى قاملاشمىغان ۋاقىت ۋە ئورۇنغا توغرا كېلىپ قالغاچقا ئۆلۈپ كەتتى دەپ قارىشىدىكەن. غالجىرلاشقان بىر ئوغرى قېرىشقاندەك ئۇنىڭ ئۆيىنى تاللاپ كىرگەن، فىرانكىسفوردنىڭمۇ نەق ئۆيدە بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، خۇددى ئۆلۈم ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك. ئەگەر ئۇ ئۆلگەندە ئايالىنىڭ ئىچ كىيىمىنى كىيىۋالغان بولسا، ئاندىن ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بولغان بولاتتى، مۇخبىرلارمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى قايتىدىن مالتىلاپ چىقاتتى، بىراق ئۇ ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋاپتۇ، بۇنداق خەۋەرنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟

ــ ئۇنىڭ ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغانلىقى قەيەردە دېيىلىپتۇ؟

— گېزىتتە دېيىلىشىچە، ئۇ ئۆلگەندە ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغانىكەن. «پوچتا گېزىتى»دە ئۇخلاش كىيىمى دەپتۇ، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە بولسا مۇنچا كىيىمى دەپتۇ.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئۆلگەندە ئۇچىسىدا كىيىمى يوق ئىكەنتۇققۇ؟

— بەلكىم ئەتىكى «كۇندىلىك خەۋەرلەر»دە ئۇنىڭ كىيىم كىيمىگەنلىكى ئېلان قىلىنىپ قالار، بۇنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟

— مېنىڭچىمۇ پەرقى يوق.

ئىككىمىز ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇردۇق. ئۇ گېزىتنى قاتلاپ يېنىغا قويۇپ قويدى.

— بىرەر ئامال تاپساق بولاتتى، — دېدى ئۇ، — ھەممەيلەن بۇ تۇگۈننى يەشمەكچى، بىراق يېپىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ھېچكىم دىققەت قىلمايۋاتىدۇ. بىز پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنىلا بىلىمىز، يەنە تېخى سىزنى قاپقانغا دەسسىتىپ بالاغا قويغان يەنە بىرىمۇ بار.

— بىراق، بىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

— ئۇ موسسو ئەپەندىگە ئوخشايدىغان، مۇرىلىرى تار، بېلى توم بىر ئەبلەخ، ئۇ گەپ قىلغاندا دائىم كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچاتتى.

— ئۇنداق بولسا، قاتىل دەل شۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇنى چوقۇم تونۇيسىز.

— ئۇ سىمىز ئەبلەخنى ئىلگىرى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، ئاۋازىمۇ شۇنداق تونۇش.

— بىراق، ئۇنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقماپتىكەنسىزغۇ؟

— شۇنداق، كۆرۈپ باقمىغان.

— قارىغىش تەگكۈر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇشتىنى تولگۇپ يوتىسىغا كۆچەپ ئۇردى.
— تۇرمىدە ئۇچراتقان بولغىيمىدىڭىز يا؟
— ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ بۇ پەرىزىم بىر ئوغرىنىڭ لو-گىكىسىغا تازا ماس كېلىدۇ، يەنى ئۇ مېنىڭ ئوغرى ئىكەنلى-كىمنى بىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مەن بۇ ئادەمنى ئېسىمدە تۇتۇۋېلىشنى ئويلىمايمەن. بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن يەر ئاستى پويىزنىڭ بىر ۋاگونىدا ئولتۇرغان بولۇشۇم، يولدا سۈركى-لىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن. مۇشۇنداق بولۇشى ئە-قىلگە مۇۋاپىق.
— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئۇ سىزنى قەستلىدى. ئۇ قاتىل بولمىغان تەقدىردىمۇ، فىراد-كىسفوردنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى بىلىشى مۇمكىن.
— مېنىڭچە، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرمىدى.
— بىراق، ئۇ قاتىلنىڭ كىملىكىنى بىلىدۇ.
— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
— ئۇنى تاپالىغان بولساق ياخشى بولاتتى. ئەمما، سىز ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيسىز، ئۇ سىزگە يالغان ئىسمى ياكى لەقىمىنى دەپ بەرمىگەنمىدى؟
— ياق، قانداق دەيسىز؟
— بىز قاۋاقخانىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنى چاقىرتساق بولامدىغۇ؟ ئەستا، ئۇ قاۋاقخانىنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيتتى؟ ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
— ۋاندورا قاۋاقخانىسى. ئۇنى چاقىرىپ نېمە قىلىمىز؟
— بىلمەيمەن، بولمىسا ئۇنىڭغا ھېلىقى كۆك قۇتىنى قولغا چۈشۈرگىنىڭىزنى ئېيتىڭ.
— قايسى كۆك قۇتىنى دەيسىز؟
— ھېلىقى سىز ئوغرىلىماقچى بولغان قۇتىنى دەيمەن.

— ئەمەلىيەتتە كۆك قۇتا دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.
— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ھېلىقى سېمىز ئادەم شۇنداق دەپ سىزنى ئېزىقتۇرغان ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ يەنە نېمىشقا ۋاندورا قاۋاقخانىسىدا ئۇچرىشايلى دەيدۇ؟
— بۇنى بىلمىدىم. بەلكىم ئۇ يەرگە بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندۇ.
— ئەمىسە نېمىشقا ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟
— بۇ سوئالىڭىزغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم. بەلكىم ئۇ ساقچىغا مەلۇم قىلىپ مېنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولغاندۇ، بىراق بۇمۇ قايىل قىلارلىق جاۋاب ئەمەس. ياكى بولمىسا ئۇ مېنى ئوغرىلىققا سېلىشتىن بۇرۇن «ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇچرىشايلى» دەپ قويسا مېنى تېخىمۇ ئىشىنىدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.
كۆزۈمنى يۇمۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.
— بىر ئىش ماڭا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ئۇ مەن بىلەن سۆزلەشكەندە ئامال قىلىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا، ئۆزىنى نوچى كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟
— مېنىڭچە، ئۇ سىزنىڭ ئۆزىنى ساقچىغا چېقىپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەپ، سىزنى قورقۇتۇپ قويماقچى بولغان ئوخشايدۇ.
— مەندە نېمىشقا بۇنداق سېزىم پەيدا بولىدۇ؟ بۇ ئەبلەخ شۇنداق ھىيلىگەر ئىكەن. ئۇنىڭ شۇنداق سىياققا كىرىۋېلىشىدىن ئۇنىڭ ئەسلىدە ئۇنچە نوچى ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ گەپنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ قىلغان بىلەن، يۇرۇش-تۇرۇشى ئانچە جايىدا ئەمەس. بۇ ئەبلەخ چوقۇم بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدامچى، يەنە كېلىپ ئۇستا ئالدامچى. ئۇ دوپپامغا جىگدە ساپتۇ، ئۇ ئۆيدىن ھېلىقى كۆك قۇتىنى تاپالمىغانلىقىمغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇ ئامال قىلىپ مېنى ئىشەندۇرۇپتۇ، يەنە تېخى مېنى قۇتىنى ئاچماسلىققىمۇ كۆندۈرۈپتۇ، ــ دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئۇنى تۇرمىدە كۆرگىنىڭىز ئېسىڭىزدە يوق ئىكەن، ئۇمۇ ئىلگىرى ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان بولغىيمىتى؟

ــ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بۇ كەسىپتىكىلەرنىڭ بۇنىڭدىن خالىي بولمىقى تەس، مەيلى سىز قانچىلىك ئەقىللىك بولۇپ كېتىڭ، ھامىنى بىر ئىش چىقىرىپ قويىسىز. سىزگە ئالدىنقى قېتىم قانداق تۇتۇلۇپ قالغىنىمنى ئېيتىپ بەردىمغۇ.

ــ سىز ئوغرىلىققا كىرگەن ئۆينىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى بۇزۇلۇپ قاپتىكەن.

ــ شۇنداق. قاراپ تۇرۇپ ئادەم بار ئۆيگە كىرىپتىمەن ئەمەسمۇ، ئۆي ئىگىسىنىڭ قورالى بار ئىكەن، يەنە كېلىپ شۇنداق ئاچچىقى يامان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئۆزدىمىزنى بېسىۋېلىپ ھەل قىلىشنى ئېيتتىم، يەنە تېخى پورتمانىمىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەرمەكچىمۇ بولدۇم، كىم بىلسۇن، ئۇ ئەبلەخ دېموكراتچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىكەن ئەمەسمۇ. مەن خۇددى سۇرلەنگەن گۆشتىن ياسالغان ساندۇۋىچ بىلەن راھىبقا خۇشامەت قىلغاندەكلا بىر ئىش قىپتىمەن. كىشىلەر ئۇنى ماڭا كىتاب ئاتتى دېيىشىدۇ تېخى؟ كۇتۇپخانىسىدىكى ھەممىلا نەرسىنى ئۇستىبېشىمغا ياغدۇرۇۋەتتى دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ــ بىچارە بورنى، ــ دېدى ئۇ قولىنى ئالىقىنىمغا قويۇپ.

قوللىرىمىز گىرەلىشىپ، شۇ تەرىقىدە بىرقانچە مىنۇت ئۆتتى. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىشى بىلەن ھەر ئىككىلىمىز ئۆز خىيالىمىزغا غەرق بولدۇق.

تۈرمە خىيالىمغا كەلدى، ئۇ يەر ماڭا ئانچە ياتمۇ ئەمەس. ئەگەر ئۆزۈمنى مەلۇم قىلسام، ئىككىنچى دەرىجىلىك قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىشىم تۇرغانلا گەپ، ياكى بولمىسا ئۇقۇشماي ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان، دەپ ئاقلىنىپمۇ قالارمەن. ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىن ئاۋۋالقىدەكلا كوچىلاردا يۈرەلەيمەن، كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشالايمەن، ھازىرقى ئىشىمنى داۋاملىق قىلالايمەن. مەن بۇرۇن تۈرمىدە ئۇنچە ئۇزاق يېتىپ باقمىغان، ئاخىرقى قېتىم 18 ئاي ياتقان. 18 ئايغا چىدىغان ئادەم يەنە ئۈچ - تۆت يىل چىداپمۇ قالارمەن.

ھازىر يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، تۈرمىدىن چىقسام يېشىم 40 قا ئۇلىشىپ قالغۇدەك. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ۋاقىت شۇنچە تېز ئۆتەرمىش.

تۈرمىدە ئاياللار يوق، بۇنداق يۇمران قوللارمۇ، تولغان، ئەۋرىشىم بەللەرمۇ يوق. ئەگەر ياقتۇرسىڭىز ئەرلەرنىڭ ساغلام بەدىنىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنداقلارنى كۆتۈرمەيدۇ.

ـــ بورنى، ساقچىنى ئىزدەپ باقايمۇ يا؟

ـــ مېنى مەلۇم قىلماقچى بولۇۋاتامسىز؟ توغرا ئويلاپسىز، تۇتۇپ بەرسىڭىز مۇكاپات بېرىدۇ......

ـــ نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسىز؟ سىزگە نېمىشقا ساتقۇنلۇق قىلغۇدەكمەن؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

ـــ شۇنداقراق بولۇپ قالغاندىمەن. ئەمىسە ساقچىنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىز؟

ـــ ئۇلاردا جىنايەتچىلەرنىڭ سۈرەتلىك ئارخىپى بارغۇ؟

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
— ئۇلارغا بۇلاڭچىلىقتا ئۇچرىدىم دېسەم، جىنايەتچىلەرنىڭ ئارخىپىنى ماڭا كۆرسىتىشى مۇمكىن.
— ئاندىن كېيىنچۇ؟
— ئۇنى تونۇۋېلىشىم مۇمكىن.
— ئۇنى تونۇپ بولالمايسىز.
— سىزنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنىڭىز بويىچە ئىزدىسەم تاپالىشىم مۇمكىن.
— جىنايەتچىلەرنى پەرقلەندۇرۇشتە باش قىسمىنىڭلا سۈرىتى ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بەدىنىنى كۆرەلمەيسىز.
— ھە!
— شۇڭا، ئۇنى باش سۈرىتى دەيمىز.
— ھە!
— بۇ ئاقمايدىغان چارە.
— شۇنداقكەن بورنى.
ئۇنىڭ قولىنى ئۆرۈپ، ئالقىنى بىلەن بارماقلىرىنى سىلاشقا باشلىدىم. ئۇمۇ ماڭا يېقىنراق سۈرۈلدى. بىرقانچە مىنۇت شۇنداق ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەمدىلا باغرىمغا باساي دەپ تۇرۇشۇمغا ياشنىڭ چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇ تو-ساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— بىرەر ئىش قىلساق بولاتتى. ھېچبولمىغاندا سىزنى ئىشقا سالغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالساقمۇ، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلگەن بولاتتۇق.
— بىز ئاۋۋال فىرانكىسفوردنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. جىنايەتچىنىڭ قاتىللىق قىلىش-تىكى مۇددىئاسىنى چۈشەنسەك، قايسى يۆنىلىشتىن تەپەك-كۇر قىلىشنى بىلىۋالالايمىز.

— بىراق، ساقچىلار......
— ساقچىلار قاتىلنىڭ كىملىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدى، تەكشۈرۈشمۇ ئاياغلاشتى. رۇن، ئۇلار مېنى قاتىل دەپ بېكىتىپ بولدى، هازىر ئۇلار مېنى قولغا چۈشۈرسىلا بۇ دېلو ئاياغلىشىدۇ. بولمىسا بىزنىڭ بۇ تۇزۇمىمىز قانداقمۇ بۇنچە مۇكەممەل بولالىسۇن؟ هازىر فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار، بىراق ئۇنىڭ كىملىكىنى بىز مەڭگۇ تاپالماي-مىز، چۈنكى فىرانكىسفوردنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى پاش قىلىنىدى، قاتىل دەل مەن.
— ئەتە كۇتۇپخانىغا بېرىپ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى ئىندېكىسى»نى تەكشۈرۈپ باقاي، ئۇنىڭدىن يىپ ئۇچى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. مىكرو فىلىمخانىغىمۇ قاراپ باقىمەن.
بېشىمنى چايقىدىم.
— ئەگەر بىرەر نەرسە تاپقىلى بولىدىغان بولسا، ئۇلار ئاللىبۇرۇن گېزىتكە چىقىرىپ بولغان بولاتتى.
— ئازراق يىپ ئۇچى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. سىناپ باققاننىڭ زىيىنى يوق، شۇنداققۇ؟
— بەلكىم شۇنداقتۇ.
ئۇ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، ئۇنىڭ بۇ هالىتى قەپەسكە سولانغان شىرغا ئوخشاپ قالغانىدى.
— بۇ يەردە بۇنداق ئولتۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — يەنە ئولتۇرۇۋەرسەم ساراڭ بولۇپ قالىمەن.
— ئۇنداقتا، سىز تۇرمىگە كىرىپ قالمىسىڭىز بولغۇدەك.
— ۋاي تەڭرىم، ئۇ يەردىكى ئادەملەر قانداق چىدايدىغاندۇ؟
— بىر كۇنى كەچتە سىزنى شەهەرگە ئاپىرىپ ئوينى-تىپ كېلەي رۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمما، سىز بۇ يەردىن سىرتقا چىقىسىڭىز بولمايدۇ.
ئۇ قولىغا بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ ۋاراقلىغۇەتكەندىن كېيىن:
— چۈشەندىم، تېلېۋىزوردىن بىرنەرسە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى.
ئۇ تېلېۋىزورنى ئاچتى، WPIX قانىلىدا ۋورنېر ئاكا - ئۇ-كا فىلىم شىركىتى ئىشلىگەن قارا گۇرۇھ فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى، فىلىمدىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىسلاردىن روبىنسون، رول، گىرىنىستىرت قاتارلىقلار بار ئىدى، قوشۇمچە رول ئالغانلارنىڭ چىرايى ھېلىمۇ ئېسىمدە بار ئىكەن، بىراق ئىسىملىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ يېنىمدا ئولتۇردى، بىز بىللە كىنو كۆرۈۋاتقاندا ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم، تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىشكە باشلىغاندا بىز سۆيۈشۈپ كەتتۇق.
كىنودىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ، ئارتىسلارنىڭ تىزىملىكى چىقىۋاتقاندا:
— قارىغۇ، يامان ئادەملەر ھامىنى غەلىبە قىلالمايدۇ، بىز ئەنسىرىمىسەكمۇ بولغۇدەك، — دېدى.
— رېئال تۇرمۇش ھەرگىزمۇ كىنودىكىگە ئوخشىمايدۇ.
— لېكىن، ھايات دېمىل① ئىشلىگەن كىنولارغىمۇ ئوخشىمايدۇ، چوقۇم ئامال تېپىلىدۇ بورنى.
— بەلكىم شۇنداقتۇ.
سائەت 11 دە خەۋەر باشلاندى، بىراق فىرانكىسفورد زىياڭ-كەشلىككە ئۇچرىغان خەۋەرنىڭ داۋامى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ

① دېمىل (1881 — 1959) — ئامېرىكىنىڭ كىنو رېژىسسورى ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىسى. ئۇنىڭ «ئون ئىبرەت»، «ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك فىلىملىرى بار.

بىر قانچە سائەت ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ خەۋەر خېلى-
لا قىسقارتىلىپتۇ. ئېلان باشلىنىشى بىلەن رۇن ئورنىدىن تۇ-
رۇپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى.
— ئۆيۈمگە كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.
— ئۆيىڭىز قەيەردە؟
— بېك كوچىسىدا، بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس.
— يەنە بىردەم تۇرۇڭە، تېلېۋىزوردا يەنە باشقا ياخشى پى-
روگراممىلارنى قويۇپ قالامدۇ تېخى.
— ھېرىپ قاپتىمەن، ئەتىگەن بەك سەھەر تۇرۇپ كەت-
كەنىدىم.
— مۇشۇ يەردە ئۇخلىمامسىز. كەچتە قانغۇچە بىللە
بولىمامدۇق.
— بۈگۈن ئۇنداق قىلغۇم يوق بورنى.
— مېنىڭ سىزنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويغۇم يوق،
بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەتراپ......
— ھازىر سائەت تېخى 12 بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
جاي شەھىرىمىز بويىچە ئەڭ بىخەتەر رايون.
— ماڭا ھەمراھ بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم.
ئۇ كۈلۈپ كەتتى.
— بۈگۈن ئۆيۈمگە كەتمىسەم بولمايدۇ، ئۆيۈمگە قايتىپ
يۇيۇنۇۋېلىپ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي.
— ئاندىن كېيىنچۇ؟
— يەنە مۇشۇكلىرىمنى باقمىسام بولمايدۇ، بىچارە جا-
نىۋارلارنىڭ قورسىقى ئاچ قالدى.
— ئۇلار كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئۆزلىرى ئاچال-
مامدۇ؟
— ئاچالمايدۇ، مەن ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويغان.

بىرىنىڭ ئىسمى سىت، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى موردىسەي① . ئىككىلىسى ھەبەش مۈشۈكى.

— نېمىشقا ئۇلارغا «خىبىرىۋ ئىنجىلى»دىكى ئادەملەر - نىڭ ئىسمىنى قويدىڭىز؟

— ئۇنداق بولسا ئۇلارنى نېمە دەپ چاقىرىمەن. ئۇلارغا خايىل سىلاسىل② دېگەندەك ئىسىملارنى قويسام بولامتى؟

— ئۇغۇ شۇ.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشىك ئالدىغىچە باردىم. ئۇ بىر قو - لىدا ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆرۈلۈپ مېنى سۆيۈپ قويدى. بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولدۇم. ئۇنىڭ قېپقېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇنىڭ بوغۇزىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققان ئاۋاز مېنى ئۆزگىچە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى، بەدىنى ماڭا تې - گىپ تۇراتتى.

مەن ئۇنى قويۇپ بەردىم، ئۇ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەتە كۆرۈشەيلى بورنى.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى.

① بۇ ئىككى ئىسىم «خىبىرىۋ ئىنجىلى»دا ئۇچرايدۇ.

② خايىل سىلاسىل (1892 — 1975) — ئېفىئوپىيە پادىشاھى. 1975 - يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولغان. ئېفىئوپىيە بۇرۇن «ھەبەش» دەپ ئاتىلاتتى.

## 7

يەر ئاستى پويىزدا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. مەن 14-كوچىدا يەر ئاستى پويىزغا چىققانىدىم. ۋاگوندا مەندىن باشقا يانپىشىغا يوغان بىر تاپانچا ئېسىۋالغان بىر ساقچى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى مەندىن نېرى بولمىدى. چۈنكى، ۋاگوندا مەندىن باشقا قارىغۇدەك ئادەممۇ يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مېنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئەگەر ئۇنىڭ كاللىسىدىكى تۇگۈن يېشىلىپلا قالسا، شۇ هامان ئېتىلىپ كېلىپ مېنى قولغا ئېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

هېلىمۇ ياخشى ئۇ ئېسىگە ئالالمىدى. يەر ئاستى پويىز دەۋر مەيدانىغا كەلگەندە يەنە بىرنەچچەيلەن پويىزغا چىقتى. ئۇلاردىن ئىككىسى ئىشتىن يانغان سېسترا، يەنە بىرى خۇددىنى بىلمىگۇدەك بولۇپ كەتكەن مەست ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ساقچى كۆزىنىدىغان يېڭى نىشان تاپتى. ئۇ 59 - كوچىدا چۈشۈپ قالدى، مەنمۇ كېيىنكى بېكەتتە چۈشتۈم. 72 - كوچا بىلەن مەركىزىي باغچىنىڭ غەربىدىكى كېسىشىدىغان جايدا تۇرۇپ سەهەرنىڭ ساپ هاۋاسىدىن چوڭقۇر نەپەس ئالدىم، ئەمما ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىمنى بىلمەيتتىم.

ئالدىنقى كۈنى كەچتە رودىنىنىڭ تۇرالغۇسىدا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا يېنىمدا رۇن بار ئىدى، شۇڭا كەيپىياتىم شۇنداق ياخشى ئىدى. بىراق، ئۇ كېتىشى بىلەن ئۆزۈمنى تىكەندەك يالغۇز هېس قىلىپ بىردەممۇ ئولتۇرالمىدىم،

تېلېۋىزور كۆرۈشمۇ خۇشياقمىدى، ئۆي ئىچىدە توختىماي ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپلا يۈردۈم، ماڭغانسېرى جىلە بولدۇم. سائەت 12 دىن ئاشقاندا يۇيۇنۇۋالدىم. كېيىدىغان كىيىمنى ئويلاپ بېشىم قاتتى. رودىنىنىڭ ئىشكاپىدا كىيگۈدەك كىيىم بار - يوقلۇقىغا قاراپ باقماقچى بولدۇم.

ئۇنىڭ ئىشكاپىدىن مەن كىيىپ تۇرغۇدەك كىيىم چىقمىدى. ئۇ ھەممە كىيىملىرىنى ئېلىپ كەتتىمۇ ياكى ئۇنىڭ تۇرۇك كىيىمى يوقمۇ، بىلمەي قالدىم. ھەرھالدا كىيگىلى بولغۇدەك بىر كۆڭلەك تاپتىم، ئەمما بۇ كۆڭلەكنى پەقەتلا ياقتۇرمىدىم. يەنە بىر جۈپ يوللۇق كۆك پايپاق تاپتىم، لېكىن بۇ پايپاق كونىلىقىدىن ئۆزىنى تاشلاپلا تۇراتتى، ئېلاستىكلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

رودىنىنىڭ كىيىم ئىشكاپىدىن يەنە بىر يالغان چاچ چىقىپ قالدى.

بۇ يالغان چاچ توق سېرىق رەڭدە بولۇپ، بەكلا ئۇزۇن ئىدى. يالغان چاچنى كىيىپ، ئەينەككە قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم. ئۆزۈمدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. يامان يېرى، بۇ چاچنىڭ رەڭگى بەك ئوچۇق ئىدى، شۇڭا ئاسانلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغاندەك قىلاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، كىيىم ئىشكاپىدىن يەنە بىر شەپكە تېپىۋالدىم، شەپكە يالغان چاچنىڭ چېنىپ قالىدىغان يەرلىرىنى يوشۇرۇپ قالاتتى، مەنمۇ ئۇنچە غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتمەيتتىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىمۇ ھەل بولدى.

مېنىڭچە، مېنى تونۇيدىغانلار بۇنداق كىيىنىۋالساممۇ ھامان مېنى تونۇپ قالاتتى، ئەمما مېنى تونۇمايدىغانلارنىڭ ئېسىدە شەپكەم بىلەن سېرىق چېچىملا قالاتتى.

ئۆز - ئۆزۈمگە: «سەن سارالڭ بوپسەن!» دەيتتىم. مەن يال-

غان چېچىم بىلەن شەپكەمنى ئېلىۋېتىپ، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. مەن تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىنى سانىدىم، تېلېفون ئارقا - ئارقىدىن 22 قېتىم جىرىڭلىدى. كېيىن تېلېفون ئۈرغۈچى زېرىكتىمۇ ياكى تېلېفون شىركىتىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا چولىسى تەگدىمۇ، تېلېفون قايتا سايرىمىدى. تېلېفون كۈندۈزلىرى ئاندا - مۇندا سايراپ قالسا، تېلېفوننى ئالغىلى تاسلا قالاتتىم. ئەمما، بۇ تېلېفون بۈنچە ئۇزاق سايرىمىغانىدى.

يەر ئاستى پويىزنىڭ بېكىتىدىن ئۆيۈم بار بىنانىڭ ئالدىغىچە پىيادە ماڭدىم. مەن باشقىلار بىلەن يالغۇز تۇرۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تاكسىغا چىقماي، يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرغانىدىم. بەلكىم، مەن قاچقاندا چىققان ھېلىقى تاكسىغا چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن. بىناغا يېقىنلاشقانسېرى بۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ رايوندا ئادەم كۆپ ئىدى، كېچىسى چىراغ نۇرىدا ھەممە يەر يوپيورۇق بولۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يەردە ئۇزاق يىل تۇرغان بولغاچقا، مېنى تونۇيدىغانلار چىقىپ قالاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتىم، دائىم ئۇلار بىلەن سۆركىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. شۇڭا، ئۇلار ماڭا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىلا، ئاندىن مېنى تونۇيالايتتى. مېنىڭ بۇ ئويلىرىم خاتا ئەمەستۇ؟ يول ماڭغاندا ئامال قىلىپ ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان قىياپەتتە ماڭدىم. بەلكىم ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسەممۇ مېنى بىرەرسى تونۇپ قالماس!

ئاخىر قاراڭغۇ بىر جايغا بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدىم، ئۆيۈم دەل يان ئۇدۇلۇمدىكى بىنادا ئىدى. 16- قەۋەتتىكى ئۆيۈمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېرىزىسىنى كۆزەتتىم. مېنىڭ ئۆيۈم ـــ ماڭا تەۋە بوشلۇق كۆز ئالدىمدىلا ئىدى.

ئۆيۈمنىڭ ۋاي دېگۈدەك يېرى يوق، پەقەت ئىككى ھۇجرا ۋە بىر ئاشخانىسىلا بار. شەھەر مەركىزىدە مۇشۇنچىلىك ئۆي ـ نىڭ ئىجارىسى ئىنتايىن يۇقىرى، پەقەت ئۇنىڭ سىرتقى قىدـ ياپىتىلا كىشىنى جەلپ قىلالىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ بەربىر مېنىڭ ئۆيۈم ـ دە، بۇ يەردە ئۆزۈمنى شۇنداق راھەت ھېس قىلىمەن.

بىراق، ئەمدى ھەممىسى يوق بولدى. بۇ ئاۋارىچىلىك لەردىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەردە ئەمدى تۇرالمايمەن. چۈنكى، ھەممەيلەن چىرايىدىن كۆلكە كەتمەيدىغان، 16ـ قەـ ۋەتتە تۇرىدىغان خۇشخۇي ئادەمنىڭ ئەسلىدە بىر ئوغرى ۋە قاـ تىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى.

لىفتتا كۆندە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئادەملەر، كىر يۇـ يۇش ئۆيىدە دائىم يومۇر ئېيتىدىغان ھېلىقى ئايال، ئىشىك باقار، زالدىكى مۇلازىم، يەنە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئېسىمگە كەلدى، خاتچى خانىم زالنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئۆيدە تۇراتتى، توختىماي تاماكا چېكەتتى، دائىم ئۇنىڭدىن كىر يۇيۇش پاراـ شوكى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتەتتىم. بۇ بىنادا ئۇ ئىسمىنى ئاتاپ بېرەلەيدىغان بىردىنبىر يېقىن تونۇشۇم دېسەممۇ بولاتـ تى. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ياخشى ئۆتەتتىم، بۇ يەردە تۇرغىنىمدىنمۇ رازى ئىدىم.

ئەمدى ئۆيۈمگە قايتالمايمەن. بورناد رودنىبا بىر ئوغرى! مەن باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىشىم، يالغان ئىسىم قوللىنىپ، يەنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىشىم كېرەك. ئاھ، تەڭرىم، بىر كەسپىي جىنايەتچى بولۇشنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشاتتى، ئەمدى يامان ئاتىقىم چىقىپ كەتسە، كۆن ئالمىقىم تېخىمۇ تەسكە

چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

تەۋەككۇل قىلىپ ئۇستىگە چىقىپ باقسام قانداق بولار؟ يېرىم كېچىدىن ئەتىگەن سائەت 8 گىچە يېشى چوڭ، ئەمما بەستلىك فىلىپىن ئىشىككە قارايتتى. بېشىمدىكى يالغان چاچ ۋە شەپكە بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۆتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭغا ئازراق پۇل سۇڭگۇتۇۋەتسەم، بەلكىم ئۇ مېنى كىرگۈزۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭغىمۇ ئىشەنچىم يوق. بۇ بىر چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇلچىلىق قىلغانلىق ئىدى. يان تەرەپتىمۇ بىر ئىشىك بار. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ بىرنەچچە پەلەمپەيدىن چۈشسەملا يەر ئاستى ئۆيگە كىرگىلى بولاتتى. يەر ئاستى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېتىك، لېكىن ئىچ تەرەپتىن ئۇ ئىشىكنىمۇ ئاچقىلى بولاتتى. دىرېكتور بۇ ئىشىكنى بەزىدە مال ئەكەلگەنلەرگە ئېچىپ بېرەتتى، لېكىن باشقا ئادەملەرنى كىرگۈزمەيتتى.

كىرىپ بېقىشنى نىيەت قىلدىم.

يەر ئاستى ئۆيدىن لىفىت بىلەن ئۇدۇل 16 ـ قەۋەتكە چىققىلى بولاتتى، بۇنداق بولغاندا زالدىن ئۆتمىسەممۇ بولاتتى. ئاندىن كىرگەن يول بىلەن قايتىپ چىقسام بولاتتى. مەن ئۆيگە كىرىپ بىر چامادان كىيىم، خىراجەت ئۈچۈن 5000 دوللار نەق پۇل ئېلىۋالالايتتىم. ئەگەر ئۆزۈمنى مەلۇم قىلسام ياكى تۇتۇلۇپ قالسام، بۇ پۇلغا ئادۋوكات تەكلىپ قىلالايتتىم. قولۇمدا پۇل بولغان بولسا، ھېچقاچان بېرىپ باقمىغان بىر بىنادا يوشۇرۇنمىسامىمۇ بولاتتى.

مەن يانچۇقۇمدىكى ئاچقۇچ ۋە ئۇسكۇنىلەرنى سىلاپ قويدۇم. قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ 71 ـ كوچىدىن ئەمدىلا ئۆتەي دەپ تۇرۇشۇمغا بىر ماشىنا كېلىپ بىنا ئالدىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش جۈمىكى ئالدىدا توختىدى. بۇ بىر يېڭى تىپتىكى ئائىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماشىنىسى ئىدى، بىراق بۇنچە تېز ھەيدىگىنىگە، يەنە كېلىپ قورقماستىن ئوت ئۆچۈرۈش جۇمىكى ئالدىدا توختىيالىغىنىغا قاراپ، ساقچىلارمىكىن دەپ قالدىم.

ماشىنىدىن ئىككى ئادەم چۈشتى. ئۇلارنى تونۇمايتتىم، تۇرقىدىن ساقچىغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇلار كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىۋالغانىدى. ساقچىلار شۇنداق نامرات تۇرسا، ئۇلار كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ ئىش بېجىرەرمۇ؟

جايىمدا مىدىرلىماي قاراپ تۇردۇم. ئۇلار ئىشىك باقار فىلىمسىقا بىرنەرسىنى كۆرسەتكەندەك قىلدى، مەن دەرھال يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ، تامنىڭ يېنىدا يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم. ئەگەر بىرەرسى مېنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا بۇلاڭچى دەپ قېلىپ، يېنىمدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشى ئېنىق ئىدى.

بىر مىنۇتتەك تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ بېقىشنى ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن بايا يوشۇرۇنغان قاراڭغۇ جايغا بېرىپ، ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىگە قارىدىم، چىراغ يېنىپ قالغانىدى.

مەن 15 مىنۇتقىچە قاراپ تۇردۇم، ئۆيۈمنىڭ چىرىغى ئۆچمىدى. توختىماي بېشىمنى قاشلىدىم. كېلەڭسىز يالغان چاچ كىيىۋېلىپ باشنى قاشلاش ھەقىقەتەن ئەخمىقانە بىر ئىش ئىدى. مەن يالغان چېچىم بىلەن شەپكەمنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ ئۆيۈمدە زادى نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، قانچىلىك ۋاقىتتا قايتىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىدىم.

خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتتى، ئۆي ئىچىدىن ئۈنلۈك ئاۋازلار چىقىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيۈمنى بۇنچە ئۇزاق ئاختۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم. ئەگەر ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كىرىدىغان بولسام، سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن

قوشنىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويۇشۇم ئېنىق ئىدى.
ھەقىقەتەن قاملاشمىغان بىر ئىش بولدى.

ئاھالىلەر رايونىدىكى كوچىدا بىردەم ماڭدىم، كوچا چىدىرىغىدىن ئامال بار يىراق تۇردۇم. كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆزۈممۇ تۇيمايلا ۋاندورا قاۋاقخانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن قاۋاقخانىنى ئېنىق كۆزەتكىلى بولىدىغان بىر جاينى تېپىپ يوشۇرۇنۇۋالدىم. تۇرۇۋېرىپ پۇتلىرىمنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ كەتتى، سوغۇقتىن ئاغزىمدىن ھور چىقىپ تۇراتتى. تالادا قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ قاۋاقخانىغا ئۇزۇنغا يېقىن ئادەم كىرىپ، چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردۇم. بىراق، ھېلىقى پور كۆتەك بۇرادىرىم ئۇ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

بەلكىم بۇرۇن مۇشۇ ئەتراپتا ئۇنى ئۇچراتقاندىمەن، شۇڭا ئۇ ماڭا تونۇشتەك بىلىنگەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن يوللاردا دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغاندىمەن، شۇڭا ئۇنىڭ چىرايى، تۇرقى ماڭا تونۇش بىلىنگەندۇ. بەلكىم ئۇ دائىم مۇشۇ راندوۋا قاۋاقخانىسىدا يۈرىدىغاندۇ، شۇڭا ئۇ ماڭا «مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى» دېگەندۇ ۋە ياكى ئاغزىدىن شۇنداقلا چىقىپ كەتكەندۇ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتى يوقتۇ.

ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە قاۋاقخانىنىڭ ئىچىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

راستىنى ئېيتسام، بۇ خىياللىرىمغا ئۆزۈممۇ ئىشەنمەيتتىم. لېكىن، تۇرۇپلا ئاغزىم قۇرۇپ، بولالمايلا قالدىم، قاۋاقخانىغا كىرىپ پىۋىدىن قانغۇدەك ئىچكۈم كەلدى. ئاخىر نېمە بولسا بولسۇن دەپ كىرىۋەردىم.

ئۇ قاۋاقخانىدا يوق بولۇپ چىقتى، بىراق پىۋا شۇنداق خۇشياقتى.

قاۋاقخانىدا ئانچە ئۇزاق ئولتۇرمايلا يېنىپ چىقتىم، ئەمما سىرتقا چىقىپلا بىر ئىشنى سېزىپ قالدىم، بىرى كەينىمگە چۈشكەندەك قىلاتتى. مەن بىرودىۋاي كوچىسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدىم، قاۋاقخانىدىن چىققان ئۈچ مىنۇتتىن بېرى تەخمىنەن يىگىرمە - ئوتتۇز يارد كەينىمدىن بىر ئادەم توختىماي ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. 60 - كوچىغا بۇرۇلدۇم، ئۇمۇ ماڭا ئەگەشتى، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم.

چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ ماڭدىم، ئۇ يولنىڭ يەنە بىر چېتىدە ماڭا قاراپ تۇردى. ئۇ بېشى كىچىك ئادەم بولۇپ، ئۇچىسىغا قېلىن بوغما چاپان، سۇس رەڭلىك كۆڭلەك بىلەن قېنىق رەڭلىك ئىشتان كىيىۋالغانىدى. غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، يەنە كېلىپ ئۇنى ئۈركۈتۈپ قويماي دەپ بەك سىنچىلاپ قاراپ كەتمىدىم.

كولۇمبۇ چوڭ يولىغا ئەگىلەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇمۇ كوچىنىڭ بۇ تەرىپىگە يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن يولنى بويلاپ شەھەر مەركىزىگە قاراپ ماڭدىم، توققۇزىنچى چوڭ يولغا يېقىن قالغاندا ئۇ قايسى يوللاردىن ئەگىپ چىقتىكىن، يەنە كەينىمگە چۈشۈۋالدى، بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتىم. شۇنچە ئويلاپمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدىم. بىرەر ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇ يېقىن كەلگەندە بىر مۇشت بىلەن مۇللاق ئاتقۇزۇۋەتسەم ياكى ئىشىك كەينىدە ساقلاپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆزەتسەممۇ بولاتتى.

ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم، بىر قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ كەتكەنچە

قايتىپ چىقمىدى، ئەسلىدە ئۇ هاراق خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن بىر بىچارە بايقۇشكەن.
مەن كولۇمبۇ ئايلانما يولىغا كېلىپ، يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتتىم، يەنى ئۆز ئۆيۈمدىن ۋاقىتلىق ئۆيۈمگە قايتتىم. بۇ قېتىم بېسۇن كوچىسىنى ئاسانلا تاپتىم، بۇ كوچا مەن ئايرىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش تۇرۇپتۇ. قۇلۇپنى ئاچ-قۇچ سېلىپ ئاچقاندەك شۇنداق تېز ئېچىۋەتتىم، ئاندىن يۇ-گۈرۈپ دېگۈدەك تۆتىنچى قەۋەتكە چىقتىم - دە، بىر دەمدىلا رودىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئىشىكتىكى ئۈچ قۇلۇپ ئەمدى ماڭا هېچ گەپ ئەمەس ئىدى، چۈنكى مەن ئىشىكنى ئاچقۇچ بىلەن تاقىمىغاچقا، مۇداپىئە قۇلۇپى تاقالمىغانىدى. مەن بىر يۇمشاق تۇنىكە بىلەنلا قۇلۇپنى ئېچىۋەتتىم، راس-تىنى ئېيتسام، ئىشىكنى ئاچقۇچ بىلەن ئاچقاندىنمۇ ئاسان ئېچىۋەتتىم.
ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى چىڭ تاقاپ، كارىۋاتقا چىقىپ ياتتىم. تەۋەككۇل قىلغانغا تۇشلۇق قىلغان ئىشىمنىڭ تايد-نى بولمىغان بولسىمۇ، مانا هازىر رودىنىنىڭ كارىۋىتىدا يۆت - قولۇمنى سوزۇپ يېتىپتىمەن، يەنە تېخى كوچىنى بىر ئايلىنىپ كەلگەن بوپتىمەن. بۇ مۆكۈنۈپ يۈرگەندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، مەن بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك!
ئۆزۈمنى يەڭگىللەپ قالغاندەك هېس قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 8

ئەتىسى ئۇ تەشتەكنى تېپىپ ئۆرۈپ مېنى ئويغىتىۋەتمىسىمۇ، ئەتىگەن سائەت توققۇزدىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. يۇيۇنۇپ بولۇپ، ساقىلىمنى ئالماقچى بولدۇم. رودىنىنىڭ ئۆيىدىكى بۇ ساقال تىغى ناھايىتى ناچار ئىدى، مەن بۇ ساقال تىغىنى قۇرۇق بىر دورا قۇتىسىنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى تەستە تاپقانىدىم. جىللىتى ماركىلىق بۇ ساقال تىغى بەكلا كونا ئىدى، مەن بۇ ساقال تىغىنى ھېچبولمىغاندا بىر يىل ئىشلىتىلدىمىكىن، بىر يىلغىچە ئۈستىگە سۇ تېگىپ باقمىدىمىكىن، دەپ ئويلىدىم. ساقال تىغىنىڭ ئۈستىدە رودىنى ساقال ئالغاندا قالدۇقلار بار ئىدى. مەن ساقال تىغىنى جۈمەككە تۇتۇپ خېلى يۇغان بولسامۇ، ئۇنى ئىشلىتىشكە كۆزۈم يەتمىدى. بۇ ساقال تىغىنى يۇيۇش ئەخلەتخانىنى سۈپۈرگەن بىلەن تازىلىغانغا ئوخشاش ئاۋارىچىلىك بىر ئىش ئىدى.

رۇنغا تېلېفون بېرىپ چىش چوتكىسى، ساقال ئالغۇچ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتماقچى بولۇپ تېلېفون دەپتىرىنى ئاختۇردۇم. مانخاتتون رايونىدا خايتۆۋېر فامىلىسىدىكى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئەمما شۇنچە ئىزدەپمۇ بېك كوچىسىدا تۇرىدىغان رۇن خايتۆۋېر دېگەن ئىسىمنى تاپالمىدىم. ئاخىر تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەپ بېرىدىغان ئىزدەش سۇپىسىغا تېلېفون قىلدىم، قويۇق لاتىن پۇرىقىدا سۆزلەيدىغان تېلېفونىست ماڭا بېك كوچىسىدا بۇنداق

ئادەم يوقلۇقىنى ئېيتىپ بەردى، قارىغاندا ئۇنىڭ نومۇرى تىز-
رىمغا ئېلىنمىغانغاندەك قىلاتتى. تېلېفوننى قويۇپ، بايىقى
تېلېفونىستنىڭ ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى ئەمەسكەن، ئۇ گېپ-
ىمنى چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. بايىقى ئىزدەش
سۈپىسىغا قايتا تېلېفون بەردىم، بۇ قېتىم باشقا بىر تېلېفو-
نىست تېلېفوننى ئالدى. ئاۋازىدىن تېلېفونىستنىڭ خېلى
خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، ئۇ ئازراق ئەنگلىيە
شېۋىسىدە سۆزلەيتتى، بىراق ئۇمۇ رۇننىڭ تېلېفون نومۇرد-
ىنى ئىزدەپ تاپالمىدى.

«رۇن تېلېفون نومۇرىنى تىزىملاتمىغان ئوخشايدۇ، ئۇ يا
ئارتىس بولمىسا، نېمىشقا تېلېفون نومۇرىنى تىزىملىتىپ
قويغۇدەك؟» دەپ ئويلىدىم.

ئامالسىز تېلېۋىزورنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلدىم، بىر
چەينەك قەھۋە دەملەپ ئىچىۋېتىپ كۆزۈم يەنىلا تېلېفونغا
چۈشتى. ئاخىر ئۆيۈمگە تېلېفون بېرىپ، ساقچىلارنىڭ ئۇ
يەردە بار-يوقلۇقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم. تۇرۇپكىنى
قولۇمغا ئېلىپ بولۇپ يەنە قويۇپ قويدۇم، ئۆيۈمنىڭ تېلې-
فون نومۇرىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. چۈنكى، بۇ نومۇرغا ئە-
زەلدىن تېلېفون قىلىپ باقمايتتىم، سىرتقا چىقىپ كەتسەم
ئۆيدە ئادەم قالمايتتى. مەن بۇنى قاملاشمىغان بىر ئىشتەك
ھېس قىلدىم. بىرى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەرمىگىنى
بىلەن، ھېچبولمىغاندا باشقىلارغا ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرد-
ىنى دەپ بېرىدىغۇ؟ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بى-
لىدىغانلارمۇ بەك ئازمىكىن دەيمەن. تېلېفونغا قاراپ بىردەم
تۇرغاندىن كېيىن، تېلېفون نومۇرى ئاخىر ئېسىمگە كەلدى.
شۇ ھامان تېلېفون ئۇردۇم، ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى. بۇ-
مۇ ئويلىغىنىمدەك بولغانىدى، شۇنىڭ بىلەن تېلېفوننى قو-

يوۋەتتىم.

ئىككىنچى ئىستاكان قەھۋەنى ئىچىۋاتقاندا بىر نىڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ ئىشىككە يېقىنلاشقان تىۋىشىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئاۋۋال ئىشىكنى چەكتى، ئاندىن ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر خالتا تۇراتتى، ئۇ ماڭا تۇخۇم ۋە باكون ئالغاچ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— قەھۋەنى ئۆزىڭىز دەملەپ بوپسىز- دە، — دېدى ئۇ، — ياخشى قىپسىز، بۇ بۈگۈنكى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، ئۇنىڭدا بىر نەرسە دېيىلمەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق بولارمىكىن دېگەن.

— ئەسلىي «كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى»دىن بىر پارچە سېتىۋالسام بوپتىكەن، كۆرۈپ تۇرۇپ ئالماپتىمەن. مۇھىم خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە بېسىلامدىكىن دەيمەن. سىزنىڭچىمۇ شۇنداقمۇ؟

— ئىشقىلىپ، خەۋەرلا بولسا بېسىلىدۇ.

— مەن ئۆي ئىشلىرىنى تازا قاملاشتۇرالمايمەن. شۇڭا، مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن قورساقنى گوللاپ تۇرايلى. مەن ئىلگىرى قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى يوشۇرۇپ باقماپتىكەنمەن، ئەمما سىزنى چوقۇم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قوغدايمەن. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە جىنايەت گۇماندارى بىلەن بىللە تۇرسىمۇ قانات ئاستىغا ئالغان بولامدۇ؟

— قاتىلنىڭ ياردەمچىسى بولىسىزغۇ دەيمەن.

— شۇنچە ئېغىرمۇ؟

ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدىم.

— بۇ مەسىلىنى بۇرۇنلا ئويلىغانىدىم رون، مېنى ساقچىغا مەلۇم قىلىسىڭىز ئۆزىڭىزگە ياخشى بولاتتى.

— تولا بىلجىرلىماڭ.
— ئۆزىڭىزگە بىرمۇچە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىسىز.
— بۇنداق گەپنى قىلماڭ، سىز دېگەن بىگۇناھ.
— ئەمما، ساقچىلار ئۇنداق قارىمايدۇ.
— ھەقىقىي قاتىلنى تاپساقلا ساقچىلارمۇ بىزگە ئىشىنىدۇ. بۇنداق قىلماڭە بورنى! ياخشى ئادەملەر ھامان غەلىبە قىلىدۇ. بىز ياخشى ئادەملەر، توغرىمۇ؟
— بۇنىڭغا قىلىچە سىغمايدۇ.
— ئەمىسە يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيتتۇق. ئېيتىڭە، تۇخۇمنى قانداق پىشۇرۇپ بېرەي، بۇ ئىشلارنى ئەمدى ئۇنتۇپ كېتىڭ. بۇ ئۆيدە مەن بار، يەنە سۇۋەرەكمۇ بار، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. نېمە قىلىۋاتىسىز بورنى؟
— بوينىڭىزغا سۆيۈۋاتىمەن.
— ئىختىيارىڭىز، ھىم، بىلەمسىز بورنى، بۇنداق قىلىسىڭىز بەك ھوزۇرلىنىپ كېتىدىكەنمەن.

بىز تۇخۇمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن تېلېفون جىرىڭلىدى، ئەمما تۆت قېتىم جىرىڭلاپلا توختاپ قالدى. قاردىغاندا بىنانىڭ مۇلازىمى تېلېفوننى ئالغاندەك قىلاتتى.
بۇنىڭدىن بايىقى ئىش ئېسىمگە كەلدى.
— ئەتىگەن سىزنى ئىزدەپ تېلېفون بەرگەنىدىم، تىزىملىكتە ئۇنداق نومۇر يوق ئىكەن، ئېرىڭىز ياكى باشقىلارنىڭ نامىدا تىزىمغا ئالدۇرغانمىدىڭىز؟ — دېدىم.
— تىزىمغا ئالدۇرمىغان. نېمىگە تېلېفون قىلغانىدىڭىز؟
— مەن ساقىلىمنى ئالاي دېگەنىدىم.
— قارىسام يۈزىڭىزنى تۈك بېسىپ كېتىپتۇ. ئەمەلە-

يەتتە مەن سىزنىڭ مۇشۇ ھالىتىڭىزنى ياقتۇرىمەن، لېكىن ساقىلىڭىزنى ئالمىسىڭىز مۇ بولمىغۇدەك.

مەن ئۇنىڭغا ساقال پاراشوكىنىڭ يوقلۇقىنى، رودىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ساقال تىغىنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بەرگەچ:

— سىزنى بۇ يەرگە كەلگۈچە ئالغاچ كېلەمدىكىن دې-گەن، — دېدىم.

— ھازىر چىقىپ ئەكىرسەممۇ بولۇۋېرىدۇ.

— ئەگەر تېلېفون نومۇرىڭىزنى بىلگەن بولسام بۇنچە ئاۋارە بولمايتتىڭىز.

— ۋاي، ھېچقىسى يوق، سىزگە يەنە قانداق نەرسىلەر لازىم؟

لازىملىق نەرسىلەرنى دەپ بەردىم، ئۇ بىر پارچە قەغەزگە يېزىۋالدى. پورتمانىمدىن ئون دوللار پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا زورلاپ تۇتقۇزدۇم.

— ئۇنچە بەك جىددىي ئەمەستى، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— مەن ھازىر سىرتقا چىقىمەن، مېنىڭچە سىز تېلې-فوننى ئىشلەتمەك بورنى.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، خىزمەتچى خادىملار بىرىنىڭ تېلېفون ئال-غىنى بىلەن بىرىنىڭ تېلېفوندا سۆزلەشكىنىنى پەرقلەندۈ-رەلەيدۇ، بەزىدە تېخى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— مەن بىلمەيدىكەنمەن، مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلى-دىغانلىقىنى راستىنلا بىلمەيمەن.

— ئۇلار رودىنىڭ بۇ شەھەردە ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار رودىنىڭ ئۆيدە بىرىنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالسا.....

— رۇن، ئادەتتە تېلېفون يىگىرمە قېتىم سايرىغاندىن

كېيىن ئاندىن تېلېفونىست مۇلازىمىتىگە ئالمىشىدۇ، ئۇلار-
نىڭ ئىش پىرىنسىپى شۇنداق. تېلېفون جىرىڭلىغان چاغدى-
لا ئۇلار ئابونتنىڭ تېلېفوننى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ،
يەنە تېخى قالايمىقان ھەق ھېسابلايدۇ.

— لېكىن، بايا تۆت قېتىملا سايرىدىغۇ؟

— بۇنداق تاسادىپىيلىقلار دائىم يۈز بېرىدۇ، شۇنداق ئە-
مەسمۇ؟ سىز تېلېفون ئىشلىتىشنى راستتىنلا خەتەرلىك
دەپ ئويلامسىز؟

— شۇنداق......

— بۇنىڭ ھېچقانداق خەتىرى يوق.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن تېلېفوننىڭ يېنىغا
كەلدىم، تېلېفون كۆزۈمگە قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقتەك كۆ-
رۈنۈپ كەتتى. مەن تۇرۇبكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆيۈمنىڭ نو-
مۇرىنى باستىم، بۇ قېتىم ئۆيۈمنىڭ نومۇرىنى قىينالمايلا
ئەسلىيەلىدىم، ئەمما نومۇرنىڭ يېرىمىنى بېسىپلا ئاخىرىنى
باسقۇم كەلمەي، تۇرۇبكىنى قويۇۋەتتىم.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قاچىلارنى يۇيۇۋېتىپ،
گېزىت كۆرۈشكە باشلىدىم. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە
مېنى تېخىچە تۇتۇلمىدى، دەپ يېزىپتۇ، بۇنداق بولارىنى بى-
لەتتىم.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى قۇلۇپلاش ماڭا
خۇشياقمىغاندى، ئۇ ئىشىكنى چېكىشىگىلا دەرھال ئىشىك-
نى ئاچتىم. ئۇ ماڭا بىر قەغەز خالتىنى سۇندى، ئىچىدە ساقال
تىغى، ساقال پاراشوكى، چىش چوتكىسى قاتارلىق نەرسىلەر
بار ئىدى. ئۇ يەنە ئاشقان 48 سىنتنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ-
دىن كىشىلەرنىڭ مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى توغ-
رىسىدىكى گەپلىرىگە ئىشەنگەندەك بولدۇم.

— يەنە بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن سىرتقا چىقىمەن، ساقلىتىڭىزنى ئېلىۋېرىڭ.

— سىرتقا چىقىمەن؟ تېخى ئەمدىلا كەلدىڭىزغۇ؟

— كۇتۇپخانىغا بېرىپ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نى كۆرۈپ باقايمىكىن دەيمەن، ئاخشام بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان ئىدۇقغۇ؟ ئۇ ئەبلەخنىڭ ئالدىنقى ئايالىنى تېپىپ، پاراڭلىشىپ باقساق خېلى ئىشلارنى بىلگىلى بولاتتى.

— بۇ بەكلا ئاۋارىچىلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

— «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ ئىندېكسى»نى تەكشۈرۈشمۇ؟ 42- كوچا بىلەن 50- كوچىغا بارساملا......

مەن كۇتۇپخانىنىڭ شۇ يەردىلىكىنى بىلىمەن، فىرانكىسفوردنىڭ ئالدىنقى ئايالى بىلەن كۆرۈشۈشنى دەيمەن.

— ئاۋارىچىلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئايالى ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشارمۇ؟ چۈشتىن كېيىن شۇ يەرگە بېرىپ قاراپ باقىمەن، سائەت ئىككى يېرىمدا ماتەم مۇراسىمى بولىدىكەن. دەپنە مۇراسىمى بىلەن ماتەم مۇراسىمىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

— بىلمەيمەن.

— مېنىڭچە، بۇنىڭ جەسەت بىلەن ئانچە چوڭ مۇناسىۋىتى يوق، ساقچىلار جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرگەندۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەسەتنى تېخى تاپشۇرۇپ بەرمىگەندۇ، ئەمما ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى دەلىللەپ بولدى.

— ئۇلار يەنە تېخى ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى بىلەن ئۆلۈم سەۋەبىنىمۇ ئېنىقلاپ بولدى.

— ساقچىلار جەسەتنى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر-

گە تاپشۇرۇپ بەرمىگەن ياكى جەسەتنى باشقا جايغا يۆتكەپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئانچە جەزم قىلالمىسامۇ، دەپنە مۇراسىمى بىلەن ماتەم مۇراسىمىنىڭ پەرقى مۇشۇ يەردىمە-كىن دەيمەن. جەسەت بولمىسا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— بۇنى تام ساۋيېردىن① سوراڭ.

— قىزىقارلىق گەپ بولدى، مەن تېخى يەنە ھېلىقى راد-دوۋا قاۋاقخانىسىغا بارىمەن.

— ئۇ قاۋاقخانىنىڭ ئىسمى «ۋاندورا»، ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى بارىسىز؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، خۇددى نېمە ئۈچۈن ماتەم مۇرا-سىمىغا بارغىنىمغا ئوخشاش. سىزنى ئىشقا سالغان ئۇ ئەبلەخ ماتەم مۇراسىمىغا بارمىسا، قاۋاقخانىغا بېرىپ قېلىشى مۇمە-كىن.

— ئۇ ماتەم مۇراسىمىغا بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟

ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— مەنمۇ بىلمەيمەن. ئۇ فىرانكىسفوردنىڭ بىللە سودا قىلىدىغان دوستى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا باراي دەۋاتىمەن. ھەر خىل ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇ ماتەم مۇرا-سىمىغا بارمىسا، قاۋاقخانىغا بېرىپ بىرەر رومكا ئىچىپ قو-يۇشى مۇمكىن، دەردىنى ھاراقتىن ئالامدۇ.

ئاندىن ئۇ ماڭا ھېلىقى پور كۆتەك بۇرادىرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋاندورا قاۋاقخانىسىغا بېرىپ ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى، ئالدىنقى كۈنى مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارغىنىمنىڭ

---

① تام ساۋيېر ـ مارك تېۋىننىڭ «تام ساۋيېرنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەش-تىسى» ناملىق كىتابىدىكى باش قەھرىمان، روماندا ئۆيدىكىلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

سەۋەبىنى چۈشەندۈردى. ئەگەر ئۇ پور كۆتەك راستتىنلا چىركاۋغا ياكى قاۋاقخانىغا بېرىپ قالسا، رون مېنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنىم بويىچە ئۇنى تونۇۋالالايتتى.

بىز يەنە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق، بىر سائەتتىن كېيىن رون شەھەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا تونۇگۈن ۋاندورا قاۋاقخانىسىغا بارغانلىقىمنى ئېيتىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئەمما ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم.

ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەن ۋاقىت ئاستىلاپ كەتكەندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭغا قىلغۇدەك ئىش چىققانىدى، ئەمما مەن ئۆيدە ئۇياندىن بۇيانغا مېڭىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر ئىدىم. يالغان چاچ بىلەن شەپكىنى كىيىپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈشنى ئويلىدىم، بىراق بۇنداق قىلسام قاملاشماسمىكىن، دەپ يەنە نىيىتىمدىن ياندىم، چۈنكى ساقچىلار دەپنە مۇراسىمىغا ئادەم ئەۋەتىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا رون بۇلارنى ئويلىمىغان بولسا، ساقچى كەينىگە چۈشۈۋالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپمۇ قالدىم.

ئەگەر بۇنداق ئىش كاللىڭىزغا كىرىۋالسا، خۇددى راستتىنلا شۇنداق بولىدىغاندەك ئىچىڭىز سىقىلىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن رونغا تېلېفون بېرىپ دەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم، بىراق ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى بولمىسا قانداق خەۋەر قىلىمەن؟ يەنە كېلىپ ئۇ ھازىر كۇتۇپخانىغا كېتىۋاتقان تۇرسا. كۇتۇپخانىغا تېلېفون بېرىپ ئۇنى چاقىرتقۇزساممۇ بولىدۇ، لېكىن كۇتۇپخانىنىڭ بۇنداق مۇلازىمەت تۈرى بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. مەن كۇتۇپخانىدىكىلەرگە جانغا تاقىلىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى دېسەممۇ بولىدۇ.

بولمايدۇ، بۇنداق قىلسام باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوز-

غاپ قويمەن. شۇڭا، ھېلىقى سېرىق چاچ بىلەن شەپكىنى كىيىپ ئۆنىڭغا ئەگىشىپ كۆتۈپخانىغا بېرىشىم كېرەك، مۇشۇنداق قىلسام ئۇنى بىر كىچىك خانىغا تارتىپ ئەكىرەلىشىم مۇمكىن. ئەگەر كۆتۈپخانىدىمۇ ئىككى - ئۈچ ساقچى چارلاپ يۈرگەن بولسا، ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ سالسا، ياكى بولمىسا يالغان چېچىم بىلەن شەپكەم يەرگە چۈشۈپ كەتسە......

يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ ساقىلىمنى ئېلىشقا تۇتۇش قىلدىم. ئەڭ تېز سۈرئەتتە ياسىنىپ بولمىسام بولمايتتى. ئاۋۋال ساقال پاراشوكىنى يۈزۈمگە سۈركىدىم، تۆت - بەش قېتىم سۈركىدىم، ئاندىن ئەستايىدىللىق بىلەن ساقىلىمنى قىردىم. فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن بۇرۇنقى قېتىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ساقىلىمنى بۇنچە ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ باقماپتىكەنمەن. ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالدىم، چۈنكى بۇرۇت يالغان چېچىم بىلەن خېلى ماسلىشىپ قالاتتى.

ئىشكاپتىن يالغان چاچ بىلەن شەپكىنى ئېلىپ كىيدىم-دە، ئەينەككە قاراپ بايا قويۇۋالغان بۇرۇتۇمنى دەڭسەپ كۆردۈم. قاراپ بولۇپلا بېشىمدىكى يالغان چاچ بىلەن شەپكىنى ئىشكاپقا سېلىۋەتتىم، ئاندىن يۈزۈمگە پاراشوك سۈركەپ، ھېلىقى بۇرۇتنى چۈشۈرۈۋەتتىم.

قانچە قىلسامۇ بۇرۇتۇمنى مۇشۇنچىلىكلا چۈشۈرەلەيتتىم. ئەگەر يەنە ۋاقتىم بولغان بولسا، چېچىمنىمۇ چۈشۈرۈۋەتكەن بولار ئىدىم. تاقىر باش بولۇۋېلىشنىمۇ ئويلاشمىدىم ئەمەس دەپ قالماڭلار، بۇ مېنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر چېچىمنى چۈشۈرۈۋېتىپ، يالغان چاچ كىيىۋالسام تېخىمۇ ياراشقان بولاتتى. ھې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىمۇ ياخشى قول سىلىشتىن بۇرۇن بۇ ئويۇم ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى.

يەنە ئۆيۈمگە تېلېفون بېرىشكە باشلىدىم، بۇ بىكارچىلىقتىن قىلىۋاتقان ئىش ئىدى، نەتىجىدە تېلېفون ئۇلانمىدى، بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئۆزۈمنى بۇ بىرىنىڭ تېلېفونىمنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، تېلېفون سىگنالىدىن كاشىلا چىققان بولسا كېرەك، بولمىسا مەن بىلەن تەڭ يەنە بىرى تېلېفون ئۇرغان چېغى، دەپ ئۆزۈمنى بەزلىدىم. بىرقانچە مىنۇت ئۆتكۈزۈپ يەنە ئۇردۇم، بۇ قېتىم تېلېفون جىرىڭلىدى، ئەمما ھېچكىم ئالمىدى.

قايتىدىن تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدىم، توختىماي قانال يۆتكەيتتىم. WOR قانىلىدا «تاشيول چارلاش» دېگەن فىلىمنى قويۇۋېتىپتۇ. كىرىپسلودا ئولتۇرۇپ بىرودىرىك كىروفوردنىڭ① يامان ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى قانداق بەرگەنلىكىنى كۆرۈشكە باشلىدىم، ئۇنىڭ بۇنداق ئىشقا ئېپى بار ئىدى.

يەنە تۇرۇپلا ھېلىقى قۇلۇپ ئاچىدىغان ئاچقۇچ بىلەن ئىلمەكنى تۇتۇپ ئولتۇردۇم، كاللامدا بۇ ئۆينىڭ يەنە باشقا يەرلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغان جاي ئىزدەۋاتاتتىم، بۇنداق بولسا ماڭا ئازراق بولسىمۇ قىلغىلى ئىش چىقاتتى. ياكى بولمىسا پەسكە چۈشۈپ باشقىلارنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ باقسام، ۋەياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىۋېلىپ، تېلېفون دەپتىرىدىن نومۇرىنى تېپىپ ئۇرۇپ باقسامۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بار - يوقلۇقىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ چىقساممۇ بولاتتى. بىرەر ئۆيدىن ماڭا لايىق كەلگۈدەك بىرەر قۇر

① بىرودىرىك كىروفورد (1911 ـ 1986) ــ ئامېرىكىلىق كىنو ئارتىسى.

كىيىم ياكى رۇنىڭ مۇشۇكى يېگۈدەك بىرەر نەرسە چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.
بۇلار مېنىڭ ئەستايىدىل ئويلىرىم ئەمەس، پەقەت كال-لامنى باشقا يەرگە بۇرىۋېتىشنىلا ئويلايتتىم.
تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدىم، كۆ-زۈم ئۇيقۇغا كېتىپ باراتتى، بارا-بارا تېلېۋىزوردىكى كۆرۈ-نۈشلەر خۇددى چۈشۈمدىكىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى، قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەي-مەن، بەلكىم بىر سائەت ياكى ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ئۇخ-لىغاندىمەن.
سىرتتىكى ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىممۇ ياكى ئۇيقۇغا قېنىپ ئويغاندىممۇ، ئەيتاۋۇر، بىر ئاۋاز ئاڭلىغاندەك قىلىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.
ئىشقىلىپ، نېمە سەۋەبتىن بولسا ئويغىنىپ كەتتىم، كۆزۈم تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان كىنوغا چۈشتى، مۈگدىدەك بېسىپ يۇمۇلۇپ قېلىۋاتقان كۆزلىرىمنى زورلاپ ئېچىپ، تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردۇم.
سائەت بەش بولۇشىغا رۇن قايتىپ كەلدى. ئۇ كەلگۈچە تولا مېڭىپ يەردىكى گىلەمنى ئۇپرىتىپ بولايلا دېدىم، گى-لەمنى چۆرگۈلەپ توختىماي ماڭاتتىم، ياكى بولمىسا تېلې-فون يېنىغا ئېتىلىپ باراتتىم-دە، تۇرۇپكىنى ئالمايلا يەنە قايتىپ كېلەتتىم. سائەت بەشتە بېرىلىدىغان خەۋەر باشلان-دى، جىددىيلەشكىنىمدىن خەۋەر زادىلا قۇلىقىمغا كىرمى-دى. مەن پەقەت ئېكراندا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىرىنىڭ مارا-كەش توغرۇلۇقمۇ ياكى لىۋان توغرۇلۇقمۇ بىرنەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقىنىلا بىلەلىدىم. ئىشقىلىپ، شۇ يەردىكى ئادەم-لەرگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرغۇ دەيمەن.

www.uyghurkitap.com

رۇنىڭ قايتىپ كەلگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئاچ-قۇچنى سىلىپ تولغاپ بولغۇچە بىرىپ ئىشىكنى ئېچىپ بولدۇم. ئۇ ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، ئىشىكنى يېپىشقىمۇ ئۇلگۇمەي بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىۋەتتى. ئۇ ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى، بىردەم سىرتنىڭ ھاۋاسىنىڭ گېپىنى قىلسا، يەنە بىردەم كۇتۇپخانىنىڭ ئەسلىھەلىرى، فىرانكىسفوردنىڭ ماتەم مۇراسىمى دىگەندەكلەرنىڭ گېپىنى قىلاتتى. ئەمما، مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم.

— ھېلىقى پور كۆتەكچۇ؟ ئۇنى ئۇچراتتىڭىزمۇ؟

— ئۇچراتمىدىم. ماتەم مۇراسىمىغىمۇ قاتناشمىدى، قاۋاقخانىغىمۇ بارمىدى، ئۇ قاۋاقخانا بەكلا مەينەتكەن......

— شۇڭا سىز ئۇنى ئۇچرىتالماپسىز -دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، لېكىن......

— مەن ئۇنى كۆردۇم.



## 9

— نېمە؟ ئارتىسكەن دەمسىز!

— شۇنداق، ئۇ كىنو ئارتىسى ئىكەن. ھېلىقى فىلىمنى ئاساسەن دېگۈدەك ئۇخلاپ تۇرۇپ كۆردۇم. ئەمما، دەل شۇ ۋاقىتتا ئويغىنىپ كەتتىم، فىلىمدە ئۇ تاكسى شوپۇرى ئىكەن، ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، جامۇس كارنېردىن① قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى، يەنى مۇنداق: «قەيەرگە بارىسەن بۇرادەر؟» دەپ سورىدى، تەلىيىمگە كىنونىڭ دەل شۇ يېرىگە كەلگەندە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى بۇ گەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتمەپتىمەن.

— مۇشۇنىڭغا تايىنىپلا ئۇنى تونۇۋالدىڭىزما؟

— چوقۇم شۇ، ئىككىسى بىر ئادەم. ئۇ فىلىم 50 - يىللاردا سۈرەتكە ئېلىنغان، شۇڭا ياش پېتى تۇرۇۋەرمەيدۇ - دە، ئوخشاش چىراي، ئوخشاش ئاۋاز، بوي - تۇرقىمۇ ئوخشاش. ئازراق سەمرىپ قاپتۇ شۇ. چوقۇم خاتالاشمىدىم، دەل ئۆزى شۇ. ئۇنى كۆرگەن بولسىڭىز، سىزمۇ تونۇۋالغان بولاتتىڭىز. كىنو فېستىۋالىدا ياكى تېلېۋىزور فىلىملىرىدە ئۇنى تالاي قېتىملاپ كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئۇ كىنودا ياكى تاكسى شوپۇرىنىڭ رولىنى، ياكى بولمىسا بانكا خادىمىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىدۇ، ھېچ بولمىسىدى دېگەندىمۇ كوچىدىكى لۈكچەك بولۇپ چىقىدۇ.

① جامۇس كارنېر (1928 -) — ئامېرىكىنىڭ كىنو چولپىنى.

www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

— كىم بىلىدۇ؟ بۇنداق كىچىك ئىشلارغا ئەزەلدىن دىققەت قىلمايمەن، فىلىمنىڭ ئاخىرىدا ئارتىسلارنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسەتمىدى. ساقلاپ ئولتۇرۇۋەرسەم كارنىير يەنە باشقا تاكسى چاقىرامتى، مېنىڭچە ئۇلار قولايلىق بولسۇن دەپ، فىلىمنىڭ ئاخىرىنى كېسىۋەتكەن گەپ، بەزى فىلىملەرنىڭ ئارتىسلار تىزىملىكى چىقمايدۇ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتكىلى بولماس. ناۋادا ئۇ پۈتۈن فىلىمدە «قەيەرگە بارىسەن بۇرادەر؟» دەپ سوراپلا قويغان بولسا، ئارتىسلار تىزىملىكىدە ئۇنىڭ بار-يوقلۇقىنى كىم بىلىدۇ؟

— ئۇنىڭ يەنە باشقا دىيالوگلىرىمۇ بار، جەمئىي بەش-ئالتە جۈملە چىقىپ قالىدۇ، بۇنى بىلىدىغانسىز. ھېلىقىدەك قاتناش ئەھۋالى ياكى ھاۋا رايى توغرىسىدا سۆزلەپ قويىدۇ، ئادەتتىمۇ نيۇيوركنىڭ تاكسى شوپۇرلىرى شۇنداق پاراڭلىشىدىغۇ؟ ھېچبولمىغاندا ھوللىۋۇدتىكى كىشىلەر نيۇيوركنىڭ تاكسى شوپۇرلىرىنى شۇنداق پاراڭلىشىدۇ دەپ قارايدۇ. تاكسى شوپۇرلىرى دېمىسىمۇ «قەيەرگە بارىسەن بۇرادەر؟» دەپ سورايدىغۇ؟

— قىزىق ئىش، شۇڭا ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن دېگىنىڭىز بىلەن، قەيەردە كۆرگىنىڭىزنى دەپ بېرەلمەيتىكەنسىز-دە؟

— ئۇنى كىنو ئېكرانىدا كۆرۈپتىكەنمەن ئەمەسمۇ. يەنە كېلىپ نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ شۇنداق تونۇش ئاڭلانغان گەپ رۇن. ئۇ ئەسلىدە كىنو ئارتىسى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بىراق، ئۇ مېنى قانداق تاپقاندۇ؟ مەن يا ئارتىس بولمىسام، سىز ھاياتىنىڭ ئۆزى بىر سەھنە دېگەن گەپنى قىلماڭ. ئۇ ئارتىس تۇرۇپ مېنى، مەن بورناد رودىنبادەك بىر ئوغ-

-رىنى قانداق تاپقاندۇ دەيمەن؟
— بىلمىدىم، بەلكىم......
— رودىنى؟
— نېمە؟
— رودىنمۇ ئارتىس.
— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
— ئارتىسلار ئۆزئارا تونۇشىدىغاندۇ؟
— شۇنداقمۇ؟ مەن بۇنى بىلمەيدىكەنمەن. بەزىلىرى ئۆز-ئارا تونۇشىدىغاندۇ. سىلەر ئوغرىلار بىر-بىرىڭلارنى تونۇم-سىلەر؟
— بۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.
— قانداقسىگە ئوخشىمايدۇ؟
— ئوغرىلار دېگەن يالغۇز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاكتىيور-لۇق بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار جەزمەن سەھنىلەردە ياكى كا-مېرا ئالدىدا تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئارتىسلار باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشى لازىم. رودىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويۇن قويۇپ باققان بولۇشى مۇمكىن.
— بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار.
— رودىنى مېنى تونۇيدۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن قارتا ئوينىغان.
— لېكىن، ئۇ سىزنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىڭىزنى بىل-مەيدۇ-دە.
— مېنىڭچىمۇ بىلمەيدۇ، لېكىن مەن جەزملەشتۈرەل-مەيمەن.
— ئەگەر ئۇ يېقىندىن بېرى نيۇيوركنىڭ گېزىتلىرد-نى ئوقۇمىغانلا بولسا ھازىرغىچە بىلمەسلىكى مۇمكىن. سىز رودىنىنىڭ سىزنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىڭىزنى بىر يەر-

لەردىن ئاڭلىغۇبىلىپ، ئاندىن ھېلىقى پور كۆتەككە ئېيتىپ بەرگەنلىكىدىن گۇمانلىنىۋاتامسىز؟ سىز ئۆزىڭىزگە سۇر-كەلگەن بۇ قارىنى ئاقلاشقا قارار قىلىپ بوپسىز-دە؟ شۇڭا، سىز ئادەم ئۆلگەن نەق مەيداندىن تارتىپ رودىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بۇ ۋاقىتقىچە ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ كېلىۋاتىسىز.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— لېكىن، مېنىڭ بۇ ئويلىرىمغا باشقىلارنى ئىشەندۇ-رۇش سەل تەسرەك. سىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارتىس ئى-كەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئارتىس، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان.

— فىرانكىسفوردىنىڭ تىياتىرخانىلار بىلەن قويۇق ئالا-قىسى بار. بەلكىم ئۇنىڭ ماڭا قەست قىلغان ھېلىقى ئارتىس بىلەن ئۆچ-ئاداۋىتى باردۇ. فىلىم ئىشلىگۈچىلەر بىلەن ئار-تىسلارنىڭ گېپى دائىم بىر يەردىن چىقمايدۇ......

— ئۇ فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن بىر ئوغ-رىنى قۇربانلىق قوي قىپتۇ-دە.

— مېنىڭ خىياللىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرمىسىڭىز قانداق؟

— مەن پەقەت ئۆزىمىز بىلىدىغان ئىشلارنى ئاساس قىل-غان ھالدا مۇلاھىزە قىلساق دەپ ئويلايمەن بورنى. ئۇ ئادەمنىڭ سىزنى قانداق تېپىۋالغانلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇ-ھىم ئىش ئۇنى قانداق تېپىش! سىز كۆرگەن ئۇ فىلىمنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— «ۋاستىچى» دېگەن فىلىم. ئۇنىڭدا شىركەتنىڭ

ئىشلىرى سۆزلەنگەن. يەنە ھېلىقىدەك ھەمجىنسلارنىڭ ئىشلىرىمۇ بارغۇ دەيمەن. جامۇس كارنىر بىلەن شون ۋېلسون باش رول ئالغان، فىلىمدە رول ئالغان يەنە ئىككى - ئۈچەيلەننىڭ ئىسمى ئېسىمدە بار، ئەمما ئۇلار مېنىڭ دوستۇم ئەمەس. بۇ فىلىم 1962- يىلى سۈرەتكە ئېلىنغان، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئوبزورچىسى بۇ فىلىمغا ۋەقەلىكى ئاددىي بولسىمۇ، ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىش ماھارىتى يۇقىرى دەپ باھا بەرگەن. بۇ خىل باھا كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغۇ دەيمەن.

— بۇنداق باھانى مەنمۇ كۆپ ئاڭلىمىغان.

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭغا تېلېفون دەپتىرىدىن پايدىلىنىشنى ئېيتتىم.

— بۇنداق قىلىشنى مەنمۇ ئويلىغان، سىنئالغۇ لېنتىسى ئىجارە بېرىدىغان شىركەتلەرگە تېلېفون بېرىپ، بۇ فىلىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپ باقساق بولىدۇ، بىراق ئۇلار بۇنداق ۋاقىتتا تىجارەت قىلمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئۇ مېنى زاڭلىق قىلغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، ئۇ فىلىمنىڭ قايسى قانالدا قويۇلغانلىقىنى سورىدى.

— توققۇزىنچى قانالدا.

— WPIX قانىلىدىما؟

— WORقانىلىدا.

— ھە راست، — دېدى ئۇ تېلېفون دەپتىرىنى يېپىۋېتىپ، — سىز شۇ فىلىمنىڭ لېنتىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ كېلىپ، ھېلىقى ئادەمنى قايتا كۆرۈپ باقايلى دېمەيۋاتقاندىسىز؟ چاقچاق قىلماڭ ھە.

— ئىشقىلىپ، پۈتۈنلەي چاقچاق ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا پۈتۈن ئارتىسلارنىڭ ئىد-
سىملىكى بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى
بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس ئادىمى بولىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟
— قەھۋە تۈگىمىگەندۇ بورنى؟
— مەن سىزگە قۇيۇپ بېرەي.

ئۇ بىرقانچە يەرگە تېلېفون قىلدى. WOR قانىلىدىكى-
لەر كىنو ھەۋەسكارلىرىنىڭ بۇنداق ئالىتاغىل سوئاللىرىغا
كۆنۈپ كەتكەن چېغى، تېلېفون ئۇرغانلارغا ئېرىنمەي چۈ-
شەندۈرەتتى، چۈنكى تاماشىبىنلارنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇ-
شۇنداق قالايمىقان گەپ سورايدىغانلاردىن ئىدى. ھەممەيلەن
تېلېفون بېرىپ نامى چىققان ئارتىسلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگى-
لەيتتى، ئەمما بىزنىڭ بۇ بۇرادىرىمىزگە ئوخشاش تاكسى
شوپۇرىنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئۇششاق ئارتىسلارنى سوراپ
ھېچكىم تېلېفون قىلمايتتى.

شۇنداقتىمۇ رۇن تېلېفون يېنىدا خېلى ئۇزاق ساقلاپ
ئولتۇردى، چۈنكى تېلېفونىست بىر خىزمەتدىشىنىڭ «ۋاسى-
تىچى» ناملىق فىلىمدە كىمنىڭ تاكسى شوپۇرىنىڭ رولىنى
ئالغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى، سەل ساقلاپ تۇرۇشىمىزنى
ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ بىلەرمەن خىزمەتدىشى سىرتقا ساندۇۋىچ
ئالغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. شۇڭا، رۇن ئۇ قايتىپ كىرگۈچە
تېلېفون ئالغان ئادەم بىلەن تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ۋا-
قىت ئۆتكۈزۈپ تۇردى. ئۇ كېلىپ تېلېفوننى ئالدى، بىراق ئۇ-
مۇ بۇ فىلىمنى تازا ئەسلىيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇن ئۇ-
نىڭغا پور كۆتەك تاكسى شوپۇرىنىڭ تەق - تۇرقىنى تەپسى-
لىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قال-

دىم، چۈنكى مەيلى كىنودا بولسۇن ياكى رېئاللىقتا بولسۇن، رون ئۇ پور كۆتەكنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئەمما هازىر ئۇ شۇنداق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، رون تېلېفونىستقا رەھمەت ئېيتىپ تېلېفوننى قويدى.

— ئۇ مېنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىمنى بىلدى، ئەمما، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلمىدى.

— ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ.

— بىراق، ئۇ فىلىمنى پارامون فىلىم شىركىتىنىڭ ئىشلىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بىلىۋالدى.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

لوس ئانجېلىس تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەش سۇپىسىدىكىلەر رونغا پارامون فىلىم شىركىتىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى. ئۇ يەرنىڭ ۋاقتى بۇ يەردىن ئۈچ سائەت ئىلگىرى بولغاچقا، ئۇلار تېخىچە ئىشتىن چۈشمىگەنىدى، ئەمما كۆپ ساندىكى خىزمەتچىلەر چۈشلۈك تاماققا چىقىپ كەتكەنىدى. رون خېلى كۆپ نومۇرغا تېلېفون قىلدى، بىرى مىنىڭ تەستە تېلېفوننى ئالدى. قارشى تەرەپنىڭ دېيىشىچە، 10 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن فىلىملەرنىڭ ئارتىسلار تىزىملىكى كونا ئارخىپ قىلىپ ئايرىۋېتىلىدىكەن، شۇڭا كىنوچىلىق سەنئىتى ۋە پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئىزدەپ بېقىشىمىز كېرەك ئىكەن. رون تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەش سۇپىسىغا تېلېفون بېرىپ، كىنوچىلىق سەنئىتى ۋە پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپتى. ئىنستىتۇتتىكىلەر شۇنداق ماتېرىيالنىڭ بارلىقىنى، ئەمما شۇ يەرگە بېرىپ ئۆزىمىزنىڭ تېپىۋېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. كىمۇ ماشىنا ھەيدەپ 3000 مىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

يىراقتىكى بىر جايغا باردۇ؟ بۇنىڭغا نەدىمۇ ۋاقىت بولسۇن!
رۇن قانچە قىلسىمۇ قارشى تەرەپ تېلېفوندا تەكشۈرۈپ بەر-
گىلى ئۇنىمىدى، ئاخىر رۇن ئۆزىنى بىر كىنو چولپىنى داۋىد
مىرىكنىڭ كاتىپى دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىنلا قارشى تە-
رەپنىڭ مۇئامىلىسى ئۆزگەردى. بۇ ئىسمىنىڭ رولى خېلىلا
چوڭ بولدى.

— ئۇ تەكشۈرگىلى چىقىپ كەتتى، — دېدى رۇن قولى
بىلەن تۇرۇپكا ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ.

— سىزنى تېخى يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدۇ دەپ يۈرۈپ-
تىمەن.

— بەزىدە ئادەم يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدى-
كەن.

— بۇنىڭ ئاشكارا يالغان ئېيتقاندىن نېمە پەرقى بول-
سۇن؟

— ئازراق پەرقى بار.

ئۇ يەنە گەپ قىلماقچى بولغانىدى، بىراق ئامېرىكا چوڭ
قورۇقلۇقىنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئۇ ئادەم تېلېفوندا سۆز-
لەپ قالدى. رۇن توختىماي «ھە، ھە» دېگىنىچە تېلېفون دەپ-
تىرىگە بىرنېمىلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ تېلېفوننى قويۇۋەت-
تى.

— قايسى شوپۇر؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— نېمە؟

— ئارتىسلارنىڭ تىزىملىكىدە ئىككى شوپۇر بار ئىكەن،
بىرى شوپۇر «ئا»، يەنە بىرى شوپۇر «ب» ئىكەن.

ئۇ بايا خاتىرىلىگەن تىزىملىككە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى.

— شوپۇر «ئا» پاۋىل كېسىگىل؛ شوپۇر «ب» ۋېسلى
بېررىل ئىكەن. بىز ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم قايسىسىدۇ؟

— ۋېسلى بېررىل.

— سىز بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغانمىتىڭىز؟

— ياق، ئۇ فىلىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا چىققان تاكسى شوپۇرى بولغاچقا، تىزىملىكتىمۇ ئىككىنچى ئورۇنغا تىزىلىدىكەن دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنىڭدەك ئارتىسلار كىنونىڭ ئاخىرىدا چىقماي، تۇگىگەندە مىننەتدارلىق سالىمى بەرگىلى چىقسا بولامتى؟

ئۇنىڭدىن تېلېفون دەپتىرىنى تالىشىپ ئېلىۋالدىم، مانخاتتون رايونىدا كېيىنكىل فامىلىسىدىكى ئادەم يوق ئىدى، بېررىل دېگەن ئىسىم ناھايىتى كۆپ، ئەمما ۋېسلى فامىلىسىدىكىلەرمۇ يوق ئىدى.

— تەخەللۇس ئىشلەتكەنمىدۇ يا؟ — دېدى رۇن.

— بۇنداق ئادەتتىكى ئارتىسلارنىڭ نەدىمۇ تەخەللۇسى بولسۇن!

— ھېچكىم ئادەتتىكى ئارتىس بولۇپ ئۆتۈپ كېتىشنى خالىمايدۇ، بولۇپمۇ بۇ كەسىپكە يېڭى قەدەم قويغاندا ياكى بولمىسا باشقا بىرەر ئارتىس بىلەن ئىسمى ئوخشىشىپ قالغان بولسا، ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— ئۇ تېلېفون نومۇرىنى تىزىملاتمىغان بولۇشى مۇمكىن، خانىش رايونىدا تۇرامدۇ تېخى......

— بىز ۋاقىت ئىسراپ قىلىۋاتىمىز، — دېدى ئۇ تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، — كىنو ئارتىسلىرى ئۇيۇشمىسىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئادرېسى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەش سۇپىسىغا تېلېفون بېرىپ، كىنو ئارتىسلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ نومۇرىنى سورىدى، ئۇ شۇ ئۇرغانچە ئۇن نەچچە نومۇرغا تېلېفون بەردى. ئۇ بۇ قېتىم داۋىد مىرىكنىڭ كاتىپى بولۇۋالدى، قارىغاندا بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۆرۈرىيىتى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ بىرنەچچە مىنۇت ساقلاپ چەمبەردىن نەچچىنى سىزىۋەتتى. مەن ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇنىڭغا تېلېفون دەپتىرىنى سۇندۇم. ئۇ دەپتەرنىڭ مۇقاۋىسىغا قالايمىقان جىجاشقا باشلىدى.

— ۋېسلى بېررىل ئىكەن، سىز توغرا دەپسىز.

— ئۇلار سىزگە بېررىلنىڭ تۇرقىنى دەپ بەردىمۇ؟

— ئۇنىڭ نيۇيوركتا ۋاستىچىسى بار ئىكەن. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ۋاستىچىسىنىڭ نومۇرىنى تاپالىدىم. كېيىنكىلىنىڭ ۋاستىچىسى ۋېلىيام مورىس، بېررىلنىڭ ۋاستىچىسى پېتېر ئېلىن مارتىن ئىكەن.

— مارتىن نيۇيوركتىمىكەن؟

— ياق، تېلېفون نومۇرى بەشتىن باشلىنىپتۇ، قارىغاندا ئۇ ئورىگون ئىشتاتىدا ئوخشايدۇ.

— مەن ئەزەلدىن ئارتىسلار بىلەن ۋاستىچىلارنى بىر رايوندا تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ئەسلىي شۇنداق بولسا بولاتتى، — دېدى ئۇ قارىشىمنى قوللاپ.

ئۇ يەنە بىر نومۇرغا تېلېفون قىلدى، بىردەم تىڭشىغاندىن كېيىن، دىمىقىنى قىرىپ قويۇپ قويۇۋەتتى.

— ئۇ بوگون ئۆيگە كەلمەيدىكەن. مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ سۆز قالدۇرۇش ئۈسكۈنىسى بار، بۇنداق نەرسىلەردىن خويمۇ زېرىكتىم.

— ھەمممممىز شۇنداق.

— ئەگەر مېنىڭمۇ ۋاستىچىم تېلېفوننى ئۆزى ئالماي، سۆز قالدۇرۇش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىدىغان بولسا، ئۇنداق ۋاستىچىنى چوقۇم ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولاتتىم.

— سىزنىڭمۇ ۋاستىچىڭىز بارمىتى؟

ئۇ قىزىرىپ كەتتى.

— بولغان بولسا دېمەكچىتىم، ئەگەر بىزدە قېزا بولغان بولسا، قېزا تۇخۇم قورۇمىسى قىلغان بولاتتۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە تۇخۇم بولۇشى كېرەك......

— توڭلاتقۇدا بىرنەچچە تال تۇخۇم بار.

— بورنى......

— بىلىمەن.

مەن تېلېفون دەپتىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. تېلېفون دەپتىرىدە ۋېسلى بېررىل دېگەن ئىسىم يوق ئىدى، لېكىن فامىلىسى بېررىل، ئىسمى ۋ ھەرپى بىلەن باشلانغان كىشىلەر بار ئىدى. ئالدىنقى ئىككىسىگە تېلېفون بەردىم، قارشى تەرەپ ماڭا ئۇ يەردە بېررىل ئىسىملىك ئادەم يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئۈچىنچى ۋە ئاخىرقى نومۇرغا تېلېفون بەرسەم تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. مېنىڭ ھېلىقى پور كۆتەك بۇرادىرىمنىڭ ئۆيى مانخاتتان رايونىدا ئەمەستەك قىلاتتى. تېلېفون دەپتىرىگە ئىسمىنى قىسقارتىپ تىزىملاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال ئىدى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلىشاتتى.

— بىز تىزىمغا ئېلىنمىغان نومۇرلاردىن ئىزدەپ باقامدۇق يا؟— دېدى رۇن تەكلىپ بېرىپ، — ئۇلارنىڭ ئۈچۈرى تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەش سۈپىتىدە بولىدۇ.

— ئارتىسلارمۇ تېلېفون نومۇرىنى تىزىملاتماي قالارمۇ؟ ئەگەر ئۇ تېلېفون نومۇرىنى تىزىملاتمىغانلا بولسا، بۇ ئۇچۇرلارنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدۇ.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا كاللىمىزنى ئۇپراتمايلى.

— شۇنداق.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالدۇق، بۇ ھەممىدىن مۇ-
ھىم ئىش ئىدى. ئەتە ئۇنىڭ ۋاستىچىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئادرېسىنى سوراپ باقايلى. قانداقلا بولمىسۇن ھازىر بىز ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى بىلىۋالدۇق. ئەگەر ساقچىلار ھازىر باستۇرۇپ كىرىپ قالسا، ئىككى سائەت ئىلگىرى كىرگىنىدىن ياخشىراق بولىدىغان بولدى، ئەمدى ھېلىقى پور كۆتەكنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىشتىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەلەيدىغان بولدۇم.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇلار مېنى ئوخشاشلا تۈرمىگە سولايدۇ، مېنىڭ نېمە دېيىشىمگە پىسەنت قىلمايدۇ، ئەمما ئەنسىرىمەڭ، ھېچكىم باستۇرۇپ كىرمەيدۇ، رون.

رون كوچىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر تاماقخانىدىن ساندىۋىچ ۋە قەھۋە ئېلىپ كىردى. ھاراق ساتىدىغان دۇكانلارنى تېخى تاقىمىغانىدى، ئۇ «ئەپەندى» ماركىلىق ۋىسكىمۇ ئالغاچ كە-
رىپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ھاراق ئالغاچ كىرىشنى ئېيتقانىدىم. ئۇ مەن بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى ئېلىپ كىرگەنىدى، لېكىن مەن ھاراق ئىچمىدىم. تاماق يېگەچ بىر بوتۇلكا پىۋىنى ئىچىملىك ئورنىدا ئىچتىم، ۋىسكىغا چېقىلمىدىم.

تاماقتىن كېيىن بىز كىرېسلودا قەھۋە ئىچىشتۇق. ئۇ قەھۋەسىگە ۋىسكى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچتى، ئەمما مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ئۇ ئوغرىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئۇسكۇنىلىرىمنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتى، ھەممىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇ ئۇسكۇنىلەرنى بىردىن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىس-
مى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى سوراپ چىقتى.

— بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرسە قانۇنغا خىلاپ، شۇن-داقمۇ؟
— مۇشۇ سەۋەبتىن تۈرمىدە ياتىدىغان گەپ.
— بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا قايسى ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەنىدىڭىز؟
مەن ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىش جەريانىنى دەپ بەردىم.
— خېلى مۇرەككەپ ئىكەن، قۇلۇپ ئېچىشنى سىزگە كىم ئۆگەتكەن؟ — دېدى ئۇ يېنىك سىلكىنىپ قويۇپ.
— ئۆزۈم ئۆگىنىۋالغان.
— راستىما؟
— ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ئاۋۋال قۇلۇپ ئېچىشقا ئالاقىدار بىرقانچە كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم، ئاندىن ئوخايو ئىشتاتىدىكى بىر مەكتەپتە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇدۇم. بىلەمسىز؟ پەقەت ئوغرىلارلا ئاشۇنداق دەرسلەرنى ئۆ-گىنىدۇ. تۈرمىدە بىر ئادەمنى تونۇيتتىم، ئۇمۇ ئالىي مەكتەپ-نى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇپ، قۇلۇپ ئېچىشنى ئۆگەنگەن، مەكتەپ ئۇنىڭغا ھەر ئايدا بىر قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپ ئېچىش ماتېرىياللىرىنى ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئۇ تۈرمىدە ھەر كۈنى بىرقانچە سائەت مەشىق قىلاتتى.
— تۈرمە باشقۇرىدىغانلارنىڭ كارى بولمامتى؟
— ئۇلار ئۇنى ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى، تۈر-مىدە بۇنداق ئىشنى بەك قوللايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئوغرىلىق ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋاتىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئىل-گىرى ماي قاچىلاش پونكىتىغا ئوغرىلىققا چۈشكەن بولسا، ئۆگىنىپ ۋايىغا يەتكەندىن كېيىن چوڭراق ئىشلارنى قىلىد-شى مۇمكىن.

— ئوغرىلىق قىلسا ئاسان پۇل تاپقىلى بولامدىكىن دەي-مەن.

— ئادەتتە شۇنداق بولىدۇ، بىراق ھەممىدىن مۇھىمى، زوراۋانلىق ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىكتە. سىز باشقى-لارغا قارىتىپ ئوق چىقارمىسىڭىزلا، بۇ بىرقەدەر بىخەتەر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئۆيدە ئادەم بولمىغان ۋا-قىتتا.

— ھېلىقى دوستىڭىز دەرسلەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ قۇ-لۇپ ئېچىش مۇتەخەسسىسى بولۇپ كەتتىمۇ؟

مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم.

— ئۇنىڭ دەرسلەرنى ئۆگىنىپ بولغانلىقىنىلا بىلى-مەن، مۇتەخەسسىسكە ئايلىنىپ كەتكىنىنى بىلمەيدىكەن-مەن. مەيلى قانداق شەكىلدە ئوقۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆگى-نىشتە ئادەم يەنىلا ئۆزىگە تايىنىدۇ.

— سىز قول چېۋەر بولۇشى كېرەك دېمەكچىمۇ؟

بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى.

— بىر جۈپ قول ۋە يۈرەك بولۇشى كېرەك. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، 12 ياشقا كىرگەندە ئۇستا كۆرمەيمۇ مۇنچا ئىشكىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچالايدىغان بولغانىدىم. بۇنداق ئى-شىكنى ئىچىدە تۇرۇپ ئاچقىلى بولىدۇ، سىرتىدىن ئاچقىلى بولمايدۇ. مەيلى سىز تەرەت قاچىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇڭ ياكى ۋاننىدا يېتىڭ، سىرتتىكى ئادەم تازىلىق ئۆيىگە كىرەلمەيدۇ. ئەگەر سىز قۇلۇپنى تەتۈر قۇلۇپلاپ قويسىڭىز، تازىلىق ئۆ-يىنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالىسىز.

— مېنىڭ سىڭلىم دائىم شۇنداق ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇ مۇنچىنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالسىلا ئاۋازىنىڭ بارىچە يىغ-لايتتى. چۈنكى، ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تولغاشنى بىل-

مەيتتى. بۇنداق ئىشكنى ئىچىدىنلا ئاچقىلى بولغان بىلەن، سىرتتا تۇرۇپ ئامال قىلغىلى بولمايتتى. ئانام دائىم ئوت ئۆ-چۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرگە تېلېفون بېرەتتى، ئۇلار ئىشىكنى بۇزۇپ ئېچىپ، سىڭلىمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقاتتى. نېمىگە كۈلىسىز؟ ئەسلىي سىز ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى بولسىڭىز بولاتتىكەن، بىراق سىز ئوغرى بولۇشقا بەل باغلاپسىز ئەمەس-مۇ.

— مەن پەقەت قۇلۇپنى قانداق ئېچىش ئۈستىدە ئىزدەن-دىم. دەسلىپىدە ئەتۈركىنى قۇلۇپنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئاچ-تىم، ئەتۈركىنىڭ ئىلاستىكلىقى ياخشى بولمىغاچقا، كې-يىن سولياۋ كارتا ئىشلىتىدىغان بولدۇم، ھېلىقى كوچىلاردا ساتىدىغان، پورتمانغا سالغىلى بولىدىغان، ئىشلىتىشكە قو-لايلىق كارتىنى دەيمەن. ئەمما، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ قانۇنىيىتىد-نى بىلمىگەچكە، قۇلۇپ ئاچقۇچتىن پايدىلىنىپ قۇلۇپ ئاچاتتىم.

— قۇلۇپ ئاچقۇچ؟

— ئۆزۈم سولياۋ پارچىسىدىن ياسىۋالغان ئۈسكۈنە. ئە-گەر سىز ئاچقۇچ ئىشلەتمەيمۇ تاقىغىلى بولىدىغان قۇلۇپنى ئۆچۈرتىپ قالسىڭىز يەنى ھېلىقىدەك ئىشىكنى ياپسىڭىزلا تاقىلىدىغان قۇلۇپنى دەيمەن، ئاشۇنداق سولياۋ پارچىسىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق قۇلۇپنى ئېچىشنىڭ ئاسان يا-كى ئاسان ئەمەسلىكىنى ئىشىكنىڭ رامكىسى بىلەن قۇلۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بەلگىلەيدۇ، ئەمما يەنىلا بىر ئامال قىلىپ ئاچقىلى بولىدۇ.

— بەك قىزىقارلىق ئىكەن.

ئۇ يەنە يەڭگىل تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى قۇلۇپ ئاچقان كەچۈرمىشلىرىمنى ۋە قۇلۇپ ئېچىلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن قانچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيت-تىپ بەردىم، ئۇمۇ دېگەنلىرىمگە قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭغا يە-نە قوشنامنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم ئوغرىلىققا كىرگەن ئىشنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بىر چۈشتىن كېيىن بولۇپ، ئۇ-لارنىڭ ئۆيىدە ئادەم يوق ئىدى، مەن توڭلاتقۇدىن مۇزلىتىلغان گۆش پارچىسى، تارتمىلاردىن بىرنەچچە پارچە بولكا ئېلىپ ساندىۋىچ ياسىدىم، ئاندىن مەززە قىلىپ يەپ بولغاندىن كې-يىن، ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىدىم.

— مۇھىمى، سىز ئىشىكنى ئېچىپ كىرەلىدىڭىز-دە.

— شۇنداق.

— شۇنداق قىلىپ، ئوغرىلىق قىلىشقا باشلىدىڭىز؟

— بۇنى ئاشۇ قېتىملىق ساندىۋىچ ئوغرىلاش ئوغرىلىق قىلىشقا ھېساب بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىغا قارايمىز. شۇ ئىش بولۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي رەسمىي ئوغرىلىققا كىرىش-تىم. ئۆيگە كىرىپ بولۇپ پۇلنى ئالماي چىقىپ كەتسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ قاملاشمىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. قولۇپ ئېچىش شۇنداق كۆڭۈللۈك بىر ئىش، ئەمما ئۆينىڭ ئىچىدىكى مال-دۇنيا سىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋېتىدۇ.

— ئۇنداقتا خېيىم-خەتەرچۇ؟

— بۇمۇ ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر ئىش.

— بورنى، بۇنىڭ نەرى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ؟

— ئوغرى بولۇشنى دەۋاتامسىز؟

— شۇنداق.

چىرايىدىن ئۇنىڭ بۇ سوئالنى ئەستايىدىللىق بىلەن سوراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، يەنى ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا، لەۋلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانى-

ـدى. مـەن قولۇمنـى ئۇنـىڭ يوتـىسـىغـا قـويدۇم، ئۇنىڭ يوتـىسـى خۇددى چىڭ تارتىلغان تاردەك يەڭگىل تىترىدى.
— ماڭا قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىڭىزنى ئېيت-تىپ بېرىڭ.
قولۇم ئۇنىڭ يوتىسى ئۈستىدە ھەرىكەتلىنىشكە باشلى-دى.
— ناھايىتى يەيزى بولىدۇ.
— سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى بىلدىڭىز، سىز ماڭا باشقىلارنىڭ ئەشكىنى ئېچىپ كىرگەندە قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ.
— بەك ھاياجانلىنىپ كېتىمەن.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ لېۋىنى يەڭگىل يالاپ قويۇپ، — قورقامسىز؟
— ئازراق.
— ئەلۋەتتە قورقىسىز، لېكىن ناھايىتى ھاياجانلىق شۇنداقمۇ؟ بۇ...... بۇ...... خۇددى ئاياللار بىلەن بىللە بولغاندا ئوخشاپ قالامدۇ؟
— بۇ سىزنىڭ كىرمەكچى بولغان ئۆيدىن قانداق ئادەمنى ئىزدىگىنىڭىزگە باغلىق، — دېدىم چاقچاق قىلىپ، — چاق-چاق قىلىپ قويدۇم. ئۇ خىل ھاياجان ئاياللار بىلەن بىللە بولغاندىكى ھاياجانغىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ بىر خىل ئابستراكت ھېسسىيات، شۇنداقمۇ؟
ئۇنىڭ يوتىسى ئۈستىدىكى قولۇم پەقەتلا جىم تۇرمىدى. قولۇم پارىڭىمىز ئەگىشىپ ئۇيان - بۇيان يورغىلايتتى.
— قولۇپ ئىلمىكى مۇۋاپىق ئورۇنغا كەلگەندىلا...... — قولۇم ھەرىكەتلەنمەكتە، — ئۇياق - بۇياقتا ھەرىكەتلەندۈرۈپ قۇلۇپنى ئاچىمىز، ئاندىن ئاستا - ئاستا ئۆي ئىچىگە كىرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاندىنچۇ؟

— بەزى قوپال ئوغرىلارمۇ بار، ئۇلار قۇلۇپنى بۇزۇپ ئا-چىدۇ ياكى ئىشىكنى تېپىپ ئاچىدۇ. ئۇنداق ئوغرىلار مەندەك يالغۇز ھەرىكەت قىلىدىغان ئوغرىلارغا ئوخشمايدۇ.

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سىز ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟

— شۇنداقراق.

ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى كۆك رەڭگە ئۆزگەردى، كۆزلىرى غۇبارسىز ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ يۈزىنى ئۆزۈمە-گە قارىتىپ، يۈزىگە يېنىككىنە بىرنى سۆيۈپ قويدۇم.

— سىز بىلىسىز، — دېدىم.

— نېمە؟

— ئىككى سائەتتىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرىسىز.

مەن بۇنى بىكارغىلا دېمىگەنىدىم. ئۇ تېلېفوندا گەپ قى-لىشقا بەكلا ئۇستا ئىدى، ئۇ ئەتىلا ۋىسلى بېررىلىنىڭ ۋاسى-تىچىسىدىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئەتىگىچە ساقلاشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئۇ ۋاستىچى بېررىلىغا دەپ قويارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەگەر ئۇ ۋاستىچى بۇ ئىش بىلەن ئالاقىدار بولسا، رونغا بېررىلىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بېرەمتى؟

باشقا نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پېتېر ئىبلىن مارتىنىنىڭ ئىشخانىسى ئالتىنچى چوڭ يول بىلەن 16- كوچا كېسىشىدى-غان جايدىكى بىنادا ئىكەن. ئۇ ئىشتىن چۈشكەندە ئۇ يەرگە بېرىپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىم، ئۇ يەردىن بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھېچبولمىغاندا بېررىلىنىڭ

ئادرېسىنى بىلىۋالالايتتىم.

— بىراق، سىرتقا چىقىسىڭىز باشقىلار كۆرۈپ قالامدۇ؟— دېدى رۇن،

— باشقىچە ياسىنىۋالسام بولىدۇ.

ئۇنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى.

— ئۇنداقتا بىز گىرىم قىلىۋالايلى، رودىنى گىرىم بۇيۇملىرى قالدۇرۇپ قويغانمىدۇ؟ سىزگە گىرىم قىلىپ قوياي، ئالدى بىلەن بۇرۇت چاپلاپ قوياي.

— بۇگۇن چۈشتىن كېيىن ئۆزۈممۇ بۇرۇت قويۇۋالغانىدىم، ئەمما ئۇنۇمى تازا ياخشى بولمىدى. ئادەم گىرىم قىلىۋالسا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ بەك تارتىۋالىدىكەن، سىز ساقلاپ تۇرۇڭ.

كىيىم ئىشكاپىدىن ھېلىقى يالغان چاچ بىلەن شەپكىنى ئېلىپ چىقىپ، مۇنچىدا ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈۋالدىم، ئاندىن رۇننىڭ قېشىغا چىقتىم. ئۇ مەمنۇن بولۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. مەن بىلىمىنى ئېگىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىمىدىم، يالغان چاچ بىلەن شەپكەم ئالدىمغا چۈشتى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇنىڭ كۈلگۈدەك نېمىسى بار؟

— ۋاي تەڭرىم! بەك قىزىق بولدى. ئەگەر ئىككى تال چاچ قىسقۇچ بولغان بولسا بۇنداق بولماس ئىدى. چېچىڭىز كوچىدا چۈشۈپ قالسا بەك سەت ئىش بولىدۇ جۇمۇ.

ئۇنىڭغا ئالدىنقى كۈنى ئاخشام ئۆزۈمنىڭ سىرتقا چىقىپ كىرگىنىمنى ئېيتاي دەپ ئويلىدىم، يەنە تۇرۇپلا ھازىر دېسەم سەل قاملاشمايدىغاندەك ھېس قىلدىم.

بىز تەخمىنەن سائەت توققۇز ئەتراپىدا سىرتقا چىقتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يانچۇقۇمدا ھېلىقى ئۇسكۇنىلىرىم بىلەن سولياۋ پەلەيدىن باشقا، يەنە دورا ساندۇقىدىن تېپىۋالغان بىر ئورام پىلاستىر بار ئىدى. مەن دېرىزىنى چېقىشنى ئويلاشمىدىم، لېكىن مەن مارتىننىڭ ئىشخانىسىغا بىرىپ باقمىغان، شۇڭا ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. پىلاستىرنى يېنىمغا سېلىۋالسام ئىشلار تېخىمۇ قولايلىشاتتى. رۇن سومكىسىدىن ئىككى تال چاچ قىسقۇچ تېپىپ، بېشىمدىكى يالغان چاچنى قىستۇرۇپ قويدى. ئەمدى خالىغانچە ئېگىلىپ يۈرسەممۇ چۈشۈپ كەتمەيتتى. ئۇ ئەسلىي يىڭنىمىخ تېپىپ چاچ بىلەن شەپكىنى ئىلىپ قويماقچى ئىدى، لېكىن مەن «مۇشۇ يېتەرلىك بولىدى» دەپ تۇرۇۋالدىم.

ئىشكتىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رودىننىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئۈچ قۇلۇپنىڭ ھەممىسىنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن، ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم. ئۇ ئاچقۇچنى پورتمانىغا سېلىشتىن بۇرۇن بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— سىز بۇ قۇلۇپلارنى ئاچقۇچ ئىشلەتمەيمۇ ئاچالايسىزغۇ؟

— مېنىڭ قولۇمدىن خېلى ئىش كېلىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق.

مارتىننىڭ ئىشخانىسىغا بارىدىغان يولدا بىزگە ھېچكىم ئۇچرىمىدى. سىرتنىڭ ھاۋاسى شۇنداق سالقىن ئىدى، ھاۋا ئاخشامقىدىن ئىللىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭغا بۇ تەسىراتىمنى دەپ سالغىلى تاسلا قالدىم، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ مېنى سىرتقا چىقماڭ دېگىنى ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتىم. ئۇ مەندىن:

— ئۆيدىن ئىككى كۈن چىقماي، ئەمدى چىقسىڭىز شۇنداق راھەت تۇيۇلۇپ كەتكەندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، بەك راھەت ھېس قىلدىم.

— پۈتۈن شەھەردىكى ساقچىلار سىزنى ئىزدەۋاتقان تۇر-
سا، بۇنداق كوچىدا مېڭىپ يۈرسىڭىز، ھەقاچان تازا ئەنسىرە-
ۋاتقانسىز؟

— شۇنداق، ئازراق ئەنسىرەۋاتىمەن، ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇ-
ۋالالايمەن.

ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋالدى، بىز شەرقىي شىمال تەرەپكە قا-
راپ مېڭىپ كەتتۇق. يېنىمدا ئۇ بولغاچقا ئۆزۈمنى تېخىمۇ
بىخەتەر ھېس قىلىدىم. بىز بىر جۈپ ئەر-ئايالدەك كوچىدا
قول تۇتۇشۇپ مېڭىپ يۈرسەك، بىرسى مېنى كۆرگەن تەق-
دىردىمۇ قاچقۇن جىنايەتچى ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەيتتى.
دەسلەپتە ئۇمۇ سەل جىددىيلەشتى، ئەمما ئىككى كوچىدىن
ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— ئىككىمىز ھېلىقى ۋاستىچىنىڭ ئىشخانىسىغا قا-
چان كىرەرمىز؟ تاقىتىم تاق بولدى، — دېدى رۇن.

— «ئىككىمىز» دېگىنىڭىز نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ، قە-
دىرلىكىم؟

— بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا يەنە كىم بار؟

— بولمايدۇ. مەن دېگەن بىر ئوغرى، سىز مېنىڭ ئى-
شەنچلىك ھەمراھىم. شۇڭا، سىز سىرتتا كۆزەتتە تۇرۇپ بې-
رىڭ.

ئۇ ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ قويدى.

— كۆڭۈللۈك ئىشنىڭ ھەممىسىنى سىزلا قىلامسىز؟

— مەن دېگەن ئىككىمىزنىڭ باشلىقى.

— ئىككى ئادەم بىر بولسا، بىر ئادەم يالغۇز ئىشلىگەن-
دىن ياخشى بولىدۇ، بورنى. تۆت قول ھامان ئىككى قولدىن
چېۋەر بولىدۇ. مارتىننىڭ ئىشخانىسىغا بىللە كىرسەك،
ئىشنى تېخىمۇ تېز پۈتكۈزەلەيمىز.

ئۇنىڭغا ئادەم كۆپ بولسا ئىشنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۇردۇم. ئالتىنچى چوڭ يول بىلەن 16- كوچا كېسىشىدىغان جايغا كەلگەندىمۇ ئۇ توختىماي قارشىلىق بىلدۈردى. مارتىننىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئورنىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، يان ئۇدۇلدا قەھۋەخانا بارلىقىنى كۆردۇم.

— سىز مېنى قەھۋەخانىدا ساقلاڭ، قەھۋە ئىچكەچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

— مېنىڭ قەھۋە ئىچكۈم يوق.

— ئەنگلىيە قوتۇرمىچى يېسىڭىز بەلكىم قەھۋە ئىچكۈڭىز كېلىپ قالار.

— قورسىقىم ئاچمىدى.

— ئۇنداق بولسا، دانىيە قارىئۆرۈكىدىن تېتىپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ قارىئۆرۈكىنىڭ خېلى نامى بار.

— راستىما؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن. سىز دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ماڭا كۆزەتچى بولۇپ بېرىڭ. ئۈستەلدىكى چىراغنى بىر قېتىم ياقسىڭىز ئۇدۇلدىن ماڭىمەن، ئىككى قېتىم ياقسىڭىز باشقا يولدىن ماڭىمەن. سىز دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مېنى ساقلاڭ، بولامدۇ؟

— بىلدىم. سىز نېمانداق جاھىل؟

— ئوغرىلىق قىلغاندا مۇشۇنداق جاھىل بولۇپ قالىمەن، باشقا چاغلاردا ئۇنداق ئەمەس.

— شۇنداقمۇ؟

ئۆزۈمنى بۇنچە يەڭگىل ھېس قىلىۋاتقىنىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. ئۆزئارا مەدەت تىلەش يوسۇنىدا ئۇنى سۆيۈپ قويدۇم، ئاندىن ئۇنى قەھۋەخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئىشىمغا تۇتۇش قىلدىم.

## 10

بۇ بىنا ئون نەچچە قەۋەت كېلىدىكەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ-نى لايىھەلىگەن ئىنژېنېر ئۇنى ئەڭ ئېگىز بىنا دەپ ھېساب-لىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ بىنا بەكلا كونا ئىدى. ئۇ-زاق يىل مابەينىدە رەڭگى ئۆڭۈپ، ئەسلىدىكى ئاق رەڭگى سار-غىيىپ كەتكەنىدى. ھازىرقى قۇرۇلۇشلار بۇنداق پاسوندا سې-لىنمايدۇ. ئويلاپ باقسام، بۇنىڭمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق ئىكەن.

مەن بىر كوچا يىراقتا تۇرۇپ بىنانى كۆزەتتىم، ئەتراپتا ئىشىمغا پۇتلىكاشاڭ بولغۇدەك نەرسىلەر يوقتەك قىلاتتى. كوچىنىڭ يېنىدىكى خىزمەت بىناسىنىڭ چىراغلىرى ئاسا-سەن دېگۇدەك ئۆچۈپ بولغانىدى، پەقەت بىرقانچە ئىشخانىلا يورۇق تۇراتتى. ئادۋوكاتلار، بوغالتىرلىق ئورنىدىكىلەر خېلى كەچ ئىشتىن چۈشىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تازىلىق ئىشچى-لىرىمۇ ئۈستەللەرنى سۈرتۈپ، ئەخلەت ساندۇقلىرىنى پاكىز-لاپ، پوللارنى پاكىز سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن ئىشتىن چۈ-شەلەيدۇ. قوڭۇر رەڭلىك خىزمەت فورمىسى كىيىۋالغان، چاچلىرى ئاقارغان بىر قارا تەنلىك كۆزەتچى مەرمەر تاش ياتـ-قۇزۇلغان زالدا ئۆزى يالغۇز گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. مەن بىرنەچچە مىنۇت قاراپ تۇردۇم، ھېچكىم بىناغا كىرمىدى، لېكىن بىرسى لىفتتىن چىقىپ كۆزەتچىنىڭ ئۈستىلى ئالدىدىن ئۆتۈپ بىنادىن چىقتى-دە، 60-كوچا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كوچا دوقمۇشىدىكى تېلېفون بوتكىسىغا كىردىم، بوتـ ـكىنىڭ ئىچى سېسىق پۇراپ كەتكەنىدى، بوتكا ئىچىدىكى پۇـ راق بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، پېتېر ئېلىن مارتىنىـ ـنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلدىم، سۆز قالدۇرغۇچنىڭ ئاـ ۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. مەن يەتـ ـتە سېكۇنت ئىچىدە تېلېفوننى قويۇۋەتكەچكە، مېنىڭ تېخى 10 سىنتتەك پۇلۇم ئېشىپ قالدى. ئەگەر مەن تۇرۇپكىنى سەككىز سېكۇنت تۇتۇپ تۇرغان بولسام، بۇ 10 سىنت تېلېـ ـفون شىركىتىگە تەۋە بولۇپ كېتەتتى.

يېشىل چىراغ يورۇشى بىلەن يولنىڭ قارشى تەرىپىگە تېزلىك بىلەن ئۆتۈۋالدىم. كۆزەتچى ئايالنىمۇ ئىشكتىن كىـ ـرىپ كېتىۋاتقىنىمغا ئانچە پەرۋا قىلمىدى. كۆلۈمسىرىگىـ ـنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم، شۇ ئارىلىقتا چاققانلىق بىلەن تامدىكى شىركەتلەرنىڭ تىزىملىكىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ئۈلـ ـگۈردۈم. ئۇ ئالدىدىكى تىزىملاش دەپتىرىنى ماڭا كۆرسەتتى، بىر قىسقا قېرىنداش بىلەن ئىسمىم يازىدىغان ئورۇنغا T. J بولىۋېر دەپ يازدىم، شىركەت نامىنى بولسا خېبرىل شىركىـ ـتى، ئۆي نومۇرىنى 441، ۋاقىتنى سائەت 9 دىن 25 مىنۇت دەپ يېزىپ قويدۇم. مېنىڭچە، ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى شۇ پېتى يېزىپ قويساممۇ بۇ بوۋاي دىققەت قىلمايدىغاندەك قىلدى. ئۇنى بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئىمزاسىنى يىغىدۇ دېـ ـيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ بۇ يەردە بىكار تەلەپلەرنى توسۇش ئۈـ چۈنلا ئولتۇرىدۇ. بۇ 15 قەۋەتلىك بىنادا ئىشخانىنى ئۇزاقراق ئىجارە ئالىدىغانلارنىڭ نىسبىتى 30 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ يەردە سودا مەخپىيەتلىكى دېگەندەك ئىشلار مەۋجۇت ئەـ ـمەس. بۇ بوۋاي سىرتتىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ بىنا ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشىنى توسىدۇ. ئۇ مۇشۇ جايدا تۇرۇپ ئىشخانىدىـ

كىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان نابورچىكلارنى توسۇپ، غوجىلىق بۆلۈمىدىكىلەردىن ئازراق مائاش ئالىدۇ شۇ.
بىنانىڭ كونا لىفىتىغا بىرەر نائۇستا رېمونتچىنىڭ قولى تەگكەندەك تۇراتتى، لىفىت ئېسىپ قويۇلغان كونا سانـ دۇقتا ئوخشاش توختىماي پۇلاڭلايتتى، تۆتىنچى قەۋەتكە شۇنـ داق ئۇزاقتا چىقتىم. مارتىننىڭ ئىشخانىسى ئالتىنچى قەـ ۋەتتە ئىدى، زالدىكى بوۋاينىڭ قولىدىكى گېزىتىنىڭ مەردىن كېچىپ، مېنىڭ قانچىنچى قەۋەتكە چىقىدىغانلىقىمغا قاراپ ئولتۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ئۇسۇلۇم بىلەن ئىش كۆرۈشۇم كېرەك ئىدى. پەلەمپەي بىلەن ئىككى قەۋەت يۇقىرىغا چىقتىم ـ دە، ئايلانما كارىدورنىڭ يەنە بىر چېتىدىن مارتىننىڭ ئىشخانىـ سىنى تاپتىم. يول بويى پەقەت ئىككى ئىشخانىنىڭلا چىرىغى يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆردۇم، بىرى بوغالتىر ئىشخانىسىـ نىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ئىكەن، يەنە بىرى «چەكسىز دۆـ لەت» نامىدىكى شىركەت ئىدى. بوغالتىر ئىشخانىسى جىمـ جىت ئىدى، ئەمما يەنە بىر شىركەتنىڭ ئىشخانىسىدىن كىـ لاسسىك مۇزىكىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى، بۇ مۇزىكا ۋىۋالدىـ نىڭ مۇزىكىسىغۇ دەيمەن. يەنە بىر قىزنىڭ گەپ قىلغان ئاـ ۋازى غۇۋا ئاڭلاندى.
— ئۇنىڭغا يەنە ئۆگىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئېيتقاندىم، نەتىجىدە ئۇ نېمە دېدى بىلەمسىز؟ بۇنىڭغا ھەرـ گىزمۇ ئىشەنمەيسىز......
پېتىر ئېلىس مارتىننىڭ ئىشخانىسىنىڭ سىرتىغا خىرە ئەينەك ئورنىتىلغان بولۇپ، ئەينەك ئۈستىدىكى ئېرەن يوپۇرمىقى شەكلىدىكى رامكا ئىچىگە ئۇنىڭ ئىسمى، ئاستىغا «كىنو ـ فىلىم شىركىتى» دەپ يېزىلغانىدى. خەتلەرنىڭ ئالـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇن رەڭگى ئۆڭۈپ، قايتىدىن رەڭ بەرگۈدەك دەرىجىگە كې-
لىپ قالغانىدى. بۇ ئىشخانىلا ئەمەس، پۈتۈن بىنانى قايتىدىن
زىننەتلىگۈدەك بولۇپ قالغانىدى. بىنانىڭ سىرتىدىن قارىسا
بۇرۇنقى كۆركەملىكىنى يوقاتمىغان بىلەن، ئىچىنىڭ تىلغا
ئالغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

ئىشخانىنىڭ ئىشىكىگە پۇرژىنىلىق ئۇسكۇنە ۋە بىر
تۇتقۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، كىرگەن ئادەم قولۇپقا ئاچقۇچنى
سېلىپ پۇرژىنىنى قاڭقىتىپ چىقارغاندىن كېيىن، تۇت-
قۇچنى قايرىپ ئېچىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا ئەقلىم يەت-
مىدى، بۇ خۇددى قۇشنى قاشا ياساپ باققاندەك بىر ئىش-دە،
ھەرقانچە دۆت ئادەم بولسىمۇ ئەينەكنى چېقىپ كىرىشنى بى-
لەر. يەنە كېلىپ يانچۇقۇمدا بىر ئورام پىلاستىر بار، ئۇنى ئەي-
نەككە چاپلاپ قويسام، چېقىلغان ئاۋازنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە
چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

ئەمما، دېرىزىنى چاقسام ئۈستىدە يەنە پىلاستىرنىڭ ئى-
زى قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كىرگەنلىكىم چېنىپ
قالىدۇ. مەن يا ئوغرىلىق قىلغىلى كەلمىسەم، بۇ يەرگە كەل-
گىنىمنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويمىغىنىم ياخشى. شۇنىڭ
بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشنى ئويلاشتىم، بۇنىڭغىمۇ
ئانچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمىدى.

قۇلۇپنىڭ پۇرژىنىسىنى چىقىرىۋەتتىم، بۇنىڭ بىلەن
تۆمۈر ياپراقچىسىنى ئىچىگە سېلىش تېخىمۇ ئاسانغا چۈش-
تى. ئىشىك بىلەن قۇلۇپنىڭ ئارىسىدا تۆت سوڭ ئارىلىق بار
ئىدى، كىچىك بالىمۇ ئۆيدە ئىشلىتىدىغان نېپىز پىچاق بى-
لەنلا ئىشىكنى ئېچىۋېتەلەيتتى.

ئىشىك تۇتقۇچىنى تولغاپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىد-
ۋاتقاندا شۇنداق ھاياجانلاندىم. مۇشۇ چاغدا رونىنىڭ «زادى قاد-

داق ھېسسىياتتا بولىسىز بورنى؟» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ قالدىم.

ئىشىكنى يېپىپ، قايتىدىن قولۇپ سېلىۋەتتىم. ياتـ چۇقۇمدا قولچىراغ بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۆيدىكى يالتىراق چىراغنى ياندۇردۇم. ئەگەر قولچىراغنىڭ ئۇياق بۇياققا يورۇۋاتقانلىقىنى سىرتتىكىلەر كۆرۈپ قالسا، گۇمانلىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، چىراغنى ياندۇرۇپ قويسام، باشقىلار ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەۋاتقان بولسا چىرىغىنى ئۆچۈرمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى.

ئىشخانا ئىچىنى تېزلىكتە چۆرگۈلەپ چىقتىم. ئىشخانىدا ياغاچتىن ياسالغان بىر كونا خىزمەت ئۈستىلى ۋە پولاتتىن ياسالغان بىر كۆك رەڭلىك يېزىقچىلىق ئۈستىلى بولۇپ، يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە بىر دانە خەت ئۇرۇش ماشىنىسى تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ئۈستەل، ئىككى دانە ئورۇندۇق بار ئىدى. ئۆي ئىچىدە جەسەت بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقتىم، ئاندىن دېرىزە يېنىغا كېلىپ سىرتقا نەزەر سالدىم. دېرىزىدىن سىرتتىكى قەھۋەخانا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەمما ئىچىنى كۆرگىلى بولمايتتى، تۇرۇپلا «رون دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغانمىدۇ؟ مەن تەرەپكە قاراۋاتقانمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم.

سائىتىمگە قارىۋىدىم، 9 دىن 36 مىنۇت ئۆتۈپتۇ.

مارتىنىنىڭ ئىشخانىسى ھەم كونا، ھەم قالايمىقان ئىدى. بىر تامنىڭ ھەممە يېرىگە قېنىق قوڭۇر رەڭلىك پورۇپكىلار چاپلىنىپتۇ، بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ نائۈستىنىڭ قولىدىن چىققىنى چىقىپ تۇراتتى. ئۈستىگە باسما مىخ بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەر خىل سۈرەتلەر چاپلانغان بولۇپ، كۆپ قىسمى يالىڭاچ ئاياللارنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى. كۆپىنچىسىد-

نىڭ يوتىسى ئۇچۇق، بەزىلىرىنىڭ كۆكسى ئۇچۇق ئىدى، سۈرەتتىكى ئاياللار ھاياسىزلارچە كۈلۈپ تۇراتتى. پېتېر ئې-لىن مارتىننىڭ ئۈستىلى ئالدىدا بۇنداق رەسىملەرگە قاراپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۆكۈندۈم.

كۆكسى ۋە يوتىسى ئۇچۇق ئاياللارنىڭ سۈرەتلىرى ئارد-سىدا ئىككى ئەر كىشىنىڭ رەسىمى تۇراتتى، ئەمما ئۇلار مەن ئىزدەيدىغان پور كۆتەك ئەمەس ئىدى.

ئۈستەل ئۈستىدىكى كۈنۈپكىسى ئاق تېلېفوننىڭ يېنىد-دا بىرمۇنچە تېلېفون نومۇرى ۋە ئىسىم - فامىلە خاتىرىلەن-گەن كارتوچكىلار تۇراتتى. قالايمىقان ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ۋېس-لى بېررىلنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى تاپتىم. ئىزدىگەن نەرسەمنى تېپىۋالغان بولسامۇ، بۇنى كۆرۈپ تېنىم شۈركۈ-نۈپ كەتتى. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بىر ۋاراق قەغەزگە «ۋېس-لى بېررىل، كېنتبېران مېھمانخانىسى، غەربىي 58- كوچا 326- نومۇر، بەش - تۆت - بىر - يەتتە - ئىككى - بەش - بەش» دېگەنلەرنى يېزىۋالدىم. ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭ ئىس-مىنىمۇ قوشۇپ يازغانلىقىمنى دەپ بېرەلمەيتتىم، ئەسلىدە مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالساملا ئۇنى تېلېفون ئارقى-لىقلا تاپقىلى بولاتتى.

قولۇمغا سولىياۋ پەلىيىمنى كىيىپ، قولۇم تەگكەن جايلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرتۈپ چىقتىم. بەلكىم ھېچكىم بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈپ يۈرمەس بولغىيتتى. ئاندىن فىراد-كىسفوردنىڭ ئىسمى چىقىپ قالارمۇ دېگەن خىيالدا ماتېرد-ياللارنى تەكشۈرۈشكە باشلىدىم. چىقىپ قېلىشىدىن ئۈمد-دىم يوق ئىدى، نەتىجىسىمۇ ئويلىغىنىمدەك بولدى.

دۇب ياغىچى بىلەن زىننەتلەنگەن تامدىكى دېرىزىنىڭ ئاستىغا يېشىل مېتالدىن ياسالغان ئارخىپ ئىشكاپى قويۇل-

غانىكەن، ئاختۇرۇپ بىردەمدىلا بىررىلىنىڭ ئارخىپىنى تېپىـ
ۋالدىم، ئىچىدىن سەككىز ـ توققۇز سۈڭلۈق سۈرەتتىن ئون
نەچچە پارچە چىقتى. باشقا ماتېرىياللارمۇ بولۇشى مۇمكىن
ئىدى، بەلكىم ئىشخانىدىكىلەر ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى تاشلىـ
ۋەتكەندۇ ياكى باشقا جايغا قويۇپ قويغاندۇ.
بۇ سۈرەتلەرگە قىزىقىپ قالدىم. سۈرەتلەرنى كۆرگەنـ
دىن كېيىنلا مېنى قەستلىمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ۋېسلى
بىررىل ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. بىراق، يەنە ئوبدانراق ئويلاپ
باقىدىغان بولسام، بۇ ئىش باشقىچىرەكمۇ قىلاتتى، بىز شۇنـ
چە كۆپ تېلېفون قىلىپمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەندۇق.
مانا ئەمدى بىررىلىنىڭ رەڭسىز سۈرەتلىرىنى كۆرۈپلا ھەممە
نەرسە ئايان بولدى. سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدىن بىر سۈرەتنى كۆـ
رۈپ قالدىم، ئۇنىڭدا بىررىلىنىڭ ئالتە خىل ئوخشىمىغان ھاـ
لەتتى تارتىلغانىدى. ئارخىپ ئىچىدە بۇ سۈرەتنىڭ كەملەپ
قالغانلىقىغا ھېچكىمنىڭ دىققەت قىلمايدىغانلىقى ماڭا ئاـ
يان ئىدى، شۇڭا ئۇنى قاتلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم.
مارتىنىنىڭ ئۇستىلىنىڭ تارتمىسى قۇلۇپلانمىغانىـ
كەن، ئاڭسىز ھالدا ئاختۇرۇشقا باشلىدىم، بىررىلغا مۇناسىـ
ۋەتلىك نەرسىلەرنى ئىزدەش نىيىتىممۇ يوق ئىدى. يان تەـ
رەپتىكى ئاخىرقى بىر تارتمىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، بىر بوتۇلكا
ۋىسكى بىلەن «بوستۇن» ماركىلىق يالپۇز ھارىقى تېپىۋالـ
دىم. بۇ ئىككى بوتۇلكا ھاراق مېنى ئۆزىگە شۇنداق تارتىۋاتاتـ
تى. ئوتتۇرىدىكى تارتمىدىن نەق پۇل سېلىنىغان بىر كونـ
ۋېرت چىقتى، ئىچىدە جەمئىي 85 دوللار بار بولۇپ، ھەممىـ
سى بەش دوللار ۋە ئون دوللارلىق پۇل ئىكەن. بەش دوللاردىن
بىرنى، ئون دوللاردىن ئىككىنى سۇغۇرۇۋالدىم، تۇرۇپلا ئويلىـ
نىپ قالدىم ـ دە، يەنە كونۋېرتنى ئېچىپ، پۇلنىڭ ھەممىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، قۇرۇق كونۇېرتنى تاشلاپ قويدۇم. بۇنداق قىلسام بەلكىم ئىز قالدۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن، بىراق ئۇ بايقاپ قالـ سىمۇ ئىشخانىسىغا كەلگەن ئارتىسلاردىن گۇمانلىنىپ يۈـ رۈشى مۇمكىن.

بارماق ئىزىمنى سۈرتۈپ نېمىمۇ قىلاي؟ بۇ قىلغانلىـ رىم بىرئاز زىددىيەتلىك بولسىمۇ، راستىنى ئېيتقاندا، كۆز ئالدىمدىكى مال ـ دۇنيانى تاشلاپ كېتىشكە قىيالمىدىم.

ئامال قىلىپ سول قول تەرەپتىكى تارتمىدىن چىققان نەرسىگە قارىماسلىققا تىرىشتىم، ئۇ بىر كىچىك رېۋولۇېر تاپانچا بولۇپ، ئىستوۋۇلى ئىككى دىيۇم كېلەتتى، تۇتقۇچىغا مەرۋايىت كۆز ئورنىتىلغانىدى. قارىماققا كىچىك تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، ئوت كۈچى ياماندەك قىلاتتى. تاپانچىنى كۆـ رۈپ جىددىيلىشىپ قالدىم. مەن تارتمىغا يېقىن كېلىپ، خۇددى كىنولاردىكى ئارتىسلاردەك تاپانچىنى پۇراپ باقتىم. ئۇلار تاپانچىنى پۇراپ بېقىپلا تاپانچىدىن ئوق ئېتىلغان ـ ئېتـ ىلمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. لېكىن، مەن مېتال ۋە ماي پۇرىقىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدىم، يەنە ئىشكاپلارـ دىن كېلىدىغان قاڭسىق پۇراقمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن تارتمىنى يېپىۋېتىپ، تارتمىدىن يىراقلاشتىم.

تاپانچا مېنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. نۇرغۇن ئوغرىلار تاپانچىنى كۆرسىلا ھودۇقۇپ كېتىدۇ. مەن بۇرۇن كات سادـ دوۋارد ئىشلىتىدىغان ئوۋ مىلتىقىنى تۇتۇپ باققان. تارتمىـ لاردىن، ياستۇقنىڭ ئاستىدىن تاپانچا ئىزدىشىممۇ تۇنجى قېـ تىملىق ئىش ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر تاپانچىنى ياستۇقىـ نىڭ ئاستىغا قويۇپ قويىدۇ. ھەممەيلەن تاپانچىنى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن سېتىۋالىدۇ، ھېچبولمىغاندا سېتىۋالغاندا شۇنداق دېيىشىدۇ، ئاخىر بۇ تاپانچا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزلىرىـ

ـنىڭ جىنىنى ئالدۇ.

ئوغرىلارنىڭ تولىسى تاپانچا ئوغرىلايدۇ، بەزىلىرى ئۆز-لىرى ئىشلىتىش ئۈچۈن، بەزىلىرى سېتىۋېتىش ئۈچۈن ئوغ-رىلايدۇ. مەخسۇس شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرگە كىرىدىغان بىر ئوغرىنى تونۇيتتىم، ئۇنىڭغا قورال ئۇچراپ قالسا ئالماي قال-مايتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۇنىڭ ئوغرىلارنى ئوق يەپ ئۆ-لۈشتىن ساقلىغىنى ئىكەن. ئۇ قورالنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن يۇندى كۆلچىكىگە تاشلىۋېتەتتى. ئۇ دائىملا «بىز ئۆزئارا ياردەم قىلىشىمىز كېرەكقۇ؟!» دەيتتى.

مەن ئەزەلدىن قورال ئوغرىلىمايتتىم، مارتىنىنىڭ تاپان-چىسىنى ئوغرىلاشنىمۇ ئويلاپ باقمىدىم، راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭغا قولۇمنى تەگكۈزگۈمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، تارتمىنى يېپىۋەتتىم.

سائەت 9 دىن 57 مىنۇت ئۆتكەندە ئىشخانىدىن يېنىپ چىقتىم. كارىدوردا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، «چەكسىز دۆلەت» شىركىتىنىڭ ئىشخانىسىدىن موزارتنىڭ مۇزىكىسى ئاڭلى-نىپ تۇراتتى. ئىشكىنى تاقاشقا بىر مىنۇت ۋاقتىم كەتتى. پېتېر ئىلىن مارتىنىدەك هاراقتا ئامراق تالڭ ئاتقۇچە مەست يۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈنى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن.

تۆتىنچى قەۋەتتىن لىفتتا چىقىپ زالغا چۈشتۇم، تى-زىملاش دەپتىرىدىن ئىسمىمنى تاپتىم. مېنىڭ كەينىمدىن يەنە ئۈچ ئادەم بىناغا كىرىپ، بىرى چىقىپ كېتىپتۇ. جەدۋەل-نىڭ ئايرىلغان ۋاقىت دېگەن يېرىگە «سائەت 10» دەپ يېزىپ قويدۇم، ئاندىن هېلىقى قوڭۇر رەڭلىك فورما كىيىۋالغان بوۋاينىڭ كەچلىكىگە خەيرلىك تىلىدىم.

— مەن ئۈچۈن بەرىبىر، — دېدى بوۋاي، — كەچلىكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشى بولامدۇ ـ بولمامدۇ مەن ئۈچۈن ھەممىسى ئوخشاش.

قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا رۇنىنى كۆردۈم. قەھۋەخانىدا كۆپ ئادەم قالمىغانىدى، ئۈستەل يېنىدا ئىككى شوپۇر، كەينىدىكى ئورۇندا مېھمان كۈتۈپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ئىككى پاھىشە قىز ئولتۇراتتى. رۇن قەھۋە ئىستاكانىنىڭ يېنىغا پۇل قويۇپ قويغاندىن كېيىن يېنىمغا كەلدى.

ــ سىزدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم.

ــ ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق.

ــ سىز كەتكىلى خېلى بولدى ئەمەسمۇ.

ــ ئەمدىلا يېرىم سائەت بولدىغۇ؟!

ــ قىرىق مىنۇت بولدى، ئەمما ماڭا بىر سائەتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قانداق بولدى؟

ئۇ بىلىكىمدىن تۇتۇۋالدى، يولدا ماڭغاچ بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. كەيپىم چاغ ئىدى، ھېچقانچە چوڭ ئىش قىلمىغان بولساممۇ، ناھايىتى خۇشال ئىدىم. مېنىڭچە، بۇ دېلو ئەمدى ئايدىڭ بولۇشقا باشلىغانىدى.

ــ ئۇ غەربىي كوچىدىكى مېھمانخانىدا تۇرىدىكەن، ــ دېدىم ئۇنىڭغا، ــ كولۇمبۇ ئايلانما يولىدىكى تەنتەربىيە سارىيىغا يېقىن جايدىغۇ دەيمەن، شۇڭا تېلېفون نومۇرىنى تىزىملاپ قويمىغان گەپ. ئىلگىرى بۇ مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ئەمەستەك قىلىدۇ. بېرىلىنىڭ ئىشلىرى تازا ئوڭغا تارتمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئاساسەن دۆلەتلىك ساھىبجامالالارنى تاللاش مۇسابىقىسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلار ئىكەندۇق، ئەمما بۇ نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىكەن. سىزگە دېسەم، بۇرۇن بويتاقلارنىڭ يې-

غىلىشلىرىدا تورتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان قىزلار بار ئىدى، بۇ ئىشلار ھازىرمۇ بارمۇ؟

— قانداق ئىشنى دەيسىز؟

— تورتنىڭ ئىچىگە قىزلارنى يوشۇرۇپ قويىدىغان ئىشلارنى دەيمەن.

— سىز مەندىن سوراۋاتامسىز؟ بۇنى مەن نەدىن بىلەي.

— مەنمۇ بىلمەمدىكىن دىگەن.

— مەن تورتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ باقمىغان، بويتاق-لارنىڭ ئۇچرىشىشىغىمۇ بىرىپ باقمىغان.

— ئۇنداق بولسا سىز مارتىننى ۋاستىچى قىلىپ تال-لاشنى ئويلاشماڭ. بىررىلىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنى ۋاستىچى قىلىغانلىقىنى ھىچ بىلمىدىم. ئۇنىڭ ئۆتكەن نەچچە يىلدا ئوي-نىغان رولى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسكەن. بۇ رەسىمگە قاراپ بې-قىڭ، سىزمۇ ئۇنى تونۇمسىز تېخى!

— ھە، كۆرۈپ بېقىپتىكەنمەن، لېكىن كىنودا، تېلېۋىز-زوردا كۆرۈپ باققان.

— شۇنداق.

— مەن دەماللىققا ئۇنى تونۇيالماپتىمەن، ئاۋازىنىمۇ پەرقلەندۈرەلمەپتىمەن. ئۇنىڭ كىنودا رول ئالغانلىقىمۇ ئې-سىمگە كەلمەپتۇ.

— ئۇنداقتا، ھازىر ئۇنىڭ ئىشلىرى نېمىشقا ئاقماس بو-لۇپ قالغاندۇ؟ ئۇ ئادەتتىكى مېھمانخانىدا تۇرىدىكەن، جىنايەت-چى بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن، بۇ زادى نېمە ئۈچۈندۇ؟

— ئەتە ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۆزىدىن سوراپ باق-سىڭىز بولغۇدەك.

— سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرىم بار.

بىز بىردەم جىمجىت ماڭدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئىلگىرى بۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ باقمىغان بولغىيد-
تىڭىز بورنى. باشقىلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ قۇرۇق
قول چىققىنىڭىزنى دەيمەن.

— بۇ كەسپكە ئەمدىلا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بىر ساندى-
ۋىچ ئوغرىلاپ چىققانىدىم. رودىنىڭ ئۆيىدىمۇ ئازراق ۋىس-
كى بىلەن ئىككى كونسېرۋا شورپىسىنى ئىچكەندىن باشقا
نەرسىگە چېقىلمىدىم.

— ئاڭلىماقتا ھاياتىڭىزنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى
ئاچقاندەك تۇرىسىز.

— ئالدىراپ قارار قىلىۋەتمەڭ. ئۇچراپ قالسا يەنە بوش
قويمايمەن، مارتىنىنىڭ ئازراق نەرسىسىنى ئېلىۋالدىم تېخى.

— سۈرەتلەرنى دەمسىز؟ بۇ ھېساب بولماس.

— ئۇنىڭغا يەنە 85 دوللارنى قوشسىڭىز ھېساب بولۇپ
قالار.

ئۇنىڭغا پۇللارنى تارتمىدىن قانداق ئالغانلىقىمنى ئېيد-
تىپ بەردىم.

— ئاھ، تەڭرىم!

— نېمە بولدى؟

— سىز راستتىنلا بىر ئوغرى ئىكەنسىز.

— سېپى ئۆزىدىنلا دەڭا، قانداق ئادەمكىن دەپ قالغانىدى-
ڭىز؟

ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— بەك ساددا ئوخشايمەن. ھېلىھەم سىزنىڭ باشقىلار-
نىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلايدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇرۇمغا
سىغدۇرالمايمەن. سىز خەقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ پۇلد-
نى ئېلىپ چىقتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

بۇنداق سوئاللارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك جاۋابىم تەييار

ئىدى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدىم.
— بۇنىڭدىن بىئارام بولامدىكەنسىز؟
— دەپ بېرەلمەيمەن. سىز نېمە ئۈچۈن مېنى بىئارام بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟
— بىلمەيمەن.
ئۇنىڭدىن كېيىن بىز يولدا ئانچە گەپلەشمەي كەتمىدۇق. 14- كوچىنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم، ئۇمۇ مەيلىمگە قويۇپ بەردى، شۇ ماڭغانچە رودىنىنىڭ ئۆيى بار بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندىلا، ئاندىن ئۇ قولىنى چىقىرىپ ئاچقۇچنى ئالدى. بۇ ئاچقۇچ ئىشلىتىشكە سەل قولايسىز ئىدى، ئىشىك ئېچىشقا كەتكەن ۋاقىتتا مەن ئاچقۇچ ئىشلەتمەيمۇ بۇ ئىشىكنى ئېچىپ بولاتتىم. ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىۋېتىپ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىز پەلەمپەي بىلەن تۆتىنچى قەۋەتكە چىققاندا ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىككە ئاچقۇچ سالماقچى بولدى.
— خاتالاشتىڭىز.
— نېمە؟
— بۇ ئۆي ئەمەس.
— نېمە دەيسىز؟
— بۇ دېگەن تۆتىنچى قەۋەت، بىز تۇرىدىغان ئۆي بەشىنچى قەۋەتتە، ئېسىڭىزدىدۇ؟
— ۋاي ئاللا!
ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.
— مەن تېخى ئۆزۈمنىڭ ئۆيى دەپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ، بىك كوچىسىدىكى ئۆيۈمنى دەيمەن.
— ئۆيىڭىز تۆتىنچى قەۋەتتىمىدى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەئە، ئولتۇراق بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە. ھەربىر قەۋەتتە پەقەت تۆت ئېغىزلا ئۆي بار، بۇ يەردىن خېلىلا ئازادە.

بىز پەلەمپەي بىلەن ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتۇق. رودىنىسنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ سەل توختاپ قالدى، ئاندىن ئاچقۇچنى يەنە سومكىسىغا سېلىۋەتتى.

— ئاچقۇچنى قەيەرگە قويغاندىمەن، تاپالمايۋاتىمەن.

— بولدى قىلىڭ، رۇن.

— ئىشىكنى قانداق ئاچىدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭە، قىينالمايلا ئېچىۋېتىسىز، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، بىراق بۇنداق قىلىپ نىمە كەپتۇ؟

— ئىشىكنى قانداق ئاچىدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ باققۇم بار.

— بولدى، تولا يوقىلاڭ خىياللاردا بولماڭ، بىرەرسى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنىڭ قۇلۇپنى ئېچىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ ئېچىش تەسكە توختايدىغان قۇلۇپلار ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ مادىكا ماركىلىق بۇنداق قۇلۇپنى ئېچىش تېخىمۇ شۇنداق، خېلى ھەپىلىشىدىغان گەپ.

— بىراق، سىز بۇ قۇلۇپنى ئېچىپ باققانغۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، بىراق......

— بۈگۈن مۇشۇكلىرىمنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ قويۇپ كەلدىم، ئىككىلى مۇشۇكۇمنىڭ قورسىقى تويۇپ بولدى.

— شۇنداقمۇ؟

— قۇلۇپ ئاچقىنىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلىسەم

تولىمۇ خۇش بولغان بولاتتىم. سىزگە دېسەم، قۇلۇپ ئې-
چىشنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن، شۇڭا سىزنىڭ قۇلۇپ
ئېچىشىڭىز مېنى قىزىقتۇرۇۋالدى، هازىرنىڭ ئۆزىدە كۆرە-
لىسەم، مەن...... شۇنداق...... هېسسىياتلىنىپ كېتىشىم
مۇمكىن.

شۇ هامان ئۇسكۇنىلىرىمنى ئېلىپ ئىشقا كىرىشتىم.

— ئۆزۈمنى سەل باشقىچە هېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى
ئۇ بېلىمدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ نازۇك بەدىنى بېلىمگە تېگىشىپ تۇراتتى.

— مەن سەل باشقىچە بولۇپ قالدىم.

— شۇنداقتەك قىلىسىز، — دېدىم ئىشىمنى داۋاملاش-
تۇرغاچ.

— مەن سىزگە دەخلى قىلىپ قويماسمەن؟

— مېنىڭچە ئۇنداقمۇ بولماس.

— هازىر ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك هېسسىياتلىنىپ
كېتىپ بارىمەن.

ئۇ نازلانغىنىچە بەدىنىنى ماڭا تېخىمۇ يېقىن چاپلىدى.
قوللىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بەدىنى ئۈستىدە، ئۇنىڭ يوتى-
سى، ساغرىسى، خالىي جايلىرىدا مىدىرلاشقا باشلىدى. يۈرەك
سوقۇشۇممۇ ئاستا-ئاستا نورمال هالىتىگە قايتتى، هېچبول-
مىغاندا نورمال هالىتىگە يېقىنلاشتى. كۆزۈمنى يۇمۇپ كو-
چىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قاتناش شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سالدىم.

— بورنى، قولىڭىز نېمىدېگەن چاققان.

— ئەسلىي تاشقى كېسەللىك دوختۇرى بولسام بولاتتى.

— ئاھ، توختاپ قالماڭ، بەك هوزۇرلاندىم. هەرقانداق
قۇلۇپنى ئېچىۋېتىدىغىنىڭىزدىن ئەجەبلەنمىسەممۇ بولغۇ-
دەك. بەستىڭىزغىمۇ سەل ۋىجىك. ئەمما، قولىڭىز دۇنيادا ئەڭ

ئەپلىك قول ئىكەن. مېنىڭ قولۇمنىڭمۇ سىزنىڭكىدەك بو-
لۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

— سىزنىڭ قولىڭىزمۇ شۇنداق ئوبدانغۇ، ئامرىقىم.

— راستما؟

ئۇنىڭ قوللىرىمۇ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى.

— ئاھ!

— نېمە بولدىڭىز بورنى؟

— نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىۋاتامسىز گۈ-
زىلىم؟

— مەن نېمە ئىش قىپتىمەن.

— ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتىسىز.

— شۇنداقمۇ؟!

باشتا ھەر ئىككىمىز شۇنداق جىددىي بولۇپ، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمايلا قالدۇق. مانا ئەمدى ھەرىكىتىمىزمۇ بارا-بارا ئاستىلىدى. رادىيودىن مۇزىكا، كوچىدىن شاۋقۇن-سۈرەنلەر ئاڭلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىيالىمدا شىددەت بىلەن ئو-رۇنلىنىۋاتقان ئوركېستىر مۇزىكىسى ئىچىگە غەرق بولدۇم. ئەڭ ئاخىرىدا «رۇن، رۇن، رۇن» دېگىنىمچە كۆزۈمنى يۇمدۇم-دە، جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەندەك بولدۇم.

ئەتىگەندە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئويغىنىپتىمەن. دەماللىققا يېنىمدىكى بىنورماللىقنى ھېس قىلالمىدىم. ئاخشام كۆزۈم-نى يۇمۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىدىم، ئاخشام ئۇخلىغۇم يوق بولسىمۇ، ئامالسىز ئۇخلاپ قالغانىدىم. بىردەم قىمىرلى-ماي ياتتىم، چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. كۆزۈمنى تەستە ئېچىپ ئۆ-رۈلۈپ قارىسام، ئۇ يېنىمدا ياتاتتى، پەقەت مۇشۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ-نىڭدىن مىننەتدار بولدۇم. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىپ ئۇخلاۋاتقان

ھالىتىمگە قاراپ ياتتىم، تۇرۇپلا يەنە قىلىدىغان باشقا ئىشىم بارلىقىنى ئويلاپ قالدىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

ئەمما، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇردى، بىز نۆۋەت بويىچە ھاجەتكە چىقىپ كىردۇق، ئاندىن ئاخشام ھاپىلا - شاپىلا سېلىۋەتكەن كىيىملىرىمىزنى كىيىۋالدۇق. ئۇ قەھۋە دەملەپ ناشتىلىق تەييارلىدى، بىز بىللە ئولتۇرۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ناشتا قىلىدۇق.

بۇ خىل جىمجىتلىق ماڭا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. بۇ ھال رېبي جىسمان ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى ياش ھەمراھى يەنى زېدە بولۇپ كەتكەن ساقچى كالتىكىنى توختىماي ئوينايدىغان ھەمراھىنىڭ گەپلىرىدىنمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. نېمە ئىشلىقىنى دەپ بېرەلمىسەممۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

— سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ رۇن؟

— رۇن، رۇن، ئاخشامنىڭكىياقى دەپ قانىمىدىڭىزمۇ؟ ئەتىگەندە يەنە دەۋاتىسىز، بولدى بەس! مۇشۇنچىلىك بولسۇن!

— ئاخشام «ئاناڭنى، مەن كەلدىم» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتىڭىز، مەنمۇ تاماق ئۈستىلىدە سەت گەپ قىلغىنىم يوققۇ؟ ئىسمىڭىزنى بۇنچە ياقتۇرمايدىغان ئادەم ئالماشتۇرۇۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— مەن ئىسمىمنى ناھايىتى ياقتۇرىمەن.

— ئەمىسە زادى نېمە بولدى سىزگە؟

— ئۆلگۈر! بورنى، ئەگەر مېنى يەنە رۇن دەپ چاقىرىدىغان بولسىڭىز، مەن سىزنى روج دەپ چاقىرىمەن.

كۆزلىرىم چوڭىيىپ، ئېڭىكىم چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالدى، ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزلىرىم ئۇنىڭغا تىكىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئىسمىڭىز رون خايتۋېر ئەمەسكەن - دە؟
— توغرا دېدىڭىز، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن يوشۇرۇپ.
— سىز ئىسمىڭىزنى روچ دېگەندىلا ئۇنىڭ راست ئىسمىڭىز ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدىم. شۇڭا، سىز يالغان دېگەندىن كېيىن مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. كېيىن ئارىمىز ئوچۇق بولۇپ، سىز ماڭا كىملىكىڭىزنى ئېيتىپ بەردىڭىز، بىراق مەن ئۆزۈمنى رون دەپ تونۇشتۇرغاچقا ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، كېيىنمۇ بۇنى چۈشەندۈرۈشكە مۇۋاپىق پۇرسەت چىقمىدى، — دېدى ئۇ.
— ھازىرغىچە شۇنداق بولدىما؟
— بىرگە بولغاندا ئىسمىمنى قۇلاق تۈۋىمدە شىۋىرلايدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام، بۇرۇنلا راست ئىسمىمنى دەپ بېرەركەنمەن.
— ئەمدى چۈشەندىم، بولدى......
— نېمە بولدى؟
— بولدى، ئەمدى راست ئىسمىڭىزنى دەپ بېرىڭ. ئەمدى يېقىنچىلىق قىلىشىپ قالساق، قۇلاق تۈۋىڭىزدە يېقىملىق ئىسمىڭىزنى ئاڭلايسىز.
— بۇنداق دېسىڭىز قاملاشمايدۇ.
— قاملاشمايدۇ؟ ھازىر ئۆزۈمنى ھاماقەتتەك ھېس قىلىۋاتىمەن، قۇلاق تۈۋىڭىزدە باشقىلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرسام قاملاشقان بولامدىكەن؟
ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىپ، كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى.
— بولدى، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، — بولدى، ھېچ ئىش يوق.

ئۇ كـۆزىنـى چىمچىقلاتتـى، ناھايىتـى خاپا كۆرۈنەتتى، ئەمما يېشى ئېقىپ چۈشمىدى، ئۇ كۆزىنى يەنە بىردەم چىمـ-چىقلاتقاندىن كېيىن، قول ياغلىقى بىلەن يېشىنى سۈرتۈ-ۋەتتى-دە:

— ئەمدى ئوڭشالدىم، — دېدى.

— ئۇنداقتا ياخشى.

— ئىسمىم ئېيلىن كىرىستوف.

— بەك يېقىملىق ئىسىمكەن.

— رەھمەت!

— بۇ ئىسىم سىزگە شۇنداق ماس كېلىدىكەن، ئەمما رۇن خايىنتۇېر دېگەن ئىسىممۇ قاملىشىپتىكەن. سىز زادى كىم؟ مەن سىز توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. كىرىس-توف سىزنىڭ ئېرىڭىزنىڭ فامىلىسىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، بىز ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ-نىڭ فامىلىسىنى قوللانمىدىم.

— ئالدىنقى ئېرىڭىزنىڭ فامىلىسى نېمە ئىدى؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— نېمىشقا سورىغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم.

— مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟

— نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن؟

— سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز.

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم، قەھۋەنى ئىچىۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— بىزنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىمىز بار، مەن ئۆيۈمگە بىر بېرىپ كېلەي.

— ئۇ يەرنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى بىلمەمسىز؟

مەن ئۇنداق قارىمايتتىم، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن تالاشقۇمۇ

يوق ئىدى. ساقچىلارنىڭ ئەمدى بولغاندا ئۆيۈمگە ئادەم قويۇ-شىغا ئىشەنمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيۈمگە تېلېفون بەر-سەملا كۆزەتتە تۇرغان ئادەم بار-يوقلۇقىنى بىلەلەيتتىم. ئۆ-يۈمدىن پاكىز كىيىملىرىمدىن بىرقانچە قۇر ئېلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى، ئەگەر ئۆيۈمگە تىقىپ قويغان پۇللىرىمنى ئې-لىۋالسام، كۆڭلۈم تېخىمۇ جايىغا چۈشكەن بولاتتى. ئىشلار ئوڭغا تارتىۋاتقان بۇ چاغدا يېنىمدا 5000 دوللار پۇل بولسا، قالغان ئىشلارنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلالايتتىم.

— قىلىدىغان ئىش جىق، — دېدىم ئۇنىڭغا، — سىزمۇ ئۆيىڭىزگە بېرىپ كىيىم ئالماشتۇرىدىغان، يۇيۇنىدىغان، مۈ-شۈكلىرىڭىزنى باقىدىغان ئىشلىرىڭىزنى قىلىۋېلىشىڭىز كېرەك.

— بەلكىم شۇنداق قىلىشىم كېرەكتۇ.

— مۈشۈكىڭىزنىڭ يېمىمۇ تۈگەپ قالغاندۇ، تېخى ئۇ-لارنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداپ، ئەخلەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشىڭىز كېرەك. مۈشۈ ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچە ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ.

— بورنى......

— سىزنىڭ راستتىنلا مۈشۈكىڭىز باردۇ؟ ھەبەش مۈ-شۈكى، بىرىنىڭ ئىسمى ئىسىت، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئاخ-سۇلوش، شۇنداقمۇ؟

— سىت ۋە موردىسەي.

— مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنچە كۆپ ئەمەس. سىزنىڭ نېمىگە بۇنچە خاپا بو-لۇپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مەن پەقەت قوش-نامنىڭ گۈلىگە سۇ قۇيغىلى كەلگەن بىر ئادەمغۇ شۇ؟

— سىز ماڭا قەرزدار ئەمەس، بۇنىسى ئېنىق.

— بورنى......

— بىز سەككىزىنچى چوڭ يول بىلەن 58 ـ كوچا تۇتىشىدىغان چارلىز دېگەن يەردە كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟ بۇ يەر بىررىل تۇرىدىغان مېھمانخانىغا بىرنەچچە قەدەملا كېلىدۇ. سىز بارالامسىز؟

— ئەلۋەتتە بارىمەن ـ دە. تونۇگۈنكىگە ئوخشاش كىيىنىپ بارىمەن. مېنى تونۇيالايسىز بورنى.

مەن قەستەن ئاڭلىمىغان بولۇپ سائىتىمگە قارىدىم.

— ھازىر سائەت 10 دىن 10 مىنۇت ئۆتۈپتۇ، ئىشلىرىمىزنى ئىككى سائەتتە تۈگەيدۇ دېسەك، ھەر ئېھتىمال ئۈچۈن يەنە ئازراق ۋاقىت قوشساق، مۇنداق قىلايلى، سائەت 12 يېرىمدا چارلىز دېگەن يەردە كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟

— چاتاق يوق.

يالغان چېچىم بىلەن شەپكىنى كىيدىم، ئۇ يېنىمغا كېلىپ، چېچىمغا قىسقۇچ قىستۇرۇپ قويدى. ئەسلىي ئۆزۈم قىلاي دېگەنىدىم، ئۇ ياردەم قىلىۋاتقاندا ئامال بار مىدىرلىماسلىققا تىرىشتىم.

— ئەگەر سائەت بىردىمۇ بېرىپ بولالمىسام، مېنى تۇتۇلۇپ قاپتۇ دېسىڭىز بولىدۇ.

— بۇ گېپىڭىز پەقەتلا قىزىق تۇيۇلمىدى.

— بۇنداق ئىشلار دېگەن جىققۇ. ئىشىككە قۇلۇپ سېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇ كوچا ئانچە تىنچ ئەمەس.

— بورنى......

— نېمە؟

— ئېھتىيات قىلىڭ.

— مەن ئەزەلدىن ئېھتىيات قىلىمەن.

مەن شۇنداق دەپلا چىقىپ كەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 11

تاكسى شەھەر مەركىزى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، تېخىچە ئېيلىننى خىيال قىلىۋاتاتتىم، ئۇنى يەنىلا رۇن دېگۈم كېلەتتى. ئۆزۈمنىڭ نېمىگە شۇنچە خاپا بولۇپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئۇ بىرقانچە قېتىم يالغان سۆزلىدى، بىراق ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ شۇنچە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، باشقىلار جىنايەت گۇماندارى دەپ قارايدىغان بىر ئادەمگە، ئەزەلدىن تونۇمايدىغان بىر ئادەمگە ياردەم قىلىۋاتقان تۇرسا. شۇڭا، مەن بىللە تۇرغاندا ئۆزىنى ئازراق مەخپىي تۇتقاننىڭ نەرى خاتا؟ مانا مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئۇ ھەقىقىي ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆزدگە بۇنچىلىك چېكىنىش يولى قالدۇرسا بولمامدىكەن؟ قانۇن تورى بەكمۇ كەڭ، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسام، ئۇنى ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ، چۈنكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ماڭا يالغان ئېيتقىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ماڭا راست ئىسمىنى دەپ بەردىغۇ؟ شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئىشلار نورمال ھالىتىگە قايتقان بولمىدىمۇ؟

دەسلىپىدىلا ئۇنىڭغا بەك سەممىمىي بولۇپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم شۇنداق قىلىشىم. ئىلگىرى ئاياللار بىلەن ئارىلاشسام، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرەتتىم. ئۇ ئاياللار پەقەت مېنىڭ ناشتىلىققا نې-

مە يەيدىغىنىمنى، ئۇخلىغاندا نېمە كىيىپ ئۇخلايدىغانلىقىمنى، قايسى ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، يەر ياڭىقى قىيامى تالقىنىنىڭ قاندىقىغا ئامراقلىقىمنىلا بىلىشەتتى، مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئەسلا بىلمەيتتى. ئۇلارغا يا كەسىپ ئالماشتۇرماقچى بولۇۋاتقىنىمنى، يىغىپ قويغان ئازراق پۇلۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتاتتىم، ياكى بولمىسا ئۆزۈمنى مەبلەغ سالغۇچى سودىگەر دەپلا تونۇشتۇراتتىم. مەن بىلەن بەكرەك يېقىنلىرىغا بىرەر كەسىپنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇراتتىم. بەزىدە ژۇرناللارغا قىستۇرما رەسىم سىزىدىغان بولۇۋالسام، بەزىدە نېرۋا تاشقى كېسەللىك دوختۇرى، كىلاسسىك مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى، پايچىلارنى باشقۇرغۇچى ياكى ئارىزونا ئىشتاتىدا يەر - زېمىن باشقۇرغۇچى بولۇۋالاتتىم.

بۇنداق روللارنى شۇنداق تەبىئىي ئالاتتىم. ئۆزۈمگىمۇ ھەمىشە ئويۇن دېگەننى مۇشۇنداق ئويناش كېرەك، دەپ جېكىلەپ تۇراتتىم. چۈنكى، قارشى تەرەپ مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلىۋالسا، ماڭا خەتىرى چوڭ بولاتتى. بىراق، ھازىر ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدىم. ئىلگىرى ئارىلاشقان ئاياللارمۇ مېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالسا، ئېيىلىنغا ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ھەممەيلەن ئوغرىلىق كەسىپى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەخلاق مەسىلىسىگە كەلسەك، كۆپ ساندىكى ئاياللارنىڭ قارىشى ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

ئۆزۈمنىڭ كەسىپىنى دەپ بەرمەسلىكىمدىكى سەۋەب، بۇ كەسىپتە يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا، باشقىلارنىڭ مېنى بەك چۈشىنىپ كېتىشىنى خالىمايتتىم.

ئەمما، رۇن بىلەن، ياق، ئېيلىن بىلەن بىرگە بولسام تالالاش يولۇم قالمايدىكەن. ئۇ بورناد رودىنبانىڭ قانداق ئادەملىكىنى پۇتۇنلەي بىلىپ بولدى، مەنمۇ بىر ئايالغا ھېچنېمىنى يوشۇرماي راست گەپ قىلىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ ئۇنىڭ يالغان ئىسمىنى چاقىرىپ يۈرۈپتىمەن. دائىم خەقنى كولدۇرلىتىدىغان ئادەمنىڭمۇ كولدۇرلىتىلىدىغان بىر كۈنى بولىدىكەن. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن ئاچچىقىم كېلىپ قالغاندۇ. شۇنچە ئاياللارغا يالغان گەپ قىلىپ، توساتتىنلا بىر ئايالغا ھەقىقىي ئەھۋالىمنى دەپ سالغىنىمغا ئىچىم پۇشقاندۇ.

تاكسىنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا توختاتتىم، ئەمما ئالدى ئىشىكتە توختاتماي، كوچا دوقمۇشىدىكى مۇلازىمەتچى خادىملار كىرىدىغان يان ئىشىكتە توختاتتىم. يان ئىشىك تاقالمىغانىدى، ئىككى ئادەم بىر پىيانىنونى كۆتۈرگەن پېتى ئىشىكتىن چىقىۋاتاتتى. مەن مارتىنىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن، پۇرلىشىپ كەتكەن بەش دوللارنى چىقىرىپ تاكسى شوپۇرىغا بەردىم. تېزلا قولغا كەلگەن پۇل مانا مۇشۇنداق تېزلا قولدىن كېتىدىغان گەپكەن.

كۆپكۈندۈزدە يان ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىش ئىشىك باقارنىڭ ئالدىدىن بىناغا كىرگەنگە ئوخشاش خەتەرلىك ئىدى. ئەمما، تەلىيىمگە يان ئىشىك تاقالمىغانىدى. ھېلىقى ئىككى ئادەم پىيانىنونى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقتى، مەن ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ ئۇلارغا يول بەردىم، ئۇلار پىيانىنونى نومۇر تاختىسى ئورنىتىلمىغان بىر كىچىك يۈك ماشىنىسىغا باستى. ئۇلار ئۆي كۆچۈرۈش شىركىتىنىڭ خادىملىرىمۇ ياكى مۇ-

شۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا ئوغرىلىق قىلىدىغانلارمۇ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەيدىكەن. چۈنكى، نيۇيوركتا بۇنداق ئىشنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. يەر ئاستى ئۆيگە چۈشۈپ، لىفىت بىلەن ئالتىنچى قەۋەتكە چىقتىم، ماڭا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

ھەرھالدا ئۇزۇن كەتكەن كارىدوردا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئىككى سەكرەپ ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم - دە، يانچۇقۇمدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ بېقىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى. قوڭغۇراققا سوزغان قولۇمنى دەرھال تارتىۋالدىم، چۈنكى ئىچىدە ئادەم بولسا قوڭغۇراق بېسىلغان بىلەنمۇ ئىشىكنى ئاچمايتتى، ئىچىدىكىلەر كويزىنى تەخلەپ تۇراتتى.

ئىككىلىنىپ بىردەم تۇرۇپ كەتتىم، ئاچقۇچنى تۇتقان بارماقلىرىم تىترەۋاتاتتى. ئۆز - ئۆزۈمنى يارىماس دەپ تىللىدىم، بارماقلىرىمدىن تىترىمەسلىكنى ئۆتۈندۈم. بارماقلىرىم تىترەشتىن توختىدى. قوللىرىمغا قارىماسلىققا تىرىشتىم، قولۇپنىڭ مەن ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغان ۋاقتىدىكى بىلەن پەرقى بار - يوقلۇقىغا قارىدىم.

قولۇپنىڭ يۇمىلاق تۆشۈكى ئاۋۋالقىدەك تۇراتتى، ئۆي ئىگىسى بەرگەن يالى ماركىلىق پۇرژىنىلىق قولۇپمۇ ئۆز جايىدا تۇراتتى، ئەمما ئاچقۇچنى سالسام كىرمىدى. تەپسىلىي كۆزىتىۋىدىم، ئەسلىدىكى قولۇپ ئەمەسلىكى ئايان بولدى. قولۇپنىڭ چۆرىسىدە نۇرغۇنلىغان ئىزلار ۋە تۆشۈكچىلەر قالغانىدى، بۇ كونا قولۇپنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرغاندا قېپقالغان ئىز ئىدى. بىرسى كونا قولۇپنى ئالماشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى.

مەن بۇ قولۇپنى 60 دوللارغا ئالغانىدىم، بىنا ئىچى قا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راڭغۇ بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن قەدەمنى رۇسلاپ، ئۆز ئۆيۈمنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشقا باشلىدىم. شۇ دەقىقىدە بىر ئىشنى جەزملەشتۇردۇم: ئۆيۈمگە خېلى كۆپ ئادەملەر كەلگەندەك قىلىدۇ. ساقچىلار ئىشىكنى ئاچالماي، ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپ كېلىپ ئاچتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، كەينىدىن كەلگەنلەر ئۇنچە تۇزۇت قىلىپ كەتمىگەن، بىۋاسىتە قۇلۇپنى چېقىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنى ئويلاپ، ئۆي ئىچىنىڭ ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم.

ئۆي ئىچىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىگە راستىنىلا بىر نېمە دېيەلمەيتتىم. ئۆيگە غىپپىدە كىرىۋالدىم، ئاندىن ئىشىكنى يېپىپ، چىراغنى ياندۇردۇم. ئۆينىڭ ئىچى ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتكەنىدى. مۇشۇنچە بولۇپ كەتكەن ئۆيگە ئۆي ئىگىسىنىڭ يەنە نېمىشقا يېڭى قۇلۇپ ئالماشتۇرغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم. بۇ ئۆيگە يەنە ئادەم كىرسىمۇ بولار ھالى مۇشۇ ئىدى.

ئۆيدىكى ھەممە نەرسە پولنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان سېلىنچىمۇ كېسىلىپ، ئىچىدىكى پاختىسى چىقىرىلغانىدى، كىتاب جازىسىدىكى كىتابلار ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇلار كىتابلارنى ئاختۇرۇپ بېقىپ، بىرنەرسە چىقمىغاندىن كېيىن ھەممىنى پولغا تاشلاپ قويغاندەك قىلاتتى. پول ئۈستىدىكى گىلەممۇ ئورنىدىن يۆتكەلگەندەك تۇراتتى، قارىغاندا ئۇنىمۇ بىرسى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئاستىغا قاراپ باققان بولسا كېرەك.

ئاھ، تەڭرىم، نېمە ۋەيرانچىلىق بۇ! ئۆزۈمنى ماختىغىنىم ئەمەس، ئوغرى بولسامۇ ئۆيۈمنىڭ تازىلىقىغا، رەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرەتتىم، يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ

نەرسىسىگە ھۆرمەت قىلىشنى بىلەتتىم، مەيلى ئۇ نەرسە ئۆز ئورنىدا قالسۇن ياكى مېنىڭ قولۇمغا چىقسۇن، بۇ قارىشىم ئۆزگىرىپ قالغان ئەمەس. ئۆيۈمگە كەلگەن بۇ مېھمانلارنىڭ بۇنداق قىلىقسىزلىقى ئوغامنى شۇنداق قايناتتى. شۇ تاپتا بىردەم ئولتۇرۇۋالاي دېسەممۇ، ئولتۇرغۇدەك جاي تاپقىلى بولمايتتى. يەردە ئۆرۈلۈپ ياتقان بىر ئورۇندۇقنى تۇزلەپ ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالدىم.

ساقچىلارنىڭ ئۆيۈمنى ئاختۇرۇشى تەبىئىي. لېكىن، ئۇلار مېنى ئۆيىگە مۆكۈۋالدىمىكىن دەپ ئىزدىمەيدۇ، ئۇلارنى بىرەر نەرسە ئىزدەيدۇ دېسەكمۇ، مېنىڭ ئالاقىلىشىش تىزىملىكىمدىن دوستلىرىمنى ۋە دائىم ئالاقىلىشىدىغان ئادەملەرنى ئىزدىشى مۇمكىن. ئۇلارنى شۇ دەرىجىدە رەسۋا قىلىۋەتتىم دېگەندىمۇ، ئۇلار ئاچچىقىنى ئۆيۈمدىن چىقىرىپ يۈرمەستى. ئېنىقكى، ئۆيۈمگە باشقا بىرسى كىرگەن گەپ، ئۆيىنىڭ بۇنچىۋالا بولۇپ كېتىشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئۇلار ئۆيۈمدىن نېمىنى ئىزدىگەندۇ؟ ئەگەر ئۆيۈمگە كۆچىنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالمىغان تەلۋىدىن بىرنەچچىسى كەلمىگەنلا بولسا، ئۆيۈم بۇنچىلىك بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى. ئۆيۈمگە كىرگەنلەر ئۆينى قالايمىقان قىلىپ خۇشاللىق تاپىدىغانلاردەك قىلاتتى. ئەستايىدىل قارىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيۈمدىن بىرنەرسە ئىزدىگىلى كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم.

ئۇلار زادى نېمىنى ئىزدەيدىغاندۇ؟

ئۆيدىكى ھەربىر ھۇجرىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىپ باقتىم. ئاشخانا ئۆيگە كىرىشكە بەك ئۈچ ئىدىم، بۇ يەر ھازىر تېخىمۇ ۋەيرانە تۇراتتى. ئاشخاند-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دا ئىتالىيە كونسېرۋاسىدىن باشقا، پۈلغا يارىغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. ئۇلار بۇ يەرنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىپتۇ، ھەتتا توڭلاتقۇدىكى نەرسىلەرنىمۇ سىرتقا ئاچىقىپ تۆكۈۋېتىپتۇ.

ئەلۋەتتە، ياتاق ئۆيۈمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالماپتۇ. ئىچىدىكى ۋەيرانچىلىقتا ئامال بار قارىماسلىقتا تىرىشىپ، كىيىم ئىشكاپى ئالدىغا كەلدىم. ئىشكاپ ئىچىگە تەخمىنەن ئۈچ فۇت قېلىنلىقتا، بەش فۇت كەڭلىكتە، 15 فۇت چوڭقۇرلۇقتا بىر قەۋەت تاختاي ئورنىتىپ قويغانىدىم. ئاشخانىدا شۇنداق قۇرۇلما بارلىقىنى بىلمىسىڭىز، ئىنژېنېر بولسىڭىزمۇ بۇ قۇرۇلمىنى تاپالىشىڭىز ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئوغرىلاپ كەلگەن زاڭ ماللارنى قولدىن چىقارغۇچە مۇشۇ يەرگە قويۇپ قوياتتىم. ئالدىنقى قېتىم مەن بۇ ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە بىر پاسپورت ۋە بىرقىسىم كىنىشكىلار بار ئىدى. ئۆيۈمنى ئاختۇرغانلارنىڭ بۇ تاختاينى سېزىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم.

ئۇلار ئەلۋەتتە كىيىم ئىشكاپىنىمۇ بوش قويماپتۇ، كىيىم - كېچەكلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، يانچۇقلىرىنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ. ئەمما، ئۇلار بۇ بىر قەۋەت تاختاينى بايقىيالماپتۇ، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشتى. تاختاينى ئېلىۋېتىپ قارىسام، ئىچىدە پاسپورتۇم، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن دىپلومىم ۋە باشقا نەرسىلەر شۇ پېتى تۇراتتى.

مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كىتابلىرىمغا نەزەر سالدىم. بۇلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يىرتىۋېتىلگەن ياكى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى، بۇ ۋەيرانچىلىقتا چىداپ بولالماي، نەزىرىمنى باشقا ياققا يۆتكىدىم، كۆزۈم ئۈچ كىتابقا چۈشتى. بۇلار

كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى ئەۋەتىپ بەرگەن «ئاۋغۇستتىكى مەرگەن»، گىبوننىڭ ئۈچ بۆلۈملۈك «رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى» دېگەن كىتابىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى بىلەن «ھەرە بېقىشقا مۇھەببەت» دېگەن كىتابلار ئىدى. «ھەرە بېقىشقا مۇھەببەت» دېگەن كىتابنىڭ ماۋزۇسىغا قىزىقىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بۇ كىتابنى سېتىۋالغانىدىم. ئۇلار بۇ كىتابلارنىمۇ بوش قويۇشماپتۇ، ھەرە بېقىش سۆزلەنگەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ئاجراپ، يىپلىرى ساڭگىلاپ قاپتۇ. مەن بۇ ئۈچ كىتابنى ياتاق ئۆيۈمگە ئېلىپ كىرىپ، ئەينەكلىك ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم. ئۈستەلنىڭ ئۈستى قۇپقۇرۇق ئىدى، چۈنكى مېنىڭ «مېھمانلىرىم» ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىنى يەرگە تاشلىۋەتكەنىدى. ئۈستەلگە قانچە كىتاب تىزسامۇ سىغقۇۋېرەتتى.

كېيىم ئىشكاپىدىن بىر بىرىزېنت خالتا تاپتىم، چامادانىمنى قايسىدۇر بىر ئەبلەخ كېسىپ تاشلىۋېتىپتۇ، قارىغاندا ئۇنىڭ يوشۇرۇن قەۋىتىنى ئىزدىگەن بولسا كېرەك. بىرىزېنت خالتا نېپىز ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىگە بىرنەرسە يوشۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۇ خالتا يىرتىلىشتىن ئامان قالغاندەك قىلاتتى. خالتىنىڭ ئىچىگە ھېلىقى ئۈچ كىتابنى، كارىۋات ۋە پول ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان كىيىملەر ئىچىدىن بىرقانچە قۇر كىيىملىرىمنى تاللاپ سالدىم، ئاندىن كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ، يەردىكى كىيىملەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم-دە، مۇنچىغا يۇيۇنغىلى كىرىپ كەتتىم.

يۇيۇنغاندەكمۇ بولمىدىم، ئۆيۈمگە كىرگەنلەر مۇنچىنىڭ پەردىسىنىمۇ چىقىرىۋېتىپتۇ، لۆڭگە ئاسىدىغان توغرا تاياقنىمۇ ئېلىۋېتىپتۇ. بەزى توغرا تاياقلارنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىرنەرسە يوشۇرغىلى بولىدۇ. مەندە

www.uyghurkitap.com

قانداق گۆھەر بارلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان تۇرسام، ساقچىلار ياكى ئۆيۈمگە كىرگەن نامەلۇم كىشىلەر توغرا تاياقنىڭ ئىچىدىن زادى نېمە ئىزدىگەندۇ؟ بۇ ئىش تا ھازىرغىچە كاللامدىن ئۆتمەيۋاتاتتى.

مۇنچىنىڭ پەردىسى بولمىسىمۇ يۇيۇنۇۋەردىم، لېكىن سۇ چاچراپ ھەممە يەرنى ھۆل قىلىۋەتتى. مېھمانخانىدا تاشلاقلىق قۇرۇق كىيىملەر بىلەن مۇنچىنى پاكىز سۈرتۈۋەتتىم. مېھمانخانىنىڭ پولى، كىيىملىرىم، ھەتتا پۈتۈن ئۆيۈم بىلەن كارىم بولمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى، بۈنىڭدىن كېيىن بۇلار ماڭا تەئەللۇق ئەمەس. چۈنكى، مەن بۈنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە تۇرالمايمەن، تۇرغۇممۇ يوق. شۇڭا، بۇ نەرسىلەر بىلەن نېمە كارىم.

يۇيۇنۇپ بولۇپ، كىيىملەرنى مالتىلاپ يۇرۇپ، پاكىزرەك كىيىمدىن ئىككى قۇر تېپىپ بەدىنىمنى سۈرتتۇم، ئاندىن پاكىز كىيىمدىن يەنە بىر قۇر تېپىپ كىيىۋالدىم. پۇتۇمغىمۇ راھەت ئاياغدىن بىرنى تاللاپ كىيدىم. چىراغنى ئۆچۈرۈپ، خالتامغا يەنە ساقال تىغى، يۇيۇنۇش بۇيۇملىرى، بۇرۇن پەقەتلا ئىشلىتىپ باقمىغان بىر ئاچقۇچ ئاسقۇچنى سالدىم. بۇ ئاچقۇچ ئاسقۇچنى تارتمامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويغانىدىم، ئۆيۈمنى ئاختۇرغانلار تارتمىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەرگە تۆكۈۋېتىپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن دائىملا «مېنىڭ باشقىلارغا پايدام تەگمىگەنىكەن، باشقىلاردىن ماڭا ياخشىلىق كەلمەيدۇ» دەپ ئويلايتتىم. قولۇمدىكى ئىشنى قويۇپ، ئاچقۇچ ئاسقۇچنى خالتىدىن چىقاردىم-دە، ئۇنى يانچۇقۇمغا سالدىم. بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى يانچۇقۇمدىن چىقىرىپ، يېنىمدىكى ئاچقۇچ ۋە قۇلۇپ ئاچىدىغان ئەسۋابلارنى ئۇنىڭغا ئېسىپ قويدۇم.

مەندەك قانىتى بوغقۇچلانغان قۇشقا نىسبەتەن بۇ ئاچقۇچ بىر-ەر قۇتلۇق بۇيۇم ھېسابلانمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ ماڭا تەلەي ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بىرەر نەرسىنىڭ بار- يوقلۇقىغا قاراپ باقتىم. تېلېفوننى ئېلىپ، بىرىنىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقان- ئاڭلىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم، ساقچىلار بۇنداق قىلمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن كىمگە تې-لېفون بېرەلەيتتىم؟ تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇۋېتىپ، تېلېفون دەپتىرىنى ئىزدىدىم. تېلېفون دەپتىرىمۇ باشقا كىتابلارغا ئوخشاش ئاقمۇەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى، ئەل-ۋەتتە. تېلېفون دەپتىرىنى ئېلىپ، ئېيلىن كىرىستوفنىڭ نومۇرىنى ئىزدىدىم، ئەمما ئۇنىڭ نومۇرىنى تاپالمىدىم. تېلې-فون دەپتىرىدە E. كىرىستوف دېگەن ئىسىمدىن بىرنەچچى-سى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىېك كوچىسىدا ئول-تۇرمايتتى. ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تىزىمغا ئالدۇرغان-ئالدۇرمىغانلىقىنى ۋە باشقا ئىشلارنى ئويلىغۇدەك ھالىم يوق ئىدى.

بىرىېزېنت خالتىنى ئېلىپ، چىراغنى ئۆچۈردۇم. ئىشىكنى ئېچىپ، كارىدورغا چىقتىم. خاتچى خانىم سىرتتا تۇراتتى.

خاتچى خانىمنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاتلە كىيىمى ناھايە-تى رەتسىز ئىدى، كىيىمنىڭ ئۈستىدىكى گۈللىرىنىڭ رەڭ-گى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. ئۇ پۇتىغا سايما كەش كىيىۋالغان، قا-لايمىقانلا بوغۇۋالغان ئاقۇچ چاچلىرى بوشاپ كېتەي دەپ قال-غانىدى. ئاغزىدا تاماكا چىشلىۋالغان بولۇپ، تاماكا كۈلى بىر-قانچە دىيۇم ئۇزۇنلۇقتا يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھەر خىل كىيىم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەرنى كىيگەنلىكىنى كۆرگەنمەن، بىراق ئۇنى ئاغزىدا تاماكا يوق ھالەتتە ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىم. ئۇنى «تاماق يېگەندىمۇ تاماكىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ يەمدىكىن» دەپ ئويلايتتىم.
— رودىنبا ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — ئۆيىڭىزدە بىر شەپە ئاڭلىغانىدىم، لېكىن سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىمەن.
— مەن شۇ.
ئۇنىڭ مۇشۇكنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان كۆكۈچ كۆزلىرى قولۇمدىكى خالتىغا تىكىلدى.
— نەگە باراي دەيسىز؟ بۇنى باشقا مەقسەتتە سورىمىدىم، سىزگە ئېچىم ئاغرىدى شۇ! ئاڭلىسام ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپسىز، شۇنداقمۇ؟ شۇنچە يىلدىن بېرى بىر كارىدوردا تۇرساقمۇ، سىزنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىكەنمەن. بۇ بىنادا سىز ھېچقاچان ئىش چىقىرىپ باقمىغان، شۇنداققۇ؟
— ئەلۋەتتە.
— مەنمۇ ئۇلارغا شۇنداق دېدىم، ئۇلارنىڭ كىر يۇيۇش ئۆيىدە نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ بىنادىكى ئاياللارنىڭ تولىسىنىڭ نېرۋىسى چاتاق رودىنبا ئەپەندى. بىر كۈنى بىر ئايال «ئەمدى كارىۋاتتىمۇ خاتىرجەم ياتالمىغۇدەكمىز» دەيدۇ تېخى. «بولدى قىلىڭ، سىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ كارىۋىتىدا خاتىرجەم ياتالايسىز، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ» دېدىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا «رودىنبا ئەپەندىنىڭ بىرەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىپ باققىنىنى قاچان كۆرگەنتىڭىز؟ ئۇ بۇ بىنادا كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بېقىپتىكەن؟ ئۇنىڭ باشقا جايلاردا نېمە قىلىشى بىلەن نېمە كارىڭىز! ئۇنداق بايلارنىڭ جاجىسىنى بۇرۇنلا بېرىش كېرەك ئىدى» دېدىم.
ئۇ سۆزلەۋاتقاندا تاماكىسىنىڭ كۈلى ئاخىر يەرگە چۈشتى.
— بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋاز-

دا، ــ مېنىڭكىگە كىرەيلى، مەش ئۈستىگە بىر چەينەك قەھۋە قويۇپ قويغانىدىم.

ــ ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، خاتچى خانىم.

ــ بولدى قىلىڭ، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ قەھۋە ئىچكۈدەك ۋاقتىڭىز چىقار. قاچاندىن باشلاپ بۇنچە ئالدىراڭغۇ بولۇپ كەتتىڭىز؟

خۇددى سېھىرلەپ قويغاندەك، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيىگە كىردىم. ئۇ ماڭا بىر ئىستاكان ئالىي دەرىجىلىك قەھۋە قۇيۇپ بەردى، ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى ئۆچۈرۈپ، يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى ـ دە، ماڭا بىنادا يۈز بەرگەن ئىشلارنى، ساقچىلار بىلەن بىر قىسىم نامەلۇم كىشىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

ــ ئۇلارنى كۆرەلمىدىم، ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمما، ئۇلار چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپتۇ. تۇنۇگۈن چۈشتىن كېيىن جورجى ئىشىككە يېڭى قۇلۇپ ئالماشتۇردى. ئۇلار ئادەم ئەمەس، ھايۋان كەبى نېمىلەر ئىكەن، ئۇلار كىمدۇ؟ ساقچىلارمىدۇ؟

ــ مەنچە ساقچى ئەمەس.

ــ سىز ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

ــ بىلگەن بولسام ياخشى بولاتتى. ئۇلارنى راستتىنلا كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ــ ئۇلارنىڭ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرگىنىنىمۇ بىلمەپتىمەن. ئۇلار ئۆيىڭىزنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپتۇ، مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قالدىڭىز ھەقاچان، مەن تېلېۋىزورنى بىرلا ئېچىۋالسام قۇلىقىمغا ھېچنېمە كىرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟ سىز ئۆلتۈرگەن ئادەم بىلەن ئالاقىسى بارمۇ؟

ــ مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، خاتچى خانىم.

ئۇ گېپىمگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىگەندەك قىدىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— سىزنى ئوغرى دېسە ئىشىنىشىم مۇمكىن، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ، — ئەمما، سىزنى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ دېسە ئىشەنمەيمەن. ساقچىلارغىمۇ مۇشۇنداق دېدىم.

— ئۇلار سىزدىن گەپ سورىدىمۇ؟

— بىنادىكى ھەممەيلەندىن سورىدى. ماڭا ئىشىنىڭ، ئۇلارغا ھېچنېمە دېمىدىم، بۇ راست گەپ. مەن ساقچىلارغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. ئالدىنقى قېتىم مېنىڭ جىيەن قىزىم گىلورىيە باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ساقچىلار ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە سوئال سورىغاندىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بەرمىدى. ئۇلارغا سىزنى بىر تال قۇرۇتنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيمايدىغان ياخشى ئادەم دېدىم. ئۇنداق ساقچىلارنىڭ ئىشتىنىغا ئوت كەتسىمۇ دەپ قويمايمەن. بىراق، ھېلىقى ساقچى ماڭا سىزنى فىرانكىسفورد تۇتۇۋاپتۇ، دېگەندى، ئىسمىنى توغرا دېگەندىمەن؟

— توغرا، فىرانكىسفورد.

— ئۇ ماڭا فىرانكىسفوردنىڭ سىزنى بايقاپ قالغانلىقىنى، سىزنىڭ ئامالسىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بەردى. بىراق، رودنىبا ئەپەندى، مېنىڭچە سىز ھەرقانچە ئامالسىز قالسىڭىزمۇ ئادەم ئۆلتۈرمەيسىز. ئۇنى سىز ئۆلتۈرمىدىڭىز، شۇنداققۇ؟

— راستىنىلا مەن ئۆلتۈرمىدىم، خاتچى خانىم، مەنمۇ ھازىر قاتىلنى ئىزدەۋاتىمەن.

— سىز بۇنداق دەۋاتىسىڭىز، — دېدى ئۇ بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلمىغان تەلەپپۇزدا، — راستىنى دېسەم، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ساپلا ئەسكى بىرنېمىلەر تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ

ئۆلتۇرۇۋېتكەن بولسىڭىزمۇ كارىم يوق. ئۆلگەن بولسا خوپ بوپتۇ. بۇ قەھۋە تەملىكمىكەن؟

— قەھۋە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولماس.

— قەھۋە دەملەشتە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ دەملەش كېرەك، بولمىسا قاچا يۇغان سۇنى ئىچكەن تۇزۇك. قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس-لا قاپتىمەن، قاتلىما يېگۈڭىز بارمۇ؟

— بايىلا ناشتا قىلغانىدىم. رەھمەت سىزگە، خاتچى خا-نىم.

— بىر دەم ئولتۇرۇڭ، ئالدىراپ نەگە باراتتىڭىز؟ يەنە بىر ئىستاكان ئىچىڭ، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بۇنچە ئالدىراپ كې-تىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىر ئىستاكان قەھۋەنى ئارتۇق ئىچكەنگە ئۆلۈپ قالمايدۇ ئادەم، ئولتۇرۇڭ!

مەن جايىمدا ئولتۇردۇم.

— سىز بىر ئوغرى ئىكەنسىز، سىزدىن بىر سوئال سو-رىسام ئەيىبكە بۇيرۇمايدىغانسىز؟ بۇ كەسىپتىن كۆپ پۇل تاپقىلى بولامدىكەن؟

— ھەرھالدا بولىدۇ.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇلارغىمۇ شۇنداق دېگەنىدىم، ئۇلارغا سىزدەك بۇنداق يۇرۇش - تۇرۇشى جايىدا، پاكىز كىيىنىپ يۇرىدىغان، چىرايى-دىن كۈلكە كەتمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ خىزمىتى بولمىسىمۇ، يەنە قىلىدىغان بىرەر ئىشى باردۇ؟ دېگەنىدىم. بىراق، ھېلىقى جىت دېگەن ئايال بۇ گېپىمنى يوققا چىقاردى، ئۇ ئۆزىنىڭ كا-رىۋاتتا ئەمدى خاتىرجەم ياتالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. رودنىبا ئەپەندىم، بۇ بىنادىكىلەر گېپىمنى زادىلا ئاڭلىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 12

كېنتبېران مېھمانخانىسىغا كىرىدىغانلارنىڭ كۆپىنـ-
چىسىنىڭ يا قولىدا چامادان بار، ياكى بولمىسا يېنىدا بىر ئا-
يال بار ئىدى. مېنىڭ قولۇمدا بىر دانە بىرېزېنت خالتا، يې-
نىمدا بولسا بىر ئايال بار. يېنىمدىكى ئايالمۇ قولۇمدىكى
خالتىدەك ئادەتتىكىچىلا. ئۇ بەدىنىگە چىڭ كېلىدىغان پادى-
چى ئىشتىنى، سۇس يېشىل رەڭلىك پوپايكا كىيىۋالغانىدى.
ئۇنىڭ لىپتىك تاقىمىغىنى ئاز كەلگەندەك، كىيىممۇ بەدى-
نىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە چاچلىرىنى مەقسەت-
لىك قالايمىقان قىلىپ، قېنىق لەۋ سۇرۇخى سۇرۇۋالغان، قا-
پىقىغا ھەددىدىن ئارتۇق گىرىم قىلىۋالغانىدى. ئىشقىلىپ،
ئۇ بىر قاراشتىلا ھېلىقىدەك ئاياللارغا ئوخشاپ قالغانىدى.
تىزىمغا ئېلىۋاتقان مۇلازىمەتچى ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىـ-
غىغىچە قاراپ چىقتى. بىز ئۆزىمىزنى كېنساس ئىشتاتىدىن
كەلگەن بېن روپا ئەر - ئايال دەپ تىزىمغا ئالدۇردۇق. بىرې-
زېنت خالتىنىڭ ئۈستىدە يوغان R ھەرپى بار ئىدى، بۇمۇ مې-
نىڭ سۆزۈمنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا
چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. پوكەيگە ئون دوللارلىق پۇلدىن ئىك-
كىنى قويۇپ قويدۇم، مۇلازىم پۇل قايتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بو-
لۇۋاتقاندا، ئېيلىن چاققانلىق بىلەن بىر كونۋېرتنى پوكەيگە
قويۇپ قويدى. مۇلازىم پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بولۇپ، ئۈستىگە
بېرىلىنىڭ ئىسمى يېزىلغان كونۋېرتنى كۆرۈپ، داڭ قېتىپ
تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ نەرسە نەدىن كەلدى؟
مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم، ئېيلىنمۇ ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا شۇ يەردىلىكىنى ئېيتتى. مۇلازىم پەرۋاسىز هالدا كونۋېرتنى 305 ـ نومۇرلۇق خەت ساندۇقىغا سېلىۋەتتى.
مۇلازىم بىزگە 507 ـ نومۇرلۇق ياتاقنى بەردى. ئېيلىن بىلەن لىفىتقا قاراپ ماڭدۇق، ئۇنىڭ ساغرىسى توختىماي لىدـ غىلداپ تۇراتتى. لىفىتتىكى ئاغزىغا سىگارت چىشلىۋالغان ياشانغان كىشى بىزنى بەشىنچى قەۋەتكە ئاچىقىپ قويۇپ، «ياتاقنى ئۆزۈڭلار تېپىۋېلىڭلار» دېدى.
ياتاق تولىمۇ كىچىك بولۇپ، ئىچىگە كارىۋات قويۇلغاندـ دىن كېيىن تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەنىدى. كارىۋات قاردـ ماققا نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندەك قىلاتتى. ئېيلىن كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ، يۇزىدىكى گىرىملىرىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېـ يىن ئەسلىدىكى هالىتىگە قايتقاندەك بولدى.
— شۇنچە ئاۋارە بولۇپ قىلغان گىرىمىم مانا ئەمدى بىدـ كار بولدى.
— ياسىنىشنى خېلى قاملاشتۇرىدىكەنسىز ـ هە؟
— مايكا كىيىۋالغان پاهىشە ئاياللارغا ئوخشاپ قالدىمغۇ دەيمەن.
— مېنىڭچە، سىز ئەمگۈچى هايۋانلارغا ئوخشاپ قالغانـ دەك تۇرىسىز، بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم.
ئۇ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قويدى. تازىلىق ئۆيىگە كىدـ رىپ يالغان چېچىم بىلەن شەپكەمنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. بۇنداق ياسىنىۋالغاننىڭ پايدىسى بولمىغاندەك قىلاتتى، چۈنـ كى خاتچى خانىم مەندىكى ئۆزگىرىشنى پەقەتلا هېس قىلالـ مىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ماشايلى، — دېدىم كىنو ئارتىسلىرىدەك قېشىمنى يىمىرىپ قويۇپ، — ئەجەبا، سىز بۇ يەردە ئون - يىگىرمە دوللار تاپاي دېمەيۋاتقانسىز قىزچاق؟

— بۇ يەردىمۇ؟ ياق.

— بۇ يەردىمۇ كارىۋات بار.

— بۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ئەتىرگۈللەر تىزىلماپتۇ. بۇنداق كارىۋاتتا ئادەمنىڭ قانداق بىر ئىش قىلغۇسى كېلىدۇ؟

— ھەممىسى مۇشۇ كارىۋاتتا يېتىشىدۇ. سىز بۇ كارىۋاتتا ئادەم ياتىدۇ دېسە ئىشەنمەمسىز؟

ئۇ دىمىقىنى قېقىپ قويدى. مەن بىرزېنت خالتامنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشىكتىن چىقتىم. بىز بۇرۇندىلا بىررىلىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ياتىقىدا ئادەم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرۈۋالغانىدۇق، شۇنداقتىمۇ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ باقتىم. ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشقا ھېچقانچە كۈچ كەتمىدى. چۈنكى، مەن ئاچقۇچۇمنى قۇلۇپقا سالسىلا ئىشىك تاراقىدە قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. مېھمانخانىلاردا بىر تال ئاچقۇچنى بىر قاتاردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشلىتەتتى، يەنى 305 ـ، 405 ـ، 505 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەرنى بىر تال ئاچقۇچ بىلەنلا ئاچقىلى بولاتتى. بىر تال ئاچقۇچ بىلەن باشقا كونا مېھمانخانىلاردىكى ئوخشاش نومۇرلۇق ئۆيلەرنى ئېچىۋېتىشمۇ مۇمكىن ئىدى.

بىررىلىنىڭ ياتىقى بايىقى ياتاقتىن خېلىلا ئوبدان بولسىمۇ، بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى، يەرگە ئانچە - مۇنچە گىلەم سېلىنغان، ئۆيدىكى جاھازلارنىڭ تولىسىنىڭ پۇتلىرى كەم ئىدى. بىرزېنت خالتامنى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا بىررىلىنىڭ ئىشكاپىنى

ئاختـۇرۇپ كېتىپتىمـەن. كېيىـن بىـرزىنىت خالـتىنـى يەرگە قويۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. يەنە بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق مـەن ئولتۇرغـان بۇ ئورۇندۇقتىـن راھەتتىـەك قىلاتتى، لېكىن ئېيلىـن ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ بولغانىدى.

ــ ئەمدى ئوبدان بولدى، ــ دېدى ئۇ، ــ بىز ئاخىر كىرد-ۋالدۇق.

ــ شۇنداق، كىرىۋالدۇق.

ــ ئۇ قاچان كېلەر؟

ــ چوقۇم كېلىدۇ.

ــ ئۇغۇ شۇ، سىز قارتىدەك بىرەر نەرسە ئېلىۋالمىدى-ڭىزمۇ؟

ــ ئالماپتىمەن.

ــ مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەن.

ــ ھەممە ئوغرى يېنىدا قارتا ئېلىپ يۈرمەيدۇ.

ــ سىز يالغۇز ھەرىكەت قىلىدىغان ئوغرى، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق. بۇ ئۆيدىمۇ قارتا بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزى بىلەن ئۆزى قارتا ئوينايدىغانلار نا-ھايىتى ئاز.

ــ ئۇنداق بولسا، قىمار ئوينىيالمايدىكەنمىز-دە؟

ــ شۇنداقتەك قىلىدۇ.

بىز بىردەم مۈگدىشىپ توختاپ قالدۇق، ئاندىن يەنە پا-راڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ مەندىن بۇ ئىش ئاخىرلاشسا نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى سورىدى.

ــ تۈرمىگە كىرىمەن.

ــ ھەقىقىي قاتىل تېپىلسا ئۇنداق بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ-لار سىزگە باشقا جىنايەتلەرنى ئارتىشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن.
— ئۇنداقتا، بۇ ئىش ئاخىرلاشسا نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىم خېلى كۆپ ئىدى.

— ئاۋۋال بىر يېڭى ئۆي تاپىمەن. ئەمدى بۇرۇنقى ئۆيۈمدە تۇرسام بولمايدۇ، بىنادىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ بولدى، مېنى تونۇپمۇ بولدى. باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىمەن، يېڭى ئىسىم ئىشلىتىپ، يېڭىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالىمەن. ماڭا بۇنداق ئاۋارىچىلىكلەر ئۇچراپلا تۇرىدۇ.

— نيۇيوركتا تۇرىدىغانسىز؟

— مېنىڭچە شۇنداق. باشقا جايغا بارسام ساراڭ بولۇپ قالىمەن. بۇ شەھەر مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ تونۇشلىرىم، كىشىلىك ئالاقەمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە تۇرسا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— دېمەكچى بولغىنىم، بۇ يەردە بۇ كەسىپنى قانداق قىلىشنىڭ يولىنى بىلىمەن، ئوغرىلىغان نەرسىنى قانداق قىلىپ قولدىن چىقىرىش، كىمگە سېتىش دېگەندەكلەرنى دەيمەن. بۇ يەردىكى ساقچىلارمۇ مېنى تونۇيدۇ، بۇنىڭ پايدىسى كۆپ. ئىشقىلىپ، مەن بۇ يەردە تۇرمىسام بولمايدۇ. پەقەت بولمىسا مانخاتتوندىن يىراقراق جايلارغا بېرىپ ئىشىمنى قىلسام بولىدۇ. بىر قېتىم خارىسىنغىمۇ بارغانىدىم......

— ئىشقىلىپ، سىز يەنە ئوغرىلىق قىلماقچىمۇ؟

ئۇنىڭغا قارىدىم.

— پەقەت چۈشىنەلمىدىم، — دېدى ئۇ، — سىز مۇشۇنداق ئوغرىلىق قىلىپ ئۆتۈۋەرمەكچىمۇ؟

— ئۇنداق بولسا نېمە ئىش قىلىمەن؟

— بىلمەيمەن.

— ئېيتىڭ، قارىماققا سىز تېخىچە ئۆزىڭىزنى كىمنىڭ كۆرۈۋاتقان دەپ قالغان ئوخشايسىز، كىمنى توگەي دەپ قالغاندا مەن بىردىنلا ئۆزگىرىپ ياخشى ئادەم بولۇپ قالامدىم؟ بۇ قانداقمۇ رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولسۇن؟

— رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولمامدىكەن؟

— پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئەمەس. مەن 35 كە كىرەي دېدىم، قولۇپ ئېچىپ ئوغرىلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيمەن. ئىش ئورنى تونۇشتۇرىدىغان ژۇرنالدىن گۆش توغراش، قاسساپلىق قىلىش دېگەندەك ئېلانلارنى كۆپ كۆرگەنمەن، بىراق ھېچقايسىسى ماڭا ماس كەلمەيدۇ. بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشۈم مۇمكىن ئەمەس. ئۆيۈمدە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تىيىنىنى بېقىپ، ئارقا ھويلامغا ئادەمگىياھ تېرامدىم؟ ھازىر ئىش تاپتىم دېگەندىمۇ، سائىتىگە ئىككى دوللارلىق خىزمەت تاپالىشىم مۇمكىن، ئەمما ئون دوللار تېپىپ بولغۇچە ئىشنى تاشلاپ كېتىپ قالىمەن.

— قولۇپچىلىق قىلسىڭىز بولىدىغۇ؟

— سىزنىڭچە، ئۇلار بىر ئوغرىغا تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېرەرمۇ؟ كېيىنلىك شىركىتىدىكىلەر قولۇپچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن - ئۆتكۈزمىگەنلىكىگە قارايدۇ.

— يەنە باشقا ئىشلارنى قىلسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، بورنى؟

— دۆلەت ماڭا پوچتا خالتىسىنى تىكىش، ماشىنا نومۇرىغا رەڭ بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى ئۆگەتكەن. ئەمما، سىزگە دېسەم، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەسقاتمايدۇ.

— ئەمما، سىز شۇنداق ئەقىللىك، شۇنداق ئىقتىدار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىق. كاللىڭىزنى سەللا ئىشلەتسىڭىزلا......

— مەن بۇ ئارتۇقچىلىقلىرىم بىلەن پەقەت ئوغرىلا بولا-لايمەن، ئېيىلىن. ھازىر كۈنۈم شۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ. بەل-كىم بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، مەن بىر يىلدا بىرقانچە كې-چە ۋاقتىمنى چىقىرىپ ئوغرىلىق قىلىپ قويسام، قالغان كۈنۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيمەن. بۇنداق ئۆتسەم ياخشى ئە-مەسمۇ؟

— ياخشىلىقىغۇ ياخشى.

— مەن شۇنچە ئۇزاق يىل ئوغرىلىق قىلدىم، نېمىشقا كەسىپ ئۆزگەرتكۈدەكمەن؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن.

— ھېچكىم ئۆز كەسپىنى ئاسان ئۆزگەرتمەيدۇ.

يۇقىرىقى گەپلەر بولۇنغاندىن كېيىن، بىزنىڭ قىلىش-قۇدەك باشقا گېپىمىز قالمىدى. ۋاقىت شۇنداق ئاستا ئۆتمەك-تە ئىدى. بىز ساقلاۋاتقاندا ياندىكى ئۆيدىكىلەر قايىنام - تاش-قىنلىقتا چۆمدى. بىرقانچە قېتىم كارىدوردىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، نەپىسىمىزنىمۇ چىقارماي تۇرۇۋال-دۇق، بىز بۇ ئاياغ تىۋىشىنى بىررىلىنىڭ دەپ ئويلىغانىدۇق، نەتىجىدە ياندىكى ئۆيدىكىلەر بولۇپ چىقتى. بىردەمدىن كې-يىن ياندىكى ئۆيدىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلان-دى. يەنە بىردەمدىن كېيىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىشى توخ-تاپ، بىرىنىڭ لىفىتقا كىرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— ھېلىقىدەك ئىشلاركەن - دە؟ — دېدى ئېيىلىن.

— مېھمانخانىلارنىڭ ئۇلارغا مۇشۇنداق شارائىت يارد-تىپ بېرىشىمۇ بىر ياخشى ئىش.

— ھەرھالدا كوچىدىلا شۇنداق ئىشلارنى قىلغاندىن ياخ-شى. ئاخىرقى بىر جۈپ بەك ئالدىراپ كەتتىمۇ قانداق؟

— بەلكىم، ئەر ئىشقا بارىدىغاندۇ.

ئاياغ تىۋىشى ئاخىر ئاڭلاندى. لىفىتتىن مىڭىپ كەل-گەن ئاياغ تىۋىشى ياندىكى ئۆيلەردە توختاپ قالماي، ئۇدۇل بىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىز ئە-شىكنىڭ ئارقىسىدىلا ئىدۇق. مەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلى-ۋېلىپ، سالماق قەدەملەر بىلەن ئىشىك تۈۋىگە باردىم.

كەلگەن ئادەم ئاچقۇچنى سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ دەل ۋېسلى بىررىل ئىدى. ئۇنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆز-لىرى ماڭا تىكىلدى. ئۇنى ئايلىنىپ يىقىلىپ قالارمىكىن دەپ، غۇلىچىمنى ئېچىپ تەييار تۇردۇم. ئەگەر ئۇنىڭ باشقى-چە خىيالى بولسا، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇرۇۋېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى.

ئەمما، ئۇ ماڭا ئۇدۇل قارىيالىدى.

— رودىنبا، كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قېلىۋاتىمەن. مېنى قانداق تاپتىڭ؟ پەستىكىلەر ماڭا سىنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتمىغانىدىغۇ؟

— ئۇلار بىلمەيدۇ.

— ئەمىسە سەن قانداق قىلىپ...... ۋاي، ئېسىم قۇرۇ-سۇن، سەن دېگەن بىر ئوغرى ئەمەسمۇ.

— ھەممىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى بارغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق.

ئەمدى ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى پوزىتسىيەسى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. بۇرۇنقى ئۇرغۇلۇق چىقىدىغان ئاۋازىمۇ بوشاپ كەت-كەنىدى.

ئۇ ئاۋۋال چىرايىغا تەبەسسۇم يۇگۇرتۇپ، بېشىدىكى قال-پىقىنى ئېلىپ، ئېيلىنغا سالام بەردى، ئاندىن نەزىرىنى ماڭا يۆتكىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئىشىكنى يېپىۋېتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار. قوشـنـا ـ قولۇملارنى بۇ ئىشقا چېتىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوققۇ؟ ھە، ئەمدى بولدى، ئەيىبكە بۇيرۇمىساڭلار، بىر سوئال سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، سەن مېنى قانداق تاپتىڭ؟

— سېنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ قالدىم.

— نېمە؟

— بىر كونا فىلىمدىن.

— شۇنداق ئوڭايلا تونۇۋالدىڭما؟ — دېدى ئۇ كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە، — قايسى كىنونى دەيسەن؟

— «ۋاستىچى».

— ھە، ھېلىقى جاسۇس كاننا رول ئالغان فىلىمنى دەمسەن؟ مەن ئۇنىڭدا تاكسى شوپۇرىنىڭ رولىنى ئالغان.

ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگەندە كۆزلىرى خىرەلەشكەندەك بولدى.

— توغرا، ئۇ بۇرۇنقى چاغلار ئىدى. ئۆتكەن يىللى پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتى بىلەن راستىنلا تاكسى ھەيدىدىم، كىنودا ئەمەس، رېئال تۇرمۇشۇمدا.

ئۇ قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ ئىسسىتىۋالدى.

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، يەنىلا رېئاللىققا يۈزلەنمىسەك بولمايدىكەن، شۇنداققۇ؟ مۇھىمى ئۇ ھېلىقى قۇتىنى ئالماقچى، شۇنداقمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ شۇنچىۋالا ئىش تۇرۇقلۇق ھېلىقى كۆك قۇتا زادى نەدە؟

— كۆك قۇتا دەمسەن؟ ئۇنى نېمىشقا مەندىن سورايسەن؟

— كۆك خورۇمغا ئوراقلىق قۇتا شۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنى قولۇڭغا چۈشۈرۈپ بولدۇڭ. فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋېتىـ

شىڭنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى، مېنىڭچە ئۇمۇ فىد-
رانكىسفوردنىڭ ئۆلۈشىنى خالىمايتتى. بىراق، ھېچقىسى
يوق، ئۇ يەنىلا پۇلۇڭنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم، ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن
ئېلىپ قېچىپ تۇراتتى، خۇددى بۇرۇنقىدەك يەلكەمگە قاراپ
تۇرۇۋالدى.

— ھەي، بورنى، — دېدى ئۇ توساتتىنلا كۈلۈپ، — ئەمدى
سېنى بورنى دەپ ئاتىسام بولىدىغاندۇ؟ مېنى بىلىسەن، يامان
ئادەمنىڭ رولىنى ئالمىغىنىمغا ئۇزاق بوپتۇ، مېنى ۋېسلى
دەپلا چاقىرىۋەر.

— ۋېسلى.

— بەك ياخشى بولدى، مەن بۇ قىزچاقنى بۇرۇن كۆرۈپ
باقمىغانغۇ دەيمەن.

— بولدى قىل ۋېسلى، يەنە ئويۇن قويۇۋاتىسەن شۇنداق-
مۇ؟ ۋېسلى ئەزەلدىن بىرىنى «قىزچاق» دەپ چاقىرىپ باقمى-
غان.

— دېگىنىڭ تامامەن توغرا.

ئۇ ئېيلىنغا قاراپ كۆزى ئارقىلىق سالام قىلدى ۋە «مەن
ۋېسلى بېررىل بولىمەن» دېدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى رۇن خايتىۋېر، — دېدىم بېررىلغا.

— بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر چاقچاق، —
دېدى ئېيلىن، — مېنىڭ ئىسمىم ئېيلىن كىرىستوف.

— سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن
كىرىستوف خانقىز.

ئۇ ئېيلىنغا قاراپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

— ۋېسلى، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بۇ يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭ قورۇق گېپىڭنى ئاڭلىغىلى كەلمىدىم.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم. سەن هازىر قىيمىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇنى تازا ھەيران قالدۇردۇڭ، ئۇ سېنى ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغان. ئۇنىڭغا سېنى ئۆزىنى قوغدىغان بولۇشى مۇمكىن دېدىم. ئەمما، قانۇندا ئوغرىلىق قىلىۋېتىپ ئادەم ئۆلتۈرگەننى ئۆزىنى قوغدىغانلىق دەپ قارىمايدىغۇ دەيمەن.

— قانۇندا بىرىنچى دەرىجىلىك قاتىللىق دېلوسى دەپ قارايدۇ.

— بۇنى بىلمەن، ئەمما بۇنداق بولسا ساڭا ئادىل بولمايدۇ، شۇنداققۇ؟ سەن زادى ھېلىقى قۇتىنى ئالالىدىڭمۇ يوق؟

— قۇتا دېدىڭما؟

— شۇنداق.

كۆزۈمنى يۇمۇپ بىردەم ئويلىنىۋالدىم.

— ئۇ يەردە قۇتىنى كۆرۈپمۇ باقمىدىم، چۈنكى سەن قۇتىنىڭ سىرتقى شەكلىنى شۇنچە تەپسىلىي دەپ بەرگەن بولساڭمۇ، ئۇنىڭ قانداق كۆك ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتمىغانىدىڭ. سېنىڭدىن سورىغان چېغىمدا ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈپ قويۇپتىكەنسەن.

— نېمىدەپ ئاغزىمغا كەلگەننى دېگۈدەكمەن؟

— ئۇنداق قۇتا بولمىغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭ ئويدۇرۇپ چىقارساڭ بولىدىغۇ؟ بىراق، راستتىنلا شۇنداق قۇتا بارمىتى؟ ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، پېشانىسىگە بىر سىزىق قورۇق پەيدا بولدى.

— راستتىنلا شۇنداق قۇتا بارمىتى؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدىم.

— دېمەكچى بولغىنىڭ، سەن مېنى......

— مەن دەل شۇنداق ئويلىدىم.
— ئەمىسە سەن قۇتنى؟......
— ئالالمىدىم.
— ئاناڭنى، ھۇ ئۆلگۇر!
ئۇ ئاچچىقىدا سەكرەپ كەتتى، ئاندىن يېنىدا ئايال كىشى بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئېيىلىنغا قاراپ:
— كەچۈرۈڭ! — دېدى.
ئېيىلىن ھېچقىسى يوقلۇقىنى بىلدۈردى.
ئەسلىدە بۇ قۇتا راستىنلا بار ئىكەن. ئۇ كۈنى ئۇ مېنى ۋاندورا قاۋاقخانىسىدا توپتوغرا يېرىم كۈن ساقلاپتۇ، 4000 دوللار پۇل ئۇنىڭ يانچۇقىدا ئىكەن. ئۇ قاۋاقخانا تاقالغۇچە ھاراق بۇيرۇتۇپ ئىچىۋېرىپتۇ. ئەتىسى ئاندىن ئىش چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ.
— فىرانكىسفوردنى سەن ئۆلتۈرمىدىڭمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن.
— سەن مېنى ئۆلتۈردۈڭ دەمسەن؟ ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇرسام. ھە، گېپىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. سېنىڭچە مەن ساڭا قەست قىپتىمەن-دە. ئەگەر ئۇنى سەن ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ......
— ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرگىنى ئېنىق. چۈنكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ بېشىغا قاتتىق نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرەلمايدۇ.
— بۇ توغرۇلۇق بىرەر نەرسە بىلگەن بولسام ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۇ، — ئەمما، مەن پەقەت ئالاقىلىشىپ بەرگۈچى، خالاس. نۇرغۇن ئىشلارنى مەنمۇ بىلمەيمەن.
— سېنىڭ ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىمەن.
— مەن پەقەت بىر ئارتىس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلىرىممۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تازا ئوڭدىن كەلمەي، نەس بېسىپلا تۇرۇۋاتىدۇ، مانا ھازىر سىد-نارىيە تېكىستىنىمۇ ئېسىمدە تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ھازىر ماڭا ئويۇن قويىدىغان پۇرسەتمۇ يوق، ۋاستىچىم بىد-لمەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ ئۈزۈلەي دەپ قالدى.

— بۇنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەنىدىم.

— مارتىننى كۆردۈڭما؟

— ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن، — دېدىم سۆزۈمنى تەكرارلاپ، — ئەمما، ئۇ يوق ئىكەن. تۈنۈگۈن ئاخشام شۇ يەر-دىن سېنىڭ ئادرېسىڭنى تاپتىم.

— شۇنداقمۇ؟

ئۇ ئىشىككە يەنە بىر قېتىم قارىۋەتتى، ئۇ بىزنىڭ بۇ ئۆيگە قانداق كىرگەنلىكىمىزنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مېنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشىمدىكى سەۋەب، مېنىڭ ئارتىس بولغانلىقىمدا. مەن ئىلگىرى دائىم سەلبىي روللارغا چىقاتتىم، شۇڭا ئۇ مېنى تاپقان گەپ، ئۇ مېنى ياللاپ ھېلىقى قۇتىنى ئوغرىلاتماقچى بولغان. سېنىڭ پۇلۇڭنى بې-رىۋەتكەندىن كېيىن، قۇتىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغانىدىم.

— سەن نېمىشقا مېنى ئىزدەيسەن؟

— بۇنى ئۇ ماڭا دەپ بەرگەن.

— شۇنداقمۇ دەيلى، ئۇ ساڭا بىر ئوغرى تېپىشنى ئېيد-تىپتۇ، بىراق سەن مېنىڭ بۇ كەسىپنى قىلىدىغانلىقىمنى قانداق بىلىسەن؟

ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— سېنى ئىزدەشنىمۇ ئۇ ئاپال ماڭا ئېيتقان. ئۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاتاپ تۇرۇپ ماڭا ھاۋالە قىلغان. ھەي بورنى، مەن بىر ئارتىس تۇرسام، كىمنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى قانداق بىد-لەي؟ مەن ئىلگىرى دائىم سەلبىي روللارغا چىققان بولساممۇ،

لېكىن بۇ مېنىڭ يامان ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ بەرمەيدىغۇ؟
— سىزنى ياللىغان ئۇ ئايال، — دېدى ئېيلىن، — بورنىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلەمدىكەن؟
— شۇنداق.
— ئۇ بورنىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى، چىراي شەكلىنىمۇ بىلەمدىكەن؟
— ئۇ مېنى بورنىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا باشلاپ ئاپىرىپ، ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ قويغانىدى.
— ئۇ بورنىنى قانداق تونۇيدىكەن؟
— بۇنى ئۆزىڭىز تەكشۈرۈپ بېقىڭ.
— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە، ۋېسلى؟
— دېسەم بولمايدۇ.
— سىز ئەلۋەتتە دەپ بەرمەيسىز.
— شۇڭا، ئۇ مېنى ئىزدىگەن.
ئېيلىن كۆزىنى قىسىپ قويدى.
— توختاپ تۇرۇڭ، سىزنىڭچە بورنىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى بىلىش ھوقۇقى يوقمىدۇ؟ ئۇنى كىم قەستلەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى؟ ئۇ يوق يەردىن بىر قاتىللىق دېلوسىغا چېتىلىپ قېلىپ، مانا ھازىر سىرتقا چىقىسىمۇ سىياقىنى ئۆزگەرتىپ چىقىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىغۇ......
— ھە سېنىڭ چېچىڭ، — دېدى ۋېسلى، — نېمانداق غەلىتە كۆرۈنىدىغاندۇ دېسەم، ئەسلىدە چېچىڭنى بويىۋاپتىكەنسەن - دە.
— بۇ دېگەن يالغان چاچ.
— راستتەكلا تۇرىدىكەن.
— بولدى، قۇرۇق گەپنى قويۇڭ، — دېدى ئېيلىن قورق-

ماستىن، ــ يەنە ھېلىقى ئايالنىڭ ئىسمىنى يوشۇرۇۋاتىدىسىز غۇ؟

ــ ئۇ ماڭا شۇنداق قىلىشىمنى ئېيتقان.

ــ ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ئۇنىڭ ئىسمىنى چوقۇم ئېيتىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ؟ بولمىسا......

ــ بولمىسا قانداق قىلاي دەيسىز؟

ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭىمۇ يوللۇقتەك تۇيۇلدى.

ئېيلىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئەمما، مەن باياتىندىن بېرى قاتتىق ئويلىنىپ، جاۋابنى تېپىشقا ئازلا قالغانىدىم. بېررىل مېنى تونۇمايدۇ، مېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلمەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئايال مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلىدىكەن. بېررىل ئارتىس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئايال بېررىلنى ئىزدىگەن گەپ، چۈنكى بۇنداق ئارتىسلارمۇ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىسىگە تەۋە. ئۇ بۇنداق كىشىلەرنى چۈشەنمەيدۇ. مەندىن باشقىلار كىمنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. لېكىن، ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىمنى، چىراي شەكلىمنى بىلىدىكەن.

ــ ئۇنى بۇنداقلا بوش قويۇۋەتسەك بولمايدۇ، بورنى.

ــ سەل توختاپ تۇرۇڭ.

ــ سىز ئۇنى مۇشۇنداقلا قويۇپ بەرمەكچىمۇ بورنى؟

ــ بىر ئاز تەخىر قىلىڭ.

ــ ئۇنى ئۆيىدىن مىلىڭ تەستە تېپىۋالغان تۇرساق، ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى بىزگە دەپ بەرسۇن دېگىنىم خاتا ئەمەستۇ؟

كۆزۈمنى يۇمدۇم.

ــ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بولامدۇ؟ بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ.

كاللامدىكى ئاخىرقى بىر تۈگۈن يېشىلىشكە ئازلا قال-

ـدى، بەئەينىـى گۈل بەرگـى ئاستـا ـ ئاسـتا ئېچىـلىـۋاتقاندەك، ھەمـ ـمـە نەرسە ماڭا ئايان بولـۇشقا باشلـىدى. كـۆزۈمـنى ئېچـىپ ئېيـ ـلىـنغا قارىـدىم، ئاندىـن ۋېسلى بېررىـلغا قاراپ كـۈلـۈمسـىرىـدىم.

ـــ ئۇ دەپ بەرمـىسـىمـۇ بولـىدۇ، ـــ دېدىـم ئېيلـىنغا قاراپ، ـــ ئۇنـىـڭ بىـر ئايال ئىكەنلـىكـىنى دەپ بەرگـىنـىنـىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەمدى ھەممـىنـى چۈشـەندىـم، ئۇ ئايالـنىـڭ كـىملـىكـىنى بىـلىـپ بولدۇم.

ـــ كـىـمـكەن؟

ـــ ئۇ يەنـىـلا شـۇ بۇرۇنقـى ئۆيـىـدە تـۇرامـدۇ ۋېسلـى؟ باغچە كوچىـسـىدا، توغرىـمـۇ؟ شـۇ تاپتـا ئېنـىق ئادرېسـىـنى ئېسـىمگە ئاـ لالـمايـۋاتـىمـەن، ئەمـمـا ئۇ بىـنانـىـڭ شەكلـىـنى سىـزىـپ بېـرەلەيـ ـمـەن، ئېيلـىـن، مـەن سىـزگە ئالـدىنقى قېـتىـم قەيەردە تۇتـۇلـۇپ قالـغان دېـگەنـىـدىم؟

بېـررىـلـنىـڭ يۈزلـىـرىـدىـن تەر قۇيـۇلـۇشقا باشلـىـدى. ئۇ قـوـ لـى بىـلەن تەرلـىـرىـنى توختـىماي سۈرتەتتى، ئۇنىـڭ بۇ ھالـىـتـىـ ـنى كـىـنودا كـۆپ قېـتىـم كـۆرگـەنـىـدىم.

ـــ كـارت سـانـدىـۋال خانـىـم، سـىـزگـە بۇ ئايالـنىـڭ گېـپـىـنى قىـلـىـپ بەرگـەنـمـىـدىم ئېيلـىـن. ئۇنـىـڭ ئېرى تەڭگـە پۇللارنى يىـغـىـپ ساقلاشقـا ئامـراق. ئۇنـىـڭ يەنە بىـر قورالـىمـۇ بار. ئۇلار ـ نـىـڭ ئىـشـىـك قوڭغۇرىقـى بۇزۇلـۇپ قاپتـىكـەن، مەن كـىـرگـەن چېـغـىـمـدا ئۇلار ئىـككـىلـىـسـى ئۆيـىـدە ئىـكەن. بۇ ئىـشـنى سىـزگـە دېـگەن بولـغـىـيـتـتـىـم؟

ـــ شـۇنداق، دەپ بەرگـەنـىـدىڭـىـز.

مـەن بېـررىـلغا قاراپ كـۈلـۈپ قويدۇم.

ـــ ئۇنـىـڭ ئېـرى جـىـنـايـى قىـلـمـىشلارغا قارشـى تـۇرىـدىـغان خـەلق تەشـكـىلاتـىـنـىـڭ رەھبـىـرى. ئۇلارنـىـڭ ھەمـمـىـسـى يۇقـىـرى ئىـمـتـىـيازغـا ئىـگـە پارازىـت قۇرت. ئۇلار كـوچـا چارلايـدىـغان ساقـ

چىلاردىن تارتىپ سىياسىي، ئەدلىيە چىرىكلىكىگىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشالايدۇ. ئۇ ئەبلەخ ماڭا قوراللىرىنى تەڭلىگەندە، يېنىمدىكى پۇللارنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇراي دېگىنىمنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىغان. ئۇ تېخى مېنى پارا بەرمەكچى بولدى دەپ ئەرز قىلغان. ئەمما، ئۇ ساقچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ «ماڭا پارا بەرمەكچى بولدى» دېگەن گېپى ئاقمىغاندى. مەن ئۇنى CACA تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەمەس، ۋال سىترت كوچىسىدا سودا قىلىدىغانلاردىنمىكىن دەيمەن. چۈنكى، ئۇ تەڭگە پۇللارنى يىغىدۇ، پۇل پاخاللىقى بولسا ئۇنىڭ تەڭگە پۇللىرىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ۋېسلى، ئۇ تېخىچە تەڭگە پۇللارنى يىغىش بىلەن ئاۋارىمۇ؟

ۋېسلى ماڭا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئۇ ئىككىسى ئېسىمدىن پەقەت كەتمەيدۇ، — دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇلارمۇ مېنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ بەلكىم. مەن قولغا ئېلىنغان كۈنىمۇ، سوتقا ئېلىپ چىقىلغان كۈنىمۇ ئۇلارنى كۆرگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار سوتقا چىقمىسىمۇ بولاتتى. مەن جازايىمنى يېنىكلەپ قالارمىكىن دەپ ھەممىنى ئىقرار قىلىپ، ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە يېقىندىن ماسلاشقانىدىم، بىراق بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى، چۈنكى كارت ساندىۋال پەقەتلا ماسلاشقىلى ئۇنىمىدى. كېيىن بىرى ئۇنى چەتكە تارتىپ «ھەممە ئادەم سىزدەك قىلسا، ھەممە دېلوغا سوت ئاچقىلى تۇرساق ئىشلار تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ» دېدىغۇ دەيمەن.

— بورنى......

— ساندىۋال خانىم ئېرىدىن خېلىلا ياش. شۇ ۋاقىتتا ئۇ 40 ياشلار ئەتراپىدا ئىدى، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىساق، ھازىر

ئۇنى 45 كە كىرىپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىكى بەك ئۇچلۇق ئىدى، ئۇ شۇ چاغدا بەك جاھىللىق قىلغاچقا، كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنگەن بولغىيتتى ھەقاچان. ئۇنىڭ چېچى يەنىلا شۇ رەڭدىمۇ، ۋېسلى؟

— مەن ساڭا تېخى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگىنىم يوققۇ.

— دېگىنىڭ توغرا. مەنمۇ ئېيتىپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭ ئىسمى تىلىمىنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ، كارامۇ، مارامۇ؟

— دارا.

نېمىشقىكىن، ئېيىلىنغا قاراپ قويدۇم. ئۇ بوينىمنى سوزۇپ، دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغاندەك قىلاتتى.

— دارا ساندىۋال، — دېدىم ئېيىلىنغا قاراپ، — بۇ ئىسىم ئېسىڭىزدە بارمىكەن؟

— ياق، سىز بۇنداق ئىسىمنى تىلغا ئېلىپ باقمىغان. نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە. ياردەم قىلىپ ئۇنىڭغا بىر تېلېفون قىلىۋەتكىن، ۋېسلى.

— ئۇ ماڭا تېلېفون قىلسا بولىدۇ، مەن قىلسام بولمايدۇ.

— ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ھېلىقى قۇتىنى ئالامدىكەن سوراپ باققىن.

— قۇتا يا سەندە بولمىسا بورنى.

ئۇ ماڭا گۇمانىي نەزەردە قاراپ قويدى.

— ئاللىبۇرۇن قولغا چۈشۈرۈپ بولدۇڭمۇ يا؟ مېنى گاڭگىرىتىپلا قويدۇڭ. ھېلىقى قۇتا سەندە زادى بارمۇ - يوق؟

— يوق.
— مېنىڭچىمۇ شۇنداقتەك قىلىدۇ، چۈنكى سەن بۇنداق قۇتىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيسەن. ئۇ قۇتىنى كۆرۈپمۇ باقمىدىڭما......
— ياق.
— ئۇستەلنى ئىزدەپ باقتىڭمۇ؟ ھېلىقى قاتلىنىدىغان ئۇستەلنى دەيمەن، بۇنداق نەرسىغۇ باردۇ؟
— باركەن. ئۇستەلنى شۇنداق ئەستايىدىل تەكشۈردۇم، ئەمما ھېلىقى كۆك قۇتىنى تاپالمىدىم.
— ئاناڭنى!
ئۇ بۇ قېتىم ئېيىلىندىن كەچۈرۈم سوراپ ئولتۇرمىدى. مېنىڭچە، ئېيىلىنمۇ بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى، ئۇ ھازىر چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتكەندەك قىلاتتى.
— ئۇنداقتا، قۇتىنى ئۇلار ئېلىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋېسلى.
— كىمنى دەيسەن؟
— فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرگەنلەرچۇ؟ ئۇنى سەن ئۆلتۈرمەپسەن، قۇتىنىمۇ سەن ئالماپسەن، ئۇنداقتا باشقىلار سەندىن بۇرۇن قول سېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قۇتىنى ئېلىپ كەتكەن گەپ.
— داراغا تېلېفون بەر.
— نېمە قىلماقچىسەن؟
— قۇتىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلدىم، ئۇنىڭغا تېلېفون بەر.

# 13

ئۇنىڭ چېچى ئالتۇن رەڭدە ئىدى. نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، بەلكىم ئۇ چېچىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتكەندۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا شۇنچە زىلۋا، لاتاپەتلىك، تەمكىن، سالماق ئىدى. ۋېسلى ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، مېنى قېنىق قوڭۇر رەڭدە سىرلانغان بىر بىناغا باشلاپ باردى، بۇ يەر مەن ئالدىنقى قېتىم تۇتۇلغان جايدىن بىرقانچە كوچىلا نېرىدا ئىدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ئىسمىمنى ئاتاپ سالام قىلدى، ئاندىن ۋېسلىنىڭ بۇ يەردە قالمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سىز قايتىپ كېتىڭ، ۋېسلى. ھېچنېمە بولمايدۇ، بۇ مەسىلىنى رودىنبا ئەپەندى ئىككىمىز چوقۇم ھەل قىلالايمىز، — دېدى ئۇ.

ئۇ ۋېسلىغا خۇددى چاكىرىغا بۇيرۇق قىلغاندەك گەپ قىلىۋاتاتتى، ئەمما ۋېسلىنىڭ قانداق ئويلىغىنى ماڭا نامەلۇم. ئۇ ئۈن-تىنسىز كېتىپ قالدى. ۋېسلى كېتىشىگىلا ئۇ ئىشىكنى يېپىپ، قولۇپ سېلىۋەتتى. ئۇ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋاتقاندا مەن ئۇ بىر ئوغرىنى ئۆيىگە سولاپ نېمە قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مەندىن نېمە ئىچىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ۋىسكى ئىچىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭغا نېمە قوشىدىغانلىقىنىمۇ دەپ بەردىم.

ئۇ ھاراق تەييارلاۋاتقاندا ئېيىلىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ تۇيۇقسىزلا بۇ يەرگە كەلگۈسى يوقلۇقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالغا-

ـنـدى. ئۇ سائىتـتـگە قاراپ قويـۇپ، كـەچ بولـۇپ كـەتكـەنلـىكـىنـى، كەچتـە بـىـر ئۇچـرىشـىشقا بارىـدىغانلـىقـىنـى، بـىـردەمـدىـن كـېـيـىـن مـەن بـىلـەن رودىـنـىـنـىـڭ تۇرالغۇسـىـدا كۆرۈشـىـدىغانلـىقـىنـى ئېيتـىـپ قويـۇپلا كـېـتـىـپ قالـدى. ئۇنـىـڭ ئاللـىـقانـداق بـىـر ئۇچـ-ـرىشـىشقا بارىـدىغانلـىقـىنـى، رىۋايەت تۇسـىـنـى ئالغان مۇشۇكـلـىـ-ـرىـنى ئويـلـىـغاچ ئۇنـىـڭ بـىلـەن خوشلاشـتـىـم.

دارا سانـدىۋال ۋىـىـسكـىـنـى ئېلـىـپ كـىـرگـەنـدە بـىـرقـانـچـە ئـىـشقـا دىـقـقـەت قـىلـىـپ قـالـدىـم. ئۇنـىـڭ ئـىـچـىـملـىـكـى مـەن ئـىـچـ-ـكـەن ۋىـىـسكـىـدىـن سـەل قـېـنـىـق ئـىـدى، ئۇ رومكـىـنـى كۆتـۈرۈپ مـا-ـگـا گـەپ قـىلـمـاقـچـى بـولـدى ـ يـۇ، يـەنـە نـېـمـە دېـيـىـشـنـى بـىلـەلـمـەي قالـدى. ئۇنـىـڭ چـىـرايـىـمۇ بايـىـقـىـدىـن سـەل تاتـىـرىـپ قالغانـىـدى.

— قـېـنـى ئـېلـىـڭ، — دېدى ئۇ.

ئـىـككـىـلـىـمـىـز رومكـىـمـىـزنـى كۆتـۈرۈپ، ۋىـىـسكـىـدىـن بـىـر يـۇتـۇمـدىـن ئـىـچـتـۇق. بـۇ ۋىـىـسكـىـنـىـڭ ئـىـسـسـىـقـلـىـقـىـغا گـەپ كـەتـ-ـمـەيـتـتـى.

— بـۇ يـەر بولـىـدىكـەن ـ ھـە!

— بـۇ يـەرنـى دەمـسـىـز؟ بـۇ يـەرنـى دوسـتـۇمـدىـن ئارىـيـەت ئـېـ-ـلـىـپ ئولتـۇرۇپ تۇرۇۋاتـىـمـەن.

— ئـۇنـداقـتـا، يـەنـە ھـېـلـىـقـى بـىـز ئۇچـرىـشـىـپ قالغان ئۆيـدـ-ـكـىـزدە تۇرۇۋاتامـسـىـز؟

— شـۇنـداق، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتـىـپ قويـۇپ، — يـۈز بـەرـ-ـگـەن ئـىـش ئۇچـۇن سـىـزدىـن ئـەپـۇ سورايـمـەن. سـىـزنـى بـۇنـچـە بـۇنـ-ـچـە ئاۋارىـچـىـلـىـكـكـە قـالار دەپ ئويـلـىـمـاپـتـىـكـەنـمـەن، ئـەسلـىـدە سـىـزنـى ئوغرىـلـىـقـقا سـېلـىـشـنـىـلا ئويـلـىـغان. چۈنـكـى، سـىـزنـىـڭ ھـېـلـىـقـى كـۈنـى ئاخشـىـمـى ئۆيـۈمـگـە كـىـرگـەن ۋاقـتـىـڭـىـزدىكـى ئوغرىـ-ـلـىـق تېخـنـىـكـىـڭـىـزنـىـڭ يـۇقـىـرىـلـىـقـى ئـېـسـىـمـدە قاپـتـىـكـەن......

— ئوغرىـلـىـق تېخـنـىـكامـنـى دەمـسـىـز؟ ئـىـشـكـتـىـن كـىـرە ـ

كىرمەيلا سىلەرگە تۇتۇلدۇمغۇ؟

— ئويلىمىغان ئىشلار دېگەن يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مې-
نىڭچە، سىز بۇ ئىشقا تولىمۇ ماس كېلەتتىڭىز، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە بۇ ئىشنى قىلىدىغان سىزدىن باشقا ئادەمنىمۇ تونۇ-
مايتتىم. ئىسمىڭىز ئېسىمدە بولغاچقا، سىزنى تېلېفون دەپ-
تىرىدىن ئىزدەپ تېپىۋالغان.

— تېلېفون نومۇرۇمنى ئىزىمغا ئالدۇرۇپ قويغانىدىم، —
دېدىم ئىقرار بولۇپ، — كېيىن ئىزىملىكنى بىكار قىلىۋې-
تەي دېگەن، لېكىن ئارتۇق پۇل تۆلەشكە كۆزۈم قىيمىدى.

— ئۇ كۈنى ئاخشىمى فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدە بولۇپ
قېلىشنى ئويلىمىغانىدىم. ئۇنىڭ شەھەردە ئويۇنى بار ئىدى.

— ئويۇنى؟

— بىر قېتىملىق سىناق ئويۇن. ئۇ ئاۋۋال تاماشىبىنلار
ئارىسىدا تۇراتتى، ئاندىن سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلار بىلەن
بىللە مىننەتدارلىق سالىمى بېرەتتى. ئۇ كۈنى كارت ئىككى-
مىز بىللە بارغانىدۇق، ئەمما فىرانكىسفوردنى ئۇ يەردە ئۇچ-
راتمىدىم، شۇڭا بەك ئەنسىرەپ كەتتىم. چۈنكى، سىز ئۇنىڭ
ئۆيىگە كىرىسىز ئەمەسمۇ؟ ۋېسلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى
سىز ئۆلتۈرمەپسىز.

— مەن ئۆيگە كىرگەندە ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بوپتىكەن.

— ئەمما، ساقچىلار......

ئۇنىڭغا فىرانكىسفوردنىڭ تۇرالغۇسىدا يۈز بەرگەن
ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. سۆزلەپ ساقچىلارغا پارا بېرىپ
قۇتۇلماقچى بولغان يەرگە كەلگەندە ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچ-
قىنىچە ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئېرى ساقچى-
لارنىڭ پارا ئېلىش قىلمىشىغا قارشى بولغاچقا، ساقچىلار-
نىڭ ئوغرىدىن پارا ئېلىشى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇشى تۇرغانلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەپ ئىدى. مېنىڭچە، ئادەتتىكى پۇقرالار هازىرقى جەمئىيەت-نىڭ قانداقلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسە كېرەك.
— ئۇنداقتا، ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ — دېدى ئۇ، — مېنىڭچە، بۇ ھەرگىزمۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقە ئەمەس. سىز ساقچىلار كېلىشتىن بۇرۇن ھېلىقى ئۇستەلنى ئاختۇ-رۇپ باققانمىدىڭىز؟ فىرانكىسفوردنىڭ ھېلىقى قۇتىنى ئۇستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىۋەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم، قېنىق كۆك رەڭلىك قۇتا، چوڭ-كىچىكلىكى كىچىك كىتابچىلىك بار، بەلكىم ئۇنىڭدىن چوڭراقتۇ، لۇ-غەت چوڭلۇقىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.
— ئۇستەلنىڭ قانداق يېرىگە سالغانىدى؟ ئاستىغىمۇ؟
— ئاستىدىكى تارتمىغا سالغان، ئەمما قايسى تارتمىغا سالغىنىنى بىلەلمىدىم.
— مەن ئۇستەلنىڭ ھەممە تارتمىسىغا قارىدىم.
— تولۇق قارىدىڭىزمۇ؟
— ھەربىر تارتمىنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئەگەر قۇتا ئۇ يەردە بولغان بولسا چوقۇم تاپالىغان بولاتتىم.
— قارىغاندا باشقا بىرى سىزدىن چاققان كەلگەن ئوخ-شايدۇ.
ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىنى يۈزىدىكى گىرىمىمۇ يوشۇ-رۇپ قالالمىدى. ئۇ رومكىسىدىكى ئىچىملىكتىن ئازراق ئى-چىۋالغاندىن كېيىن، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا بېرىپ ئول-تۇردى.
— فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرگەن ئادەم قۇتىنى ئېلىپ كېتىپتۇ-دە، — دېدى ئۇ.
— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ساندىۋال خانىم. مەن بارغاندا ئۇستەل قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. ئۇستەلدىكى قۇلۇپ-

ـمۇ ساق ئـكەن.

ــ قاتىلدا ئاچقۇچ بولۇشى مۇمكىن.

ــ ئۇنداقتا، ئۇ يەنە نېمىشقا ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ قۇ-لۇپنى قايتىدىن سېلىپ قويىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە بىر جەسەت بار تۇرسا. قاتىلنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ قىلچە ها-جىتى يوققۇ؟! شۇنداق بولدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆينى ئاخ-تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كېتىپ قالسا توغرا بولاتتى.

بۇ گەپنى قىلمۇۋاتقاندا ئۆيۈم ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ــ دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ بەزىلەر ئۇ قۇتىنى ھېلىھەم ئىزدەۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ-نى قولغا چۈشۈرۈپ بولغان بولسا، ئىزدەپمۇ يۈرمەستى؟ ئىك-كى سائەتنىڭ ئالدىدا ئۆيۈمگە قايتىپ بارغانىدىم، ئۇ يەرنى ئاد-تىلانىڭ قوشۇنى باستۇرۇپ كىرگەندەك قىلىۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى يوق.

ــ باشقا بىر ئادەم يالاپ قىلدۇرسىڭىز بولۇۋېرىدىغۇ؟ ئەگەر سىز قىلغان بولسىڭىز تارتىنماي دەۋېرىڭ، بولمىسا بۇ يەردە ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ۋاقتى ئىسراپ بولىدۇ.

ئۇ ماڭا ئۆيۈمنى ئاختۇرغان ئىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىغا كاپالەت بەردى، مېنىڭچىمۇ ئۇ يالغان گەپ قىلغاندەك قىلمايتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بو-لۇشىمۇ ناتايىن، قۇتىنى فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ــ مەن قۇتىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدىم.

ــ قەيەردىكەن؟ ــ دېدى ئۇ دەرھاللا.

ــ ئەسلىدىكى جايىدا يەنى فىرانكىسفوردنىڭ تۇرالغۇ-سىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئاختۇرۇپ تاپالمىدىم دېدىڭىزغۇ؟
— مەن پەقەت ھېلىقى ئۇستىلىنىلا ئاختۇرۇپ، باشقا جايغا قاراپ باقماپتىمەن. قايتىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدەپ باقسام تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. سىز ئۇنىڭ قۇتىنى ئۇستەلنىڭ تارتمىسىغا سالغىنىنى كۆرگىنىڭىز بىلەن، قۇتىنى شۇ يەردە تۇرۇۋېرىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ قۇتىنى ئەسلىدىكى جايىدىن ئېلىپ مەخپىي ئىشكاپىغا ياكى كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئىشكاپىغا سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇستەلنىڭ بىز بىلمەيدىغان بىرەر يېرىدىمۇ تېخى. ئۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، قۇتا يەنىلا فىرانكىسفور تېقىپ قويغان بۇرۇنقى جايدا. قاتىل قۇتىنى مېنى ئېلىپ كەتتى، دەپ قالغان ئوخشايدۇ. بىراق، ساقچىلار ئۇ يەرنى ئاللىقاچان پېچەتلەپ بولدى.
— ئەمىسە قانداق قىلساق بولار؟
كالامغا بىر ئوي كەلدى. ئەمدى باشقا يۆنىلىشتىن ئىزدىنىپ باقسامىلا بولاتتى.
— ئەمدى قۇتىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىشىم كېرەك.
— بۇ شۇنچە مۇھىممۇ؟
— سىزگە نىسبەتەن مۇھىم، فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم. مۇشۇ ئىككى نۇقتىدىن ئالغاندا، قۇتىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقى مەن ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم.
— ئۇ شۇنداق قىممەتلىك نەرسە ئوخشىمامدۇ؟
— مەن ئۈچۈنلا شۇنداق.
— ئۇ سىزنى قاقتى - سوقتى قىلغان ئوخشىمامدۇ؟
ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سۈرەتمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟
— سۈرەت بىلەن ئۈنئالغۇ لېنتىسى. ئۇ ماڭا بىرقانچە پارچە سۈرەتنى كۆرسىتىپ، بىر قىسىم ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلاتقان.
ئۇنىڭ بەدىنى تىترەشكە باشلىدى.
— ئۇنىڭ مېنى مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدىم، بىراق ئۇمۇ بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىزگە تارتىشىدىكەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تەرەپكە ماڭغاچ، — ئېرىم بىلەن كۈنلىرىم ئادەتتىكىدەك ئۆتۈپ كەلگەنىدى، رودنىبا ئەپەندى، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن باشلاپ ئۆزۈمنىڭ بەختلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بىرقانچە ئاي بۇرۇن فىرانكىسفوردنى ئۇچرىتىپ قالدىم، بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز ۋە قىزىقىشىمىز ئوخشاش چىقىپ قالدى. ئۇنى مېنى قاقتى - سوقتى قىلىدۇ دەپ پەقەتلا ئويلىماپتىمەن.
— ئۇ نېمە قىلماقچىكەن؟ پۇل ئالامدىكەن؟
— ئۇنداق ئەمەس، مەندە پۇل يوق. مەندىكى پۇل سىز بىلەن ۋېسلىنى ئىشلىتىشكىلا يېتىدۇ. فىرانكىسفورد ئېرىمدىن پايدىلانماقچىكەن. ئۇ ئېرىمنىڭ CACA دىكىلەر بىلەن ناھايىتى يېقىنلىقىنى بىلىدۇ.
— مۇنداق دەڭ.
— مايكىل دىباس ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ بىرونكلىن رايونىنىڭمۇ ياكى خانىش رايونىنىڭمۇ، بۇ تازا ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇ شۇ رايوننىڭ تەپتىشى. كارت ھازىر دەل ئۇنىڭ سەتچىلىك دېلوسىنى ئېنىقلاۋاتقانىدى، مېنىڭچە بۇ ئىش مۇشۇ دىباس دېگەن ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— فىرانكىسفورد سىز ئارقىلىق ئېرىكنىزنى دىباسىنى تەكشۈرۈش ئىشىدىن قول ئۈزدۈرمەكچى ئوخشىمامدۇ؟

— توغرا، ئۇ مېنى بۇ ئىشنى قىلالايدۇ دەپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەمما كارت ھەرگىزمۇ بۇنداق سەنەمگە دەسسىمەيدۇ.

— فىرانكىسفورد بۇنداق قىلىپ نېمە پايدىغا ئېرىشىدىكەن؟

— بۇنى بىلمىدىم. نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغانىدىمەن؟ ئىككىمىز كارت بۇ دېلونى تەكشۈرۈشتىن خېلى بۇرۇنلا ئارىلىشىپ يۈرگەنىدۇق، شۇڭا ئۇنى مۇشۇ ئىشنى دەپلا ماڭا يېقىنلاشقان دەپ قارىمايمەن. ئۇنىڭ تىياتىرخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى، بىرقانچە رولغا چىققانلىقىنى بىلىمەن، ئۇ مۇشۇ ساھەدە بولغاچقىلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم.

— بېررىل بىلەنمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن تونۇشقانمىدىڭىز؟

— شۇنداق، بىراق ئۇ فىرانكىسفوردنى تونۇمايدۇ، تىياتىرخانىدىكى دوستلىرىنىمۇ تونۇمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرسام خاتىرجەم بولاتتىم. فىرانكىسفوردنىڭ چوقۇم مەن بىلمەيدىغان قانۇنسىز ئىشلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار.

— ئۇ ۋاستىچى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ دىباسىنىڭ تېرىدىغان چاتاقلىرىنى ياپماقچى بولغان گەپ.

— ئىشقىلىپ، ئۇ مەندىن پايدىلانماقچى بولدى.

ئۇ دېرىزە يېنىدىن قايتىپ كېلىپ كىرېسلودا ئولتۇردى، ئاندىن ئۈستەلدىن تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— ئۇ دەسلەپتە ماڭا شۇنداق يېقىنچىلىق قىلاتتى، قارىغاندا شۇ چاغدىلا پىلاننى سوقۇپ پۈتكۈزۈپ بولغان ئوخشايدۇ، — ئۇ ئاۋازىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ۋاقىتتا كارت تېخى بۇ دېلونى تەكشۈرۈشنى

باشلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما فىرانكىسفورد مېنى قولغا چۈ-
شۈرۈۋالسىلا، هامان ئەسقېتىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلىۋال-
غان بولۇشى مۇمكىن.

— ئىرىڭىز ئۇنى كۆرۈپ باققانمىدى؟

— زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردا ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆرگەن-
غۇ دەيمەن. مەن تىياتىرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭغا بول-
غان قىزىقىشىم كارتىنىڭ تەڭگە پۇللارنى يىغىپ ساقلاشقا
بولغان قىزىقىشىدىن قېلىشمايدۇ. تىياتىر ئۆمىكىدىكىلەر
بىلەن تونۇشۇپ قالسىڭىز، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ خەجلىگەن
پۇللىرىڭىزغىمۇ قورسىقىڭىز ئاغرىپ كەتمەيدىكەن. ئۆزى-
ڭىز خۇددى ئۇلار بىلەن بىللە ئىجادىيەت قىلىۋاتقاندەك تۇي-
غۇغا كېلىپ قالىدىكەنسىز، ھەر خىل قىزىقارلىق ئادەملەر-
نى ئۇچرىتىپ تۇرىدىكەنسىز، رودنىبا ئەپەندى.

ئۇ قۇرۇقدالغان رومكىلارنى ئېلىپ ئاشخانا ئۆيگە كى-
رىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ چىققاندا كەيپىياتى خېلى ئوڭشىلىپ
قالغاندەك قىلاتتى، ئۇنى ئاشخانا ئۆيدە يەنە بىر رومكا ئىچىۋال-
دىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۇنىڭدىن فىرانكىسفورد بىلەن قۇتا ئىچىگە سېلىنغان
نەرسە توغرۇلۇق قاچان پاراڭلاشقانلىقىنى سورىدىم.

— ئىككى ھەپتە بۇرۇنغۇ دەيمەن، ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭ ئۆيى-
گە تۆتىنچى قېتىم بېرىشىم ئىدى. بىز ئادەتتە مۇشۇ ئۆيدە
كۆرۈشەتتۇق. بۇ ئۆي ئەمەلىيەتتە دوستۇمنىڭ ئۆيى ئەمەس،
چۈشىنىۋاتامسىز؟ بۇ يەرنى كېيىن ئىشلىتىپ قالارمەن دەپ
بىرقانچە يىل بۇرۇن ئىجارىگە ئېلىپ قويغانىدىم.

— مېنىڭچە، بۇ يەر تازا قولايلىق بولغۇدەك.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇ-
رۇپ، — ئەلۋەتتە ئۇ مېنى ئۆيىگىمۇ ئېلىپ بارغان، شۇڭا ھې-

لىقمىدەك سۈرەت ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىسى پەيدا بولغان. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى ماڭا كۆرسەتمەكچى بولغانىدى، قارىغاندا ئۇ بۇلارنى ئالدىن پىلانلاپ قويغان بولسا كېرەك.
— دېگىنىڭىز توغرا، ئۇ شۇ چاغدا ئېرىڭىزنىڭ دىباسىنىڭ دېلوسىغا قول تىقماسلىقىنى ئېيتقانمىدى؟
— ئېيتقان.
— بۇنىڭغا سىزنىڭ نېمە ئامالىڭىز بار ئىدى دەيسىز؟
— كارتىنى بۇ دېلودىن قول ئۈزدۈرۈشمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز ئېرىمنىڭ قانچىلىك دۈرۈس ئادەملىكىنى بىلىسىزغۇ دەيمەن، رودىنىبا ئەپەندى. ئۇنىڭغا پارا بېرىپ قۇتۇلماقچى بولغىنىڭىز ئېسىڭىزدە باردۇ؟
— ئۇنى ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. بۇ ئىشنى فىرانكىسفوردقا ئېيتتىڭىزمۇ؟
— ئەلۋەتتە ئېيتتىم. ئەكسىچە ئۇ دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى دەپ، ماڭا ئاخىرقى قېتىم پۇرسەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.
ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا چىشلىرىنىڭ كىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.
— ئەگەر ئېرىمنى قايىل قىلالمىسام، ئۇ ئېرىمنى ئىزدەپ بېرىپ سۈرەتلەرنى كۆرسىتىدىكەن.
— سىزنىڭچە، كارت قانداق ئىنكاستا بولار؟
— ئۇنى بىلمەيمەن، پەرەزمۇ قىلالمايمەن، ئۇ سۈرەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىنى ئېنىقلا خالىمايدۇ. خانىمىنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشىگىمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇ ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈۋېتىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىشى، ماڭا تېگىشلىك مال- مۈلۈكنى بىكار قىلى-

ۋېتىشى ياكى فىرانكىسفورد بىلەن دىباسىنىڭ قىلغانلىرىغا چىدىماي بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋېلىشىمۇ مۇمكىن.

— فىرانكىسفوردنى ئۇ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەندۇ؟

— كارتنى دەمسىز؟ سىزنىڭچە ئۇ ئادەم ئۆلتۈرەرمۇ؟

— ئۇ بۇ ئىشنى قاتىللىق دەپ قارىماسلىقى مۇمكىن.

ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇنۇكلەشتى.

— ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، — دېدى ئۇ، — مېنىڭچە، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ كۈنى بىز تىياتىرخانىدا ئىدۇق.

— پۈتۈن بىر ئاخشام بىللىمىدىڭلار؟

— بىز كەچلىك تاماقنى بىللە يېگەن، ئاندىن ماشىنا بىلەن شەھەرگە كىرگەن.

— سىلەر بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ باقمىدىڭلارمۇ؟

ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن بىر سىناق ئويۇن قويۇلۇۋاتاتتى، ئۇ گېلىف شوۋىن ئورۇنلىغان ئويۇن ئىدى. ئۇنى تونۇمسىز؟

— تونۇمايدىكەنمەن، كارتچۇ؟ ئۇ بۇ سىناق ئويۇنغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى، شۇنداقمۇ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ تىياتىرخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمنى ئېيتىپ، ماشىنا توختاتقىلى كەتكەن. ئويۇن سەككىز يېرىمدە يەنى مەن زالدا بىردەم تاماكا چېكىپ بولغاندىن كېيىن باشلاندى. ئۇ ماشىنا توختىتىدىغان جاي تاپالماي شەھەر مەركىزىگە كەتمىگەندۇ؟ ئەمما، ئۇ ماشىنىسىنى ئەزەلدىن ماشىنا توختىتىشقا بولمايدىغان جايغا توختاتمايدۇ، ئۇ سەمىمىيلىكنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان بىر ئادەم.

— شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويۇنغا كەلمىدى، شۇنداقمۇ؟

— ئەگەر چىراغنى ئۆچۈرۈشتىن بۇرۇن ئورۇننى تاپالمىسا، ئۇ كېيىنى رەتتە ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. شۇڭا ئۇ سەھنىگە چىققاندا ئۇ يېنىمدا يوق ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىندە ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. بىز سائەت توققۇزدا ياكى توققۇزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچراشتۇق، ئۇ مېنى زالدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن يەنە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ بولالمايدۇ. بۇنچە تېز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، توغرىمۇ؟

مەن ئۈن چىقارمىدىم.

— كارت فىرانكىسفوردنىڭ ئىشىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ. فىرانكىسفورد ئۇنى تېخى ئىزدەپ بارمىغان، ئۇ ماڭا مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېرىمگە دېمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كارت ئادەم ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، خەقنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەيدۇ، بىۋاسىتە قورال ئىشلىتىدۇ.

— ئۇنىڭ ھېلىقى يوغان قورالى تېخىچە بارمۇ؟

— ھەئە بار، ئۇ قورال شۇنداق قورقۇنچلۇق.

— بۇنى سىز تېخى ھېس قىلىپ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى ئۇ قورالنى سىزگە تەڭلەپ باققىنى يوق. قېنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، كارتنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خىيالى يوقمۇ دەيلى، ئەمما فىرانكىسفورد سۈرەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ كەتكەن بولسا، يەنە كېلىپ يېنىدا قورالى بولمىغاندىن كېيىن، شۇنىڭ بىلەن......

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدىم، چۈنكى بۇنداق بولۇشىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى ئۆزۈمە-

گىمۇ ئايان ئىدى. ساندۇۋالنىڭ غەزىپىنى بېسىۋالالماي قىلىشىنى دېمەيلا تۇرايلى، فىرانكىسفوردنىڭمۇ ئاشۇنداق ۋاقىتتا ھېلىقىدەك كىيىم كىيىۋېلىپ، كارت بىلەن سۆھبەتلىشىشى مۇمكىن بولمايتتى. بوپتۇ، كارتتەك بۇنداق ئادەمنىڭمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ دەپ تۇرايلى، ئەمما ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ چوقۇم ساقچىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— بايا دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلىمىغانلا بولۇڭ، كارتىنىڭ قاتىللىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەسكەن.

— ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىگە مەنمۇ ئىشەنمەيمەن.

— يەنىلا ھېلىقى قۇتىنىڭ گېپىگە كېلەيلى، — دېدىم ئۇنىڭغا، — قۇتىنى قولغا چۈشۈرمىسەك بولمايدۇ. سىزگە لازىمى قۇتىنىڭ ئىچىدىكى سۈرەت بىلەن ئۈنئالغۇ لېنتىسى. ئۇ نەرسىلەر باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، سىزگە ئوخشاشلا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما، ماڭا لازىمى قۇتىنىڭ ئىچىدىكى باشقا نەرسە.

— سىز قۇتىنىڭ ئىچىدە يەنە باشقا نەرسە بار دېمەكچىمۇ؟

— چوقۇم بار، سۈرەت بىلەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا پەقەت ئېرىڭىز بىلەن ئىككىڭلار قىزىقىسىلەر. ئەگەر فىرانكىسفوردنى ئىككىڭلار ئۆلتۈرمىگەن بولساڭلار، ئۆيۈمنىمۇ سىلەر ئاختۇرمىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا چوقۇم يەنە بەزى ئادەملەر باشقا بىرنەرسە ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئاۋۋال ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىقلىۋالساقلا، ئۇنى كىمنىڭ ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىمىز.

ئۇ بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى، ئەمما ھېچقايسىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇلىقىمغا كىرمىدى، چۈنكى بۇ چاغدا كاللامدا بىر ئوي پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئاغزىمغا ئاپىرىپ بېقىپ يەنە جايىغا قويۇپ قويدۇم. ئەمدى هاراق ئىچسەم بولمايدۇ، بۈگۈن ماڭا قىلىدىغان ئىش چىقتى.

— پۇل!

— ئاشۇ كۆك قۇتىنىڭ ئىچىدە دەمسىز؟

— شۇنداق بولۇش ئېهتىماللىقىمۇ بار، بىراق مەن ئۇنى دېمىدىم. سىز ماڭا يەنە 4000 دوللار بەرمەكچى ئىدىڭىزغۇ؟ شۇ پۇل بارمۇ؟

— بار.

— ئۆيىڭىزدىمۇ؟

— مۇشۇ يەردە، نېمە قىلىسىز؟

— يەنە ئازراق قوشالامسىز؟

— بىرنەچچە كۈن ۋاقىت بولسا يەنە 2000 — 3000 دوللار تاپالىشىم مۇمكىن.

— ۋاقىت قالمىدى. سىزدىكى 4000 دوللار پۇلغا مەندىكى 5000 دوللارنى قوشساق 9000 دوللار بولىدۇ.

كاللامدا توختىماستىن هېسابلاۋاتاتتىم، 9000 دوللار بىر ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋېتەلەيدىغۇ؟ ئەگەر 10 مىڭ دوللار بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى.

— سىز ئىككى سائەت ئىچىدە مىڭ دوللار پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالامسىز؟

— قىلالىشىم مۇمكىن. بىرەرسىدىن سوراپ باقسام بولىدۇ. مېنىڭچە، مىڭ دوللار تاپالايمەن. سىز نېمە قىلماقچى؟

بىر پارچە خالتىنى ئېچىپ، ئىچىدىن ئۈچ كىتابنى ئالدىم، ئاندىن جىبوننىڭ كىتابىنى داراغا بېرىپ، ئۆزۈم باراباراتوسمانىنىڭ كىتابى بىلەن هېلىقى هەرە بېقىش هەققىدىكى

كىتابنى ئېلىپ قالدىم.

ــ ھەر ئوتتۇز بەت ئارىسىدا، ــ دېدىم كىتابنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ، ــ ئىككى بەتنىڭ بىر ـ بىرىگە چاپلانغانلىقىنى كۆرىسىز، ئۇنى يىرتىپ ئاچسىڭىز، ــ سۆزلەۋېتىپ ئۇنىڭغا يىرتىپ كۆرسىتىپ بەردىم، ــ ئىچىدىن 100 دوللارلىق پۇلدىن بىرى چىقىدۇ.

ــ بۇ كىتابلارنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭىز؟

ــ كۆپ قىسمىنى تۆتىنچى چوڭ يول ئەتراپىدىن ئالغان، «ئاۋغۇستىنكى مەرگەن» دېگەن كىتابنى كولۇبتىن ماڭا ئەۋەتىپ بەرگەن. سىز مېنى ئوغرىلاپ كەلدىمىكىن دەپ قالدىڭىزما؟ ياق، ياق. بۇ مېنىڭ پۇل ساقلايدىغان جايىم. پۇلنى ئوغرىلىغان بىلەن، كىتابنى ئۆزۈم سېتىۋالىمەن. ئۇلار كىتاب جازىسىنى ئوختەي ـ توختەي قىلىۋېتىشكەن بولسىمۇ، كىتابنىڭ ئىچىدىكى سىرنى بىلەلمەپتۇ. تېز بولۇڭ، ئىككىمىز تەڭ قىلساق ئىشىمۇ تېز تۈگەيدۇ.

ــ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟

ــ سىزدىكى 5000 دوللارغا مەندىكى 5000 دوللارنى قوشساق 10 مىڭ دوللار بولىدىغۇ؟ بىز مۇشۇ پۇلغا تايىنىپ فىرانسىس فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىگە كىرىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنىڭ باقار بىلەن ساقچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇل ساقچىلارنى سېتىۋېلىشىمىزغا يېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 14

ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، رىي جىسمانىنىڭ پۇلـ
نى ساناۋاتقان ھالىتىنى كۆزەتتىم. ئۇ پۇل ساناۋاتقاندا ئاغزى
توختىماي مىدىرلاۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋازىنى چىقارمىدى، شۇ-
ڭا ئۇنىڭ ساناپ قەيەرگە كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.
ئۇ ساناپ بولۇپ:

— تويتوغرا 10 مىڭ دوللار ئىكەن، گېپىڭدە تۇرۇپ-
سەن، — دېدى.

— بۇ دېگەن 10 مىڭ 200 دوللار، رىي. قارىغاندا پۇل
چاپلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، بۇ مېنىڭ بىخەستەلىكىم. پۇلـ
دىن ئىككى ۋاراق چىقىرىپ ئۈستەلگە قويۇپ قوي، بىز 10
مىڭ دوللار دېيىشكەن.

— ياللا!

ئۇ 200 دوللارنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى، ئاندىن
قالغان پۇللارنى بىر تۇتام قىلىپ رەتلىدى.

— مەن چوقۇم سارائ بولۇپ قالدىم، ئەزەلدىن بۇنداق
ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ باقمىغان، بۇ مەن قىلغان ئەڭ قامـ
لاشمىغان ئىش بولدى. ساڭا راست گەپنى قىلاي، بۇنداق ئىشـ
نى ئۆزۈممۇ ئاڭلاپ باقمايتتىكەنمەن.

— بۇمۇ سېنىڭ بۇ ئۆمرۈڭدە ئەڭ ئاسان پۇل تاپقان
ۋاقتىڭ.

— مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خېيىم - خەتەرگە
تەۋەككۈل قىلمىسام بولمايدۇ، بورنى.

— قانداق خېيىم - خەتەرنى دەيسەن؟ سېنىڭ فىرانكىس-فوردنىڭ ئۆيىنى يەنە بىرىپ كۆرۈپ باقمىدىغان ھوقۇقۇڭ ۋە ئەركىنلىكىڭ بارغۇ؟ رولىن ئىككىڭلار دېلو نەق مەيداندى-كى ساقچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈشكىمۇ سىلەر قاتناش-تىڭلارغۇ؟

— بۇنى ئەسكەرتىپ ئولتۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق.

— سەن يەنە قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېقىشىڭنىڭ زۆرۈرلۇ-كىنى بايقاپ قالدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيگە كىرىش ئىجازەت-نامىسى ئىلتىماس قىلامسەن ياكى باشقا ئامال قىلامسەن، ئىشقىلىپ، رولىن بىلەن نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولدۇڭ.

— ئەمما، بۇ قېتىم رولىن يوق بولىدىغان بولدى.

— سەن ئىلگىرى كۆك فورما كىيگەن بىر شوركا بىلەن بىللە يۈرگەن بولساڭ، ئەمدى يەنە بىر شوركا بىلەن چىقى-سەن، بۇنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ ساقچىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشقۇ؟ بۇنى سەنمۇ بىلىسەن.

— ئاھ، تەڭرىم!

— بولمىسا پۇلنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قوي......

ئۇ ماڭا قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى. ھازىر دارا ساندىۋالنىڭ ئۆيىدە بولساقمۇ، مېنىڭ ئىچىۋاتقىنىم ۋىسكى ئەمەس، بەلكى قەھۋە ئىدى. دارا ئاشخانا ئۆيىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. بۇ پۇللارنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى بىلىش ھوقۇقى بار دەپ ئويلاپ مۇشۇنداق ئورۇنلاش-تۇرغانىدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھازىرچە ئوتتۇرىغا چىقسا بول-مايتتى. رېي جىسمان بۇ يەرنىڭ كىمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ تاپالمايتتى، شۇڭا بۇ يەردە پاراڭلىشىش بىرەر ئاشخا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىدا ئۆلتۈرۈپ پاراشلاشقاندىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.
— ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئەدلىيە تارماق-لىرى تۇتماقچى بولغان ئادەم جىنايەت گۇماندارىمىدۇ ياكى قاتىلمىدۇ......
— مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ۋاقتىنىلا قاتىللىق قىلغان ئا-دەممەن، بۇنى ساڭا ئالىلىبۇرۇن دەپ بولدۇم.
— شۇنداق.
— مېنى فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈردى دېسە سەنمۇ ئىشەن-مەيسەن، توغرىمۇ؟
— بۇنىڭغا بىرنېمە دەپ بولالمايمەن، بورنى. مەيلى فى-رانكىسفوردنى سەن ئۆلتۈرگەن بول ياكى پۈتمىنىڭ تىرنىقى پېتىپ كېتىپ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بولسۇن، سەن بەرىبىر جىنايەت گۇماندارى.
ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئۇ بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈل-سىز ئىشلارنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.
— ئۇنى سەن ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ، — دېدى ئۇ، — يەنە نېمىشقا مېنى سوقۇۋېتىپ قېچىپ كېتىسەن؟ مېنى ناھايى-تى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ.
— قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، رېي، بەك قور-قۇپ كېتىپتىمەن.
— شۇنداق، بەك قورقۇپ كېتىپتىكەنسەن.
— ئەگەر فىرانكىسفوردنىڭ ئۇ يەردە ئۆلۈپ قالغانلىقى-نى بىلگەن بولسام ئۇنچە قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتىم. ئەمما، بۇ ئىش مېنى بەكلا ھەيران قالدۇردى، مەنمۇ رولىنغا ئوخ-شاش، مەن.....
— رولىنغا ئوخشاش قورقۇپ كەتكەن بولساڭ، شۇ يەر-دىلا ئايلىنىپ قالغان بولاتتىڭ. ئەگەر ئايلىنىپ كېتىپ گى-

لـەم ئۆستىگە يىقىلىپ چۈشكەن بولساڭ، بىزمۇ سەندىن ئۆز-
چە گۇمانلىنىپ كەتمىگەن بولاتتۇق.
— كېلەر قېتىم چوقۇم ئايلىنىپ كېتىمەن.
— ياخشى، شۇنداق قىلغىن.
— شۇنداق بولسۇن، فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
تەكشۈرۈپ باقسام، ماددىي ئىسپات تېپىلىپ قېلىشى مۇم-
كىن. مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، شۇڭا ھەقىقىي قاتىلنى تېپىد-
شىم كېرەك. ئۇنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن ساڭا تاپشۇرۇپ
بېرىمەن، ئويلاپ باققىن، بۇنىڭ بىلەن بۇ دېلونى سەن پاش
قىلغان بولىسەن، داڭقىڭ چىقىپ، ئەمەلىڭ ئۆسۈپ كېتىد-
شى مۇمكىن.
— سەن بىلەن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەم ئە-
مەلىم ئۆسەمدىكەن تېخى؟ يەنە بۇ دېلونى ئۆزۈم پاش قىلغان
بولامدىمەن؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ھاڭغا ئىتتەرگىنىم ئە-
مەسمۇ؟
— ئۇنداق ئويلىساڭ بولمايدۇ، راستتىنلا ئەمەلىڭ ئۆ-
سۈشى مۇمكىن، يەنە تېخى 10 مىڭ دوللار پۇلغىمۇ ئېرىشە-
لەيسەن.
— ئۇنتۇپ قالما، بۇ پۇلنى يەنە رولىنغىمۇ بۆلۈپ بېرد-
مەن.
بۇ سۆزدىن گۇمانلىنىپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ تۇرقى
تولىمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى.
— قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، —
رولىن ئىككىمىز ئوخشاش خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان
بولدۇق. سەن ئۇنىڭ ساقچى ئىزنىكىنى تاقاپ، ساقچى كالتد-
كىنى پۇلاڭلىتىپ يۈرسەن، ئاھ، خۇدا، يەنە تېخى يانپېشىڭغا
ئۇنىڭ تاپانچىسىنى ئېسىۋالىسەن. رولىن دېگەن ئەبلەخكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق سودا ئۇچراپ قالغان بولسا، ئۇمۇ مېنى قوشۇۋالغان بو-لاتتى. شۇڭا، 5000 دوللارنى ئۇنىڭغا بەرسەم، 5000 دوللار ماڭا قالىدۇ.

— بۇنداق قىلساڭ تازا ئادىل بولىدۇ.

ئۇ ماڭا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ ھ تارتقىنىچە كىرىپسلو ئۇستىدىكى بوپىنى ئۇرۇپ قويدى.

— سەن 38- نومۇرلۇق كىيىم كىيىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق.

— رولىن سەندىن سەل پاكار ئىكەن، ساڭا ماۋۇ يېڭىسىنى ئېلىپ كەلدىم، ياخشىسى ھازىرلا كىيىپ سىناپ باق.

مەن بوپىنى ئېچىپ، كۆك رەڭلىك ساقچى فورمىسى بىلەن كۆڭلەكنى كىيدىم، قارىسام ساقچى شەپكىسى يوق ئىكەن، قارىغاندا رولىننىڭ بېشىدىكىسىنى ئېلىپ كىيسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ. ساقچى فورمىسىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، رىپي بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراپ، قاملاشمىغان يەرلەرنى تۈزەشتۈرۈپ چىقتى.

— نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — سەن قارىماققا نيۇيورك ساقچىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايسەن.

— بۇ كىيىمگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلمىساملا بولىدىغۇ.

— ھەرھالدا بولدى، بۇ مەخسۇس بۇيرۇتۇپ تىكىلگىنى ئەمەس، ئەمما رولىننىڭكىنىمۇ ئۇنچە ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئۇ كەتكەندە ئۇچامدا تېخىچە ساقچى فورمىسى بار ئىدى. ئىشىكنى يېپىشىمغا دارا ساندىۋال ئاشخانا ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ئۇستىبېشىمغا تويماي قارىدى.

— قانداق، بوپتۇمۇ؟
— راستىنلا ساقچىغا ئوخشاپسىز. ياتاق ئۆيدە ئەينەك بار، قاراپ بىقىڭ.
ياتاق ئۆيدىكى ئىشكىنىڭ كەينىدىكى ئەينەككە قاراپ، ئۆزۈمنى خېلى بەستلىك ھېس قىلدىم. مېھمانخانىغا قايتىپ چىقىپ، داراغا ھەقىقەتەن ساقچىغا ئوخشىغانلىقىمنى ئېيتتىم.
— ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى، — دېدى ئۇ، — مۇشۇنداق بولسا بولارمۇ؟
— بۇنىڭغا ئامال يوق. ساقچىلار بىلەن سودىلاشقاندا ئاۋۋال يېرىمىنى، ئىش پۈتكەندە يېرىمىنى بېرىدىغان ئىش يوق، ئۇلار بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ.
— ئۇ كەچتە سىزنى ئالغىلى كېلەمدۇ؟
بېشىمنى لىڭشىتتىم.
— سائەت 21 دە يەنى 9 دا.
— ئۇنى مۇشۇ يەردە ساقلامسىز؟
بېشىمنى چايقىدىم.
— ئاۋۋال ئۆيۈمگە بېرىپ كېلەيمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋاتقان يېرىمدە كۆرۈشسەم، ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن.
— ئەگەر ئۇ كەلمىسىچۇ، بورنى؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟
— ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. يەنە كېلىپ ۋاقتىدا كېلىدۇ. ئۇ رولىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭ ساقچى ئىزنىكى، شەپكىسى، قورالى، كالتىكى، كويزىسى قاتارلىق نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالىمەن. رولىنى مۇشۇ يەردە قېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈلتۈز تۇركۇمىگە ئالاقىدار ژۇرناللارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، رېي ئىككىمىز پىلان بويىچە ئىشىمىزنى قىلىمىز، ئاندىن ئۇ مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ، رولىنىنى ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشىمىز پۈتكەن بولىدۇ.

— ئەگەر ئۇ بۇ 10 مىڭ دوللار پۇلنى يالغۇز يۇتۇۋېلىپ، بالاغا سىزنى تىقىپ قويسا قانداق قىلىسىز؟

— ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ.

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟

— ئۇ ناھايىتى سەممىي ئادەم.

ئۇ سۆزۈمنى چۈشىنەلمىگەندەك ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— بۇ دۇنيادا سەممىيلىكنىڭ تۈرى تولىمۇ كۆپ. مەسىلەن ئالايلۇق، رېيغا ئوخشاش بىر ساقچى سىز بىلەن سودىلىشىشقا قوشۇلغان بولسا، ئۇ چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، ئۇ مانا مۇشۇنداق ئادەم. مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ پۇلنى رولىنىغا بەرمەي، يالغۇز يۇتۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ بايىقى ئالدىراپ تاقىتى تاق بولغان ھالىتىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ گەرچە بۇ بىر ئىپلاس سودا بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز سەممىيىتىدە چىڭ تۇرىدۇ. نېمىگە بۇنچە كۈلۈپ كەتتىڭىز؟ — دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— كارت ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا ھەرگىزمۇ چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن.

— ئۇ يەنە بىر خىلدىكى سەممىي ئادەم.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. بورنى، مېنىڭ يەنە بىر رومكا ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، سىزگىمۇ بىر رومكا قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، رەھمەت.

— راستىنىلا ئىچمەمسىز؟

— راست ئىچمەيمەن.

— ئەمىسە بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچىڭ؟
بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر رومكا ھاراق كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ كىرېسلودا ئولتۇرۇپ ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن، رومكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، 200 دوللار پۇلغا كۆزى چۈشتى، بۇ بايا رېيە-دىن قايتۇرۇۋالغان پۇل ئىدى.
— بۇ سىزنىڭ پۇلىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ.
— ئارىمىزدىن بىرەيلەن خاتا ھېسابلاپ قويۇپتۇق، ساد-دىۋال خانىم.
— مېنى دارا دەپ چاقىرىۋېرىڭ.
— دارا، بۇ پۇلنى ئىككىمىز بىردىن ئالايلى، بولامدۇ؟
بۇ تەكلىپىم ئورۇنلۇق بولغانىدى. ئۇ 100 دوللارلىق پۇلدىن بىرنى ئۆزى ئېلىپ، يەنە بىرىنى ماڭا بەردى.
— سىز ئۇنى سەمىمىي ئادەم دەۋاتاتتىڭىز، ئەمما ئۇنىڭ بۇ 200 دوللار پۇلنى ئارتۇق ئېلىۋالغىنىنى قانداق چۈشىنى-مىز؟
— ئۇغۇ شۇ، ئۇنىڭغا ئارتۇق پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتقىنىمدا، ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.
— بۇمۇ بىر خىل سەمىمىيلىككە كىرىدۇ، توغرىمۇ؟
— ئەلۋەتتە.
ئەمدى ئۇچامدىكى ساقچى فورمىسىنى ئالماشتۇرۇپ شەھەرگە كىرىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما شۇ پەيتتە ئورنۇمدىن قوزغالغۇم كەلمەيۋاتاتتى. دارانىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ رومكىدىكى ھاراقنى سۈزۈپ ئىچىۋاتقان ھالىتىگە نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتىم.
— بورنى، مېنىڭچە بۇنداق شەھەرگە كىرىپ - چىقىپ يۈرسىڭىز تازا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولغۇدەك، ئۇنىڭ ئۈس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـتىگە كوچىدا يۈرسىڭىز خەتىرى تېخىمۇ چوڭ بولار؟
— تاكسىغا ئولتۇرىمەن.
— شۇنداقتىمۇ خەتىرى بولىدۇ.
— ئۇنچە خەتەرلىك دەپ كەتكىلىمۇ بولماس.
— مۇشۇ يەردە قالسىڭىز بولىدىغۇ؟
— كەچتە رېپي بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن يەنە بىرەيـ ـلەن بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بارـ ـدىغان باشقا يەر بار؟
— چۈشەندىم.
بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇردۇق. ئۇنىڭ ئاياللارغا خاس لاتاپىتى ۋە گۈزەللىكىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى.
— ئۇچىڭىزغا ساقچى فورمىسى كىيىۋالسىڭىز تېخىدـ ـمۇ قامەتلىك كۆرۈنىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ.
— قامەتلىك؟
— ناھايىتى قامەتلىك. بۈگۈن كەچتە سىز ساقچى فورـ ـمىسى كىيىپ، تولۇق قوراللانغان ۋاقتىڭىزدا يېنىڭىزدا بوـ ـلالمايدىغانلىقىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.
— مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز بولىدىغۇ.
— توغرا، بۇنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. كىيىم ـ كېچەكنىڭ رولى ھەقىقەتەنمۇ بەك چوڭ ئىكەن، مېنىڭچە تىياتىرنى ياقتۇرۇپ قېلىشىممۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېـ ـرەك.
— سىز رول ئېلىپ باققانمۇ، دارا؟
— ياق، مەن پەقەت ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكار، خالاس. سىز نېمىشقا مېنى رول ئېلىپ باققان دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟
— سىزنىڭ ئاۋازىڭىز سەھنىدىكى ئارتىسلارنىڭكىدەك

چىقىدىكەن.

— مەن سىزگە ئېيتقان، مەن ئىلگىرى بىر ئىتائەتمەن ئايال ئىدىم.

— سىز يەنە شۇنداق سادىق ئىكەنسىز.

— ئەمما، يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي بۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۇنىمۇ سىزگە ئېيتقان.

— توغرا، ماڭا دېگەندەك قىلغانتىڭىز.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالايىتەن ماڭا بەدىنىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك بىر خىل ھالەتتە ماڭدى.

— سىز ساقچى فورمىسى كىيىۋالسىڭىز، — دېدى ئۇ، — كىيزا ياكى ساقچى كالتىكى تۇتۇۋالسىڭىز مېنى تېخىمۇ بەك ئۆزىڭىزگە تارتىدىكەنسىز.

— شۇنداقمۇ؟

— بىز بىللە ئالاھىدىرەك ئىش قىلىپ قالامدۇق تېخى، تەسەۋۋۇرغا باي ئادەم ساقچى كالتىكى بىلەن كويزىنى يەنە قانداق ئىشلىتىشنىمۇ بىلىدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ.

— بولۇپمۇ ئىككى ئادەم بىللە تۇرغاندا.

— شۇنداق بولۇش مۇمكىنچىلىكى چوڭراق.

— سىزنىڭچە مەن چىرايلىقمۇ؟

— ناھايىتى چىرايلىق.

— كۆڭلۈمنى ياساپ شۇنداق دەپ قويماۋاتقانسىز ـ ھە؟

— ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداقتا ياخشى، يېشىم سىزدىن چوڭ بولسىمۇ مەيلىمۇ؟

— بۇنىڭ بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— راستىما ؟
— شۇنداق.
ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم.
— ئەمما، ھازىر تازا قاملاشماي قالارمىكىن، — دېدى ئۇ.
— شۇنداق، ھازىر يېنىمدا كويزا بىلەن ساقچى كالتىدىكى يوق.
— ھازىر بولمىسا، ئاۋۋال سىناپ كۆرۈپ باقمامدۇق. سىز ئاۋۋال مېنى سۆيۈپ قويمامسىز؟
بىز سۆيۈشۈپ ئىرماش - چىرماش بولۇشۇپ كەتتۇق. بىز ئۆرە تۇرغانىدۇق، ئۇ قولى بىلەن بوينۇمغا گىرە سېلىۋالغانىدى. بىز ئاخىر ئاجرىدۇق، ئۇ كەينىگە ئىككى قەدەم ياندى.
— بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن، بورناد......
— بولىدۇ.
— سىز كىيىملىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋالامسىز ياكى مۇشۇنداقلا شەھەرگە كىرەمسىز؟
— بۇ كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىمەن.
كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ بولۇشۇمغا ئۇ مۇنچىدىن چىقتى. ئۇنىڭ قىزىللىق تەپكەن يۈزلىرى ئەمدى ئەسلىي رەڭگىگە قايتقانىدى. مەن ھېلىقى يالغان چاچ بىلەن شەپكىنى يەنە كىيىۋالدىم. ئۇ ماڭا ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشنى ئېيتتى. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا ئاچقۇچ بولمىسىمۇ بۇ ئىشىكنى ئاچالايدىغانلىقىمنى ئېيتمىدىم.
— بورناد، ھېلىقى ساقچى 200 دوللارنى ئاز ئالدىمۇ قانداق؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ بۇ زىيانىنىمۇ شېرىكى بىلەن بۆلۈشەرمۇ يا؟

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدىم بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن.

ئۇ كۈلدى.

— شۇنداق بولسا تازا ياخشى بولغۇدەك.

— توغرا، تازا ياخشى بولىدۇ.

رودىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ۋاقتىمدا ئېيلىن تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇنى ساقلىغاچ ساقچى فورمىسىنى كىيىۋالدىم، پۇتۇمدىكى ئاياغقا تازا قاملىشالمىدىم. ئېيلىن ئىشىكتىن كىرىپلا مېنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى مېنىڭ ئىشەنچىمنى تەۋرىتەلمىدى.

— سىز قانداق بولۇپ ساقچى بولۇپ قالدىڭىز؟ سىز ئەسلىي بىر ئوغرىغۇ؟

— بۇ ئىككى كەسىپنى بىر - بىرىگە ئۇنچە زىت دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

— سىز ساقچىغا ئانچە ئوخشىمايدىكەنسىز.

— ھازىرقى ساقچىلارمۇ شۇنداققۇ؟ رېيغا ئوخشاش كونا ساقچىلاردا ئانچە - مۇنچە ساقچىنىڭ سىيماسى چىقىپ تۇرغان بىلەن، ياش ساقچىلار ماڭا ئوخشاشلا. رېينىڭ ھېلىقى ھەمراھى مانا بۇنىڭ تىپىك مىسالى، ھە دېسىلا ساقچى كالتىكى قولىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان، ئادەمدىن يۇلتۇز تۇركۈمىگە ئوخشاش نەدىكى سوئاللارنى سوراپ يۈرگەن، كىچىككىنە ئىشقا يولۇقۇپ بولغۇچە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان. مەنمۇ شۇنداقراق ساقچىغا ئوخشىغاندىمەن بەلكىم. ئىشقىلىپ، بۇ

www.uyghurkitap.com

كېيىم بىلەن ئىشىك باقارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋالسامىلا بولدى، يەنە كېلىپ رېي مەن بىلەن بىللە ماڭىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىز-نىڭچە بۇ چارە بولامدىكەن؟

— بولۇشىنىغۇ بولىدىكەن، ئەمما سىز ھېلىقى قۇتىنى يەنىلا شۇ يەردە دەپ كېسىپ ئېيتالامسىز؟

— ئەگەر شۇنداق قۇتا راستتىنلا مەۋجۇت بولسا، چوقۇم شۇ يەردە. ئۆيۈمنى شۇنچە قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئەمدى بىلدىم، ئۇلار مايكىل دىباسنىڭ ئىشخا-نىسىدىكى ئىككىيلەندەك قىلىدۇ. ھېلىقى كۈنى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇپ ئۆيۈمنىڭ چىرىغىنىڭ ياندۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆيۈمنى ئاقتۇرۇۋاتقاند-لىقىنى ئويلىماپتىمەن. دىباس بىروكلىن رايونىنىڭمۇ ياكى خانىش رايونىنىڭمۇ، ئىشقىلىپ بىر يەرنىڭ تەپتىش ئەمەل-دارى، ئۇنىڭ فىرانكىسفورد بىلەن چوقۇم ئالاقىسى بار.

— فىرانكىسفورد ئۇنىڭغىمۇ تەھدىت سالغانمىدۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس، ئۇنى دىباسقا ياردەملىشىپ ئىشنى ھەل قىلىشىپ بەرگەنمىكىن دەيمەن. كارت ساندىۋال تەكشۈرۈۋاتقان دېلو دىباسقا بېرىپ تاقالغان، شۇنىڭ بىلەن فىرانكىسفورد ساندىۋال خانىمغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئېرىنى بۇ ئىشتىن قول ئۈزدۈرمەكچى بولغان. دىباس مەندىن جىنا-يەت ئىسپاتى چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن، شۇڭا ئۆيۈمگە ئىككى ئادەم ئەۋەتىپ ئاختۇرغان گەپ. ئەمما، ئۇ ئىسپاتنىڭ كۆك رەڭلىك قۇتىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئۆيۈمگە ئادەم ئەۋەتىپ ئاختۇرغىنىدىن قۇتىنىڭ ئۇنىڭ قولىدا ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

— قاتىلچۇ؟

— نېمە دەيسىز؟

— ئۇ كۈنى كەچتە فىرانكىسفوردنى يەنە بىر ئادەم ئىز-دەپ بارغان، يەنى ئۇنى تونۇيدىغان بىر ئادەم، بەلكىم ئۇ قاتىل-سوقتى قىلىۋاتقان باشقا بىر ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ زادى قانچە ئادەمنى قاتىل-سوقتى قىلىۋاتقانلىقىنى كىم بى-لىدۇ؟ ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قۇتىنىڭ ئىچىدىمۇ تې-خى.

— داۋاملاشتۇرۇڭ.

ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— بەلكىم فىرانكىسفورد ئۆزى قاتىل-سوقتى قىلىۋات-قان ئادەم بىلەن كۆرۈشكەن بولۇشى، قارشى تەرەپ ئۇنىڭدىن ئىسپاتنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن، فىرانكىسفورد ئىسپاتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇ فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، يەنى ئۇنىڭ بېشىنى ئۇرۇپ يېرىۋېتىپ، كۆك قۇتىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ئېيتقىنىڭىز قاتىلنىڭ قىلمىشى بىلەن ئوخشاش چىقتى.

— ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئۆيگە سىز كىرگەن، ئاندىن بە-زىلەر ئۆيدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ ساقچىغا مەلۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن سىز ھە دەپ تارتمىلارنى ئاختۇرۇۋاتقاندا ساق-چىلار كىرىپ سىزنى تۇتۇۋالغان.

— بۇنداق مۇمكىنچىلىكمۇ بولۇشى مۇمكىن، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

— دېباس كۆك قۇتىنى يەنىلا فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدە دەپ ئويلاپ قالغان، چۈنكى ئۇ نامەلۇم شەخس × نىڭ بارلىقى-نى بىلمەيتتى.

— كىمنى دەيسىز؟

ــ نامەلۇم شەخس × نى يەنى قاتىلنى دەيمەن، ــ دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ، ــتېلېۋىزوردا ئېنىقلانمىغان قاتىلنى مۇشۇنداق ئاتايدىغۇ؟

ــ مەن بىر ئادەمنىڭ هاياتىنى قىسقارتىپ، بىر ھەرپ بىلەن ئىپادىلەشنى ياقتۇرمايمەن.

ــ ئۇنداقتا، سىز ئۇنى نېمە دەپ ئاتىسىڭىز ئاتاۋېرىڭ. دىباسنىڭ قۇتىنى سىزنىڭ يېنىڭىزدا دەپ ئويلىغىنى ئۇچۇنلا قۇتىنى يەنە ئۇچىنچى ئادەمنىڭ قولىدا ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. سىز قۇتىنى ئۇ ئۆيدىن ئىزدەپ تاپالماپسىز، ئۇنداقتا قۇتا ئەسلىدىنلا ئۇ يەرگە قويۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن.

سەل ئاچچىقىم كەلدى، نەچچە ئەسىرنىڭ ئالدىدا گاللىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقاندىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا مۇشۇنداق پوزىتسىيەدە بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ــ قۇتا فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدە. تولا مېنىڭ قىزغىنلىقىمغا سوغۇق سۇ سەپمەڭ، ھۇ قارغىش تەگكۈر!

ــ سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق بورنى......

ــ قاتىل جىددىيلىشىپ كېتىپ، قۇتىنىمۇ ئىزدىمەي ئالدىراپ كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ياكى فىرانكىسفورد ئۇنىڭغا قۇتىنى كۆرسىتىپ باقمىغاندۇ؟

ــ بەلكىم شۇنداقتۇ.

ــ بەلكىم فىرانكىسفورد كۆك قۇتىنى بىخەتەر ئىشكاپىغا سېلىپ قويغان بولۇشى ياكى شەھەردىكى بىرەر بانكىنىڭ بىخەتەر ئىشكاپىغا سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

ــ شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ــ بەلكىم فىرانكىسفوردنى مايكىل دىباس ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قۇتىنى ئۇ ئېلىۋالغان، ئۆيۈمگە دارا

ساندۇۋال بىلەن ۋېسلى بېررىل بېرىپ ئاختۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— سىزنىڭچە......

— ياق، مەن باشقىچە ئويلىمىدىم. بەلكىم ھېلىقى بېر-رىل سەھنە تېكىستىنى ئېسىدە تۇتالماي، فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندۇ، ئاندىن قۇتىنى ئېلىپ كارت ساندۇۋالغا تاپ-شۇرۇپ بەرگەندۇ. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ بۇنداق ئويلى-غۇم يوق. مېنىڭچە، قۇتا فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدە.

— چۈنكى، سىز شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىسىز.

— شۇنداق، مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مەن بىر قارغىش تەگكۈر تالانت ئىگىسى، ھەمىشە ئۆز سەزگۈمگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغان بىر ئەبلەخ.

— بۇ ئۆمرىڭىزدە ئوغرىلىقنى شۇنداق ئەپلەشتۈرۈپ كەلگىنىڭىز مۇشۇ سەۋەبتىن بولماي نېمە؟

بۇ گەپ چىققىشى بىلەن ئىككىمىز قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتتۇق، ئاۋازىمىزنى بېسىپ تۇرۇپ بىر-بىرىمىزگە ۋارقى-راشتۇق. ئاخىر بىز ئۇرۇشۇپ توختىدۇق، ئەمدى يەنە ۋارقى-راشنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى.

— مەن قەھۋە دەملەپ چىقاي، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ ھاراق ئىچكۈڭىز بارمۇ يا؟

— خىزمەت ۋاقتىدا ھاراق ئىچمەيمەن.

— خىزمەت قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوققۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزدە ئاچقۇچ بار.

— ئەمما، مەن ئۆزۈمنى يەنىلا ئوغرى دەپ قارايمەن.

— ئەمىسە قەھۋە ئىچسەك بولغۇدەك، سىزنى ئالغىلى ئۇ يەرگە بارامدىمەن؟ سىز شەھەرگە ساقچى فورمىسىنى كى-يىپ بارامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭچە شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟ قانداق قىلىشنى مەنمۇ بىلمەيۋاتىمەن. تەلىيىم ئوڭدىن كەلسە، شەھەرگە كې-تىۋاتقان يولدا باشقىلار مېنى ماشىنامدىن چۈشۈرۈۋېلىپ، ئوغرى تۇتۇشقا سالامدۇ تېخى.

— ياكى بولمىسا ئوغرىلىق دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ قالامسىز تېخى.

— راست دەيسىز، ئەمما ساقچى شەپكەم يوق، ئۇنىڭ ئۇس-تىگە بۇ كىيىمنى كىيىۋالسام تازا قولىشالمايدىكەنمەن. ياخشىسى ئالماشتۇرۇۋېتەي.

— سىز بۇ فورمىنى سېلىۋېتىپ باشقا كىيىم كىيد-سىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

ئۇ نازلىنىپ كەينىگە ئۆرۈلدى.

فورمىنىڭ تۈگمىسىنى يەشكەچ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

## 15

ئۇچرىشىدىغان جايغا ئۇ ئىككى ساقچىدىن بىرقانچە مىنۇت بۇرۇن يېتىپ بېرىپتىمەن. كۆك رەڭلىك ساقچى فورمىسىنى ئەمدىلا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئىشىكنى ئېچىۋىدىم، رېي بىلەن رولىن كىرىپ كەلدى. رېينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، رولىننىڭ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. رېي كىرىپلا باش بارمىقى بىلەن ئارقىسىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئەبلەخ مېنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدى بورنى. ئۇنىڭغا بىز بىللە بىللە بارسا نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ چۈشەندۈرۈپ قويغىنا، — دېدى رېي.

— مەنمۇ بېرىشىم كېرەك، — دېدى رولىن، — ناۋادا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

رولىن پۇتىدىكى جىگەر رەڭ ئاياغقا قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئايىغىغا پىكرى بارمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئۇ بېشىنى زادىلا كۆتۈرمىدى.

— ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ، — دېدى رېي، — بورنى ئىككىمىز بىر يەرگە بېرىپلا كېلىمىز، ئاندىن بورنى سېنىڭ كىيىمىڭ ۋە جابدۇقلىرىڭنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئاندىن ئىككىمىز ئۆيگە قايتىپ پۇلىمىزنى سانايمىز. ژۇرنىلىڭنى ئالغاچ كەلگەنسەن؟

— كىتابتىن بىرنى ئالغاچ كەلدىم.

— ئەمىسە سەن كىرېسلودا ئولتۇرۇپ كىتابىڭنى ئوقۇ،

كىرىسلىو ناھايىتى راھەت ئىكەن، ئالدىنقى قېتىم ئولتۇرۇپ باققانىدىم. سەن كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقىتىڭدىمۇ فورماڭنى كىيىپ، جابدۇقلىرىڭنى ئېسىۋالامدىغان بولغىيتتىڭ؟

رولىن ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى، بىردەم ئىچىگە تىنىسا، بىردەم تېشىغا تىناتتى.

— ناۋادا بىرەر ئىش چىقىپ قالسىچۇ؟ مەسىلەن، بۇياقـنىڭ يەنە ئويلىمىغان بىرەر ھۈنىرى چىقىپ قالسىچۇ؟ ئىككىمىز نيۇيوركتا يەنە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پالاقشىپ يۈرەمدۇق، رىبي؟

— فىرانكىسفوردنىڭ تۇرالغۇسى شەھەرنىڭ شەرقىدە، بۇ يەر بىلەن بىر رايوندا.

بۇ گېپىم ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. رولىن قاتناش ۋەقەسىدىن تارتىپ ساقچىلارنى كېرەك قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە ۋەقە بولۇپ قالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغـرىسىدا توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. رىبي ئۇنىڭغا بۇنداق چاغدا ئۈچ ساقچىدىن يەنى بىرى يالغان، ئىككىسى راست ساقچىدىن بىرى راست، بىرى يالغان ئىككى ساقچىنىڭ بولغىنى ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

— يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، — دېدى رولىن، — راست گېپىمنى ئاڭلاشنى خالىساڭلار، سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، مەندە بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇيغۇ بولۇۋاتىدۇ.

— ئەگەر سەنمۇ بارىدىغان بولساڭ، بورنى ئىككىڭلارغا بىردىن تاپانچا، بىردىن ئىزناك، بىردىن شەپكە كېتىدۇ، ئەمما ھازىر بۇلاردىن پەقەت بىر كىشىلىككلا بار تۇرسا، پەرۋەردىگارىم!

— ئۇ باشقا بىر ئىش. مەن بۇ يەردە ئولتۇرسام، يا ئىزنىكىم، يا تاپانچام بولمىسا، ئاھ، خۇدا، مەن ھېچ بىلەلمىدىم رىبي.

— ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىدىغان تۇرساڭ، مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ تاپانچىنى نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۆيدىكى سۇۋەرەكتىن قورقۇمتىڭ-يا؟

بۇ ئۆيدە سۇۋەرەك يوق، بۇ بىنا ناھايىتى پاكىز ئىكەن.

— ئاڭلىدىڭمۇ، بۇ يەردە سۇۋەرەك يوق ئىكەن، — دېدى رېي.

— كىم سۇۋەرەكتىن قورقىدىكەن؟

— سېنى قورقۇمدىكىن دەپتىمەن.

— مەن قانداق قىلىشنى پەقەت بىلەلمەيۋاتىمەن، رېي.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇر، ئەبلەخ. جابدۇقلىرىڭنى دەرھال بورنىغا بەر. بورنى، بەلكىم ئۇ ئازراق هاراق ئىچمۇالسا بۇنچە جىددىيلىشىپ كەتمەس، توغرىمۇ؟

— توغرا گەپ بولدى، — دېدىمەن.

— بۇ يەردە هاراق بارمۇ؟

مەن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ۋىسكى ئىزدىدىم. ئاشخانىدىن بىر بوتۇلكا هاراق بىلەن مۇز پارچىسى ئېلىپ چىقتىم.

— ئەڭ ياخشىسى ئىچمەي، — دېدى رولىن، — مەن ھازىر كۆزەتتە تۇرۇۋاتىمەن.

— ئاھ، خۇدا! — دېدى رېي.

— بۇلارنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قوياي، سىزگە لازىمى بولۇپ قالار رولىن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تاسمىسى بىلەن بېلىمگە ئېسىپ، قولۇم بىلەن تاپانچىنى سىلاپ باقتىم.

— نېمىدېگەن ئېغىر نەرسە بۇ؟

— نېمە؟ تاپانچىنى دەمسەن؟ ئۇنىڭغا ئالدىرىماي كۆنۈپ قالىسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كەينىدە بۇنداق ئىغىر بىرنەرسە ساڭگىلاپ تۇرسا بەلنى رۇسلاپ ماڭىمەن دېيىشمۇ تەسمۇ نېمە؟

— بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالىسەن، بۇ كەم بولسا ئۆزۈڭنى خۇددى كىيىم كىيمىگەندەك ھېس قىلىپ قالىسەن تېخى، — دېدى رېي.

مەن يەنە رولىنىدىن ساقچى كالتىكىنى ئالدىم، كالتەك-نى ئىككى چۆرگۈلىتىپ، ئالىقىنىمغا ئۇرۇپ قويدۇم. بۇ نا-ھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سىلىقلانغان بىر كالتەك ئىدى. رېي كالتەكنى پاقالچىقىمغا تېگىپ كەتمىگۇدەك قىلىپ بې-لىمگە ئېسىپ قويدى. ئاخىر ساقچى ئىزنىكىنى تاقاپ، شەپ-كىنى كىيىپ، ياتاق ئۆيدىكى ئەينەككە قاراپ باقتىم، بۇ قې-تىم راستىنلا ساقچىغا ئوخشاپ قالغانىدىم.

ئۇچامدىكى ساقچى فورمىسىغا يەنە ئىزناك، تاپانچا، شەپ-كە، كالتەك، كويزا قاتارلىق نەرسىلەر قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى رول ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ساقچى كالتىكى-نى چىقىرىپ، ئۇياق-بۇياققا شىلتىپ باقتىم-دە، يەنە جايىغا ئېلىپ قويدۇم. بېلىمدىكى تاپانچىنى چىقىرىپ باقماقچى بولغانىدىم، تورۇپلا بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى، ئۆزۈم-نىڭ پۈتىغا ئېتىۋېلىشتىن قورقۇپ قالدىم. مەنمۇ مۆجىزى-لىك ئىشتىن بىرنى قىلدىم، يەنى ئىزناكنى تاقاۋاتقاندا ئىز-ناكنىڭ ئىلمىكىنى مەيدەمگە سانجىۋالمىدىم.

مېھمانخانىغا سالاپەت بىلەن مېڭىپ چىقتىم، رېي مې-نىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراپ چىقىپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئەمدى بوپتۇ، — دېدى.

— ئۇلار توغما ئارتىس ئىكەن، — دېدى رولىنىمۇ تورقۇمغا قاراپ.

— سەن ئوغرىلارنى دەمسەن؟
— جەۋزا يۇلتۇز تۇركۇمىدىكىلەرنى دەيمەن.
— ئاھ، خۇدا! — دېدى رېي، — تېز بول، بىز بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى!

— ھازىر ئۇ يەرگە كىرىش ھېچ گەپ ئەمەس. جىنايەت نەق مەيدانىنىڭ ئىشىكى پېچەتلەنگەن، بىز ئۇنى يىرتىۋېتىپ، قايتىپ چىققاندا يەنە چاپلاپ قويساق بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، كىرىپ چىقىشتا تىزىمغا ئالدۇرىدىغان گەپ. شۇڭا، جىمىراق يۈرەرسەن، — دېدى رېي ساقچى ماشىنىسىغا چىقىۋېتىپ.
— بۇ سىلەرنىڭ خىزمەت تەرتىپىڭلار ئوخشىمامدۇ؟
— قالايمىقان ئادەملەر كىرىۋالمىسۇن دەپ ئۆينى پېچەتلەيدىغان گەپ، ئەلۋەتتە كىرىمەن دېگەن ئادەمنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ئەمما پېچەتنى يىرتىۋەتمەي تۇرۇپ كىرگىلى بولمايدۇ-دە. ئۇ يەرگە ھازىرغىچە ئىككى-ئۈچ گۇرۇپپا ئادەم كىرىپ بولدى، شۇڭا پېچەتمۇ قايتىدىن بىرنەچچە قېتىم چاپلاندى. مەن تىزىملىكنى تەكشۈرۈپ باقتىم.
— شۇنداقمۇ؟ يەنە كىملەر كىرىپتۇ؟
— يەنە شۇ ئادەملەر بولمامدۇ؟ فوتوگرافلار بىلەن تەجرىبىخانىدىكىلەر پېچەت چاپلانماستىنلا كىرگىلى تۇرغان. ئاذچە ئۇزاق ئۆتمەي فوتوگرافلار يەنە كىرىپ چىقتى، ئەمما ئانچە ئۇزاق تۇرمىدى. قارىماققا بىرىنچى قېتىم سۈرەتنى ياخشى تارتالمىغان بولۇشى ياكى تەپتىش ئەمەلدارى ئۇلارنى باشقا ھۇجرىلارنى سۈرەتكە تارتىشقا بۇيرۇغان بولۇشى مۇمكىن. سەن تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ سوتقا نېمىلەرنى يوللايدىغانلىقىنى، قانداق ئىسپاتلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەلمەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن. ئاندىن ياردەمچى تەپتىش ئەمەلدارى قاتىللىق دېلوسى ئەترىتىنىڭ ئىككى ساقچىسى بىلەن بىر قېتىم كىرىپ چىقتى. بۇ بىزنىڭ رايوندا يۈز بەرگەن دېلو تۇرسا، دېلونى ئۇ-لارغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتۇقمۇ؟ ئەمما، ئۇلار كىرىمەن دېسە توسۇ-ۋالغىلى بولمايدۇ. يەنە خادىسون دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى رايونىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارىمۇ ئادەم ئەۋەتىپتۇ......

— بۇ قاچانقى ئىش؟

— بىلمەيمەن، قانداق دەيسەن؟

— قەيەرنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى؟ بىروكلىننىڭمۇ ياكى خانىش رايونىنىڭمۇ ؟

— بىروكلىننىڭ.

— بىروكلىننىڭ تەپتىش ئەمەلدارى كىم بولىدۇ؟

— ئۇ يەرنىڭ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ قارغىش تەگكۈر، ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— مايكىل دىباسمۇ؟

— توغرا، دىباس دېگەن شۇ. نېمە بولدى؟

— ئۇنىڭ ئادەملىرى قاچان كىرىپتىكەن؟

— قاتىللىق يۈز بەرگەن كۈندىن تارتىپ بۈگۈن ئاخ-شامغىچە كىرگەندۇ، قانداق، بىرەر ئىش بولدىما؟

ماشىنا تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ماڭا قا-راپ بىرھازا تۇردى.

— ماۋۇ ئەبلەخلەرنىڭ ماشىنىسىنى كوچىنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا توختىتىپ قويغىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ئۇ قاق-شاپ تۇرۇپ، — بورنى، سەن دىباس دېگەن ئادەمنى قانداق بو-لۇپ ئويلاپ قالدىڭ؟

— ئۇنى فىرانكسفورد بىلەن ئالاقىسى بارمىكىن دەي-مەن.

— قانداق دەيسەن؟

بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆيۈمگە بارغان ئادەمنىڭ كىملىكى ئەمدى ئايان بولۇشقا باشلىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار فىرانكىسفوردىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمنى ئاختۇرغان گەپ. ئەگەر ئۇلار ئاۋۋال شەرقىي 69 ـ كوچىغا بېرىپ، ئاندىن غەربىي چوڭ كوچىغا بارغان بولسا......

بۇلارنى قىياس قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، هازىر هەممىدىن مۇهىمى، هېلىقى كۆك قۇتا، ئۇنى تاپاي ياكى تاپالماي، جەزمەن ئۇنى ئىزدىشىم كېرەك.

— بۇ ناهايىتى مۇهىم ئىش ئۇچى. دىباس زادى قانداق ئادەملەرنى ئەۋەتتى، ئۇلار زادى ئۇ يەرگە قاچان كىردى؟

— بۇلارنى تەكشۈرۈپ باقساقلا بىلەلەيمىز.

— سەن تەكشۈرەلەمسەن؟

— هازىر بولمايدۇ، ئەمما بىردەمدىن كېيىن چاتاق يوق.

— ئۇ چوقۇم مۇشۇ يەردە، — دېدىم ئىختىيارسىزلا.

— نېمىنى دەيسەن؟

— هېچنېمىنى.

مەن ئىشىك باقارنى تونۇۋالدىم، ئەمما ئۇ مېنى تونۇيالمىدى، كۆڭلۈمدە بۇ قېتىمقى روژدېستۋا بايرىمى كەلسە ئۇنى يوقلاپ قويۇشنى ئويلىدىم. ئۇ بىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بەردى، ئۇ رېپ بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ئىككى يوچۇن ئادەمنى كىرگىلى قويمىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئالدىنقى قېتىمقى ئىشتىن خېلى دەككىسىنى يېگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. هەرهالدا ئۇنى ئىشتىن هەيدىۋەتمىگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ قالدىم.

ئۇ ماڭا قارىمىدى، دېمىسىمۇ ساقچى فورمىسى بىلەن رېينىنىڭ يېنىدا تۇرسام، كىممۇ ماڭا دىققەت قىلىپ يۇرەتتى؟ مىسسىيونېرغا ئوخشاش كىيىنىۋالغان بىر ئادەممۇ بىز بىلەن بىللە لىفىتقا چىقتى. ئۇنى كۆرۈپ سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدىم، چۇنكى خۇددى مەن ساقچىغا ئوخشىمايۋاتقاندەك، ئۇمۇ ھېچبىر مىسسىيونېرغا ئوخشىمايۋاتاتتى. مانا ھازىر ساقچىمۇ يالغان تۇرسا، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا بىر نېمە دېگىلى بولاتتىمۇ؟ تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم، ئوغرىلار مىسسىيونېرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالساق، ئىشىك باقاردىن غەم قىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولغۇدەك. لېكىنزە، شەھەر ئەتراپىغا ئوغرىلىققا بارغاندا بۇ چارە ئاقمايدۇ. ئۇنداق يەرلەردە ئامالنىڭ بارىچە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق كېرەك. ئەمما، شەھەر ئىچىدىكى بىنالار ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

—نېمە ئويلاۋاتىسەن، بورنى؟

— تىجارەت ئىشلىرىنى.

بىز ئۈچىنچى قەۋەتتە لىفىتتىن چىقتۇق، ھېلىقى غەلىتە مىسسىيونېر داۋاملىق يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. رېي ئىشىكتىكى پېچەتنى يىرتىۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇردۇم، ئۇ ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستىم. ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىۋىدى، رېي ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپلا قالدى.

— بۇ دېگەن قائىدە، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— سېنىڭچە، ساقچىلار ئىشىكنى پېچەتلىۋەتكەن ئۆيدە ئادەم بارمىدۇ؟

— بۇنىڭغا سەنمۇ بىرنېمە دېيەلمەيسەن ـ دە؟

— ھۇ، ئالجىپ قالغان!

— ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق پىرىنسىپى بولىدۇ.

بۇ مېنىڭ پىرىنسىپىم.

— توۋا!

ئۇ ئاچقۇچنى چىقىرىپ قولۇپقا سالدى. مەن بىر قاراپلا بۇ ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىدىم. دېگەندەك، ئاچقۇچ قولۇپقا چۈشمىدى. ئۇ يەنە بىر ئاچقۇچنى سىلىغۇدى، ئاندىن چۈشتى.

— ئاچقۇچ ئىشلەتسەم ساڭا بەك كۆلكىلىك تۇيۇلىدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ.

باياتىن دارانىڭ ئاچقۇچى بىلەن ئىشىك ئاچقانىدىم، مانا ئەمدى فىرانكىسفوردنىڭ ئاچقۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتىمىز، ئويلاپ باقسام، بۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئاچقۇچ ئىشلەتمەي ئېچىپ كىرگىنىم پەقەتلا ئۆزۈمنىڭ ئۆيى ئىكەن.

— ئالدىنقى قېتىم بۇ ئىشىكنى ئاچقىنىمدا ئىشىكنىڭ كەينىدىن بىر ئوغرى چىققانىدى، — دېدى رېي.

— ئالدىنقى قېتىم بۇ ئىشىكنى ئاچقىنىمدا ئۆي ئىچىدىن بىر جەسەت چىققانىدى، — دېدىم مەنمۇ.

— ئىككىمىز بۈگۈنمۇ يەنە قانداق يېڭىلىقلارنى كۆرەرمىز؟!

ئۇ ئاچقۇچنى ئوڭغا يېرىم بۇرىۋىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ كىرىپ كېتىۋېتىپ بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى، ئەمما ئاڭلىيالمىدىم، ئۇ كىرىپ تامنى سىلاپ يورۇپ چىراغنى ياندۇردى، ئاندىن ئۆرۈلۈپ مېنى چاقىردى، ئەمما مەن تۇرغان جايىمدىن قوزغالمىدىم.

— كىرمەمسەن؟ — دېدى ئۇ، — نېمىگە قاراپ تۇرسەن؟

— ئىشىك قولۇپلانماپتۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، مەن ھازىر ئاچقان تۇرسام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سەن قۇلۇپنىڭ پورژىنىسىنىلا ئاچتىڭ، ئاچقۇچنى يېرىم تولغىساڭلا ئېچىلىپ كەتتى. ئەمما، بۇنداق قۇلۇپ ئۇنداق ئاسان ئېچىلمايدۇ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىك قورۇلمىسى بار، ئەگەر قۇلۇپ تولۇق تاقالغان بولسا، ئاچقۇچنى تولۇق بىر ئايلاندۇرغاندا ئاندىن ئېچىلاتتى.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— بىزدىن بۇرۇن كىرگەن ئادەم ئىشىكنى تاقىغاندا ئاچقۇچ سېلىپ قۇلۇپنىڭ بىخەتەرلىك قورۇلمىسىنى تاقىماي، ئىشىكنى يېپىپلا تاقىۋەتكەن.

— بۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟ بەلكىم ئۇنىڭ ھەمراھى لىفتنى بېسىپ قويغان بولسا، ئالدىراپ ئىشىكنى يېپىپلا كېتىپ قالغاندۇ ياكى ئىشىكنىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى تاقاشنى ئويلاپمۇ باقمىغاندۇ، بۇنداق ئىشلار كۆپقۇ. ئۇلار قۇلۇپنىڭ نېمىسى دېدىڭ...... ھە، بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى تاقاشقا ئېرىنىدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، شۇڭا بەزىدە مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم تېجىلىپ قالىدۇ.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە پېچەتلەنگەن بولغاندىن كېيىن، ئۇنداق بىخەتەرلىك قۇلۇپنى سېلىش دېگەنلەر بىلەن نېمە كارى. شۇڭا، تولا بېشىڭنى قاتۇرۇپ كەتمە، بورنى.

— توغرا دەيسەن.

رېي بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىم بىلەن، پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەۋاتاتتىم.

— مەن بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى تاقىۋەتكەنىدىم.

— نېمە دەيسەن؟

— ئالدىنقى قېتىم كىرگەن ۋاقتىمدا ئىشىكنى يېپىپ

بولۇپ، قۇلۇپنىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى تاقىۋەتكەنىدىم.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— رولىن ئىككىڭلار ئىشىك باقار بەرگەن ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە ئاچقۇچنى ئاۋۋال تولۇق بىر تولغاپ بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە يېرىم تولغاپ قۇلۇپنىڭ پۇرژىنىسىنى ئاچقاندىلا، ئاندىن ئىشىك ئېچىلاتتى.

— نېمە دېسەڭ دە، — دېدى رېي سەل جىلە بولۇپ،— سەن مۇنداقلا دەپ قويغاندىن كېيىن مەنمۇ ئاڭلاپ قوياي. بورنى، ئاچقۇچنى قانچە قېتىم تولغاپ ئىشىك ئاچقانلىقىمنى مەن نەدىن بىلەي، يەنە كېلىپ ئىشىكنىڭ كەينىدىن سېنىڭ چىقىپ قېلىشىڭنى كىم بىلدى؟ سېنىڭ زادى نېمە دەپ كاپىشۋاتقىنىڭنى بىلەلمىدىم، نېمىشقا بۇ يەرگە كىرمەي، ئىشىك ئالدىدا ئىلىشىپ قالغاندەك تۇرۇۋېرىسەن......

— توغرا دەيسەن.

مەن ئۆيگە كىردىم. ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، قۇلۇپنىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى تاقىۋەتتىم.

بۇ ئۆي ئاۋۋالقىدەكلا تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۆيۈمگە كېلىپ قالايمىقان قىلغان ئادەمنى دىباس ئەۋەتكەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىگە خېلى مۇلايىم ئادەملەرنى ئەۋەتكەندەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە. ئۇلار ئۆيۈمگە قانۇنسىز كىرىپ خالىغىنىنى قىلغان بىلەن، بۇ يەرگە ساقچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ قانۇن بويىچە كىرمىسە بولمايدۇ. شۇڭا، فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسى كىتاب جازىسىدا، كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى كىيىم

ئىشكاپىدا تۇرغان گەپ. ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرىنى بۇزماپتۇ، گىلەملىرىنى قايرىماپتۇ، تامغا ئېسىلغان رەسىملەرنى ئېلىۋېتمەپتۇ.

بۇ ئادىللىق ئەمەس ئىدى. باشقىلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرىمەن دەپ يەنە بىرىنى قاقتى-سوقتى قىلغان فىرانكىسفورد ئەمدىلىكتە ئىككى قولى قۇپقۇرۇق ھالدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇ ئەمدى كىتاب ئوقۇمايدۇ، كىيىم كىيمەيدۇ، ھەتتا بۇنداق ئۆيدىمۇ ئولتۇرالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆيى شۇنداق رەتلىك. ئەمما، مەنچۇ؟ ئۆيۈمدىكى نەرسىلەرنى مەن يەنە ئىشلىتىدىغان تۇرسام، ئۇلار ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟

ئەمدى كالالامغا كىرىۋالغان بۇ خىياللارنى ئامال قىلىپ چىقىرىۋېتىپ، دىققىتىمنى بۇ يەرنى ئاختۇرۇشقا قاراتمىسام بولمايتتى. مەن ئىشنى ياتاق ئۆيدىن باشلىدىم. پولغا سېلىنغان شەرقنىڭ گىلىمى ئۈستىگە جەسەتنىڭ ياتقان ئورنى سىزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇ سول تەرەپتىكى تامنىڭ بۇلۇڭىدا ياتقان بولۇپ، ئىككى پۇتى ئىشىك تەرەپكە سوزۇلغانىكەن. جەسەتنىڭ بېشى تەرەپتە بىر قوڭۇر رەڭلىك ئىز تۇراتتى، كارىۋات ئۈستىدىمۇ مۇشۇنداق ئىزنى كۆردۈم.

— قان دېغى، — دېدىم رېيغا قاراپ، — مەن ھازىرغىچە قان دېغىنى قىزىل رەڭدە بولىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن.

— قۇرۇغاندىن كېيىن مۇشۇنداق قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ يىقىلغاندا ئاۋۋال كارىۋاتقا، ئاندىن پولغا يىقىلىپتۇ.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

— گېزىتتە ئۇنى بېشىغا كولدان بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈ-

ۋەتكەن دەپتىكەنغۇ؟ ئەمىسە كۈلدان قەيەردىدۇ؟

— مەن تېخى بېشىغا چىراغ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىكىن دەپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ كۈلدان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەمسەن؟

— گېزىتتە شۇنداق دېيىلىپتۇ.

— ئۇلار ئۇچۇرغا مۇشۇنداق باي. ئىشقىلىپ، قاتىللىق قورالى نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا پېچەت چاپلاپ باشقا جايغا ئەكېتىپ بولدى. ئۇلار ئاۋۋال پېچەت چاپلاپ بولغاندىن كېيىن، تەجرىبىخانىغا ئاپىرىپ بىرمۇنچە ھەپىلەشىدۇ، ئاندىن بىرنەچچە يۈز پارچە سۈرەت تارتىپ باشقا بىخەتەر جايغا ئاپىرىپ قويىدۇ، — دېدى رېي گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — قاتىللىق قورالىنى مۇشۇ يەردىمۇ دەيلى، بورنى، سېنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشىڭغا يول قويمايمەن. نەق مەيداندىكى ئىسپاتنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

— مەن پەقەت ماددىي ئىسپاتنى ئىزدەپ تاپماقچى.

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى قىياس قىلىپ بولدۇڭغۇ دەيمەن.

ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى تامغا ئېسىلغان بىر پارچە رەسىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. رەسىمدە دېھقاننىڭ بىر كونا ئۆيى سىزىلغانىدى، رەسىمنىڭ رامكىسىمۇ شۇنداق قوپال ۋە يوغان كۆرۈنەتتى. ئەگەر بۇ رەسىمنىڭ كەينىدە بىخەتەر ئىشكاپ بار دېسەك، دېلو يۈز بەرگەندىن بۇيان بۇ يەرگە كىرگەنلەر بۇ بىخەتەر ئىشكاپنى تالاي قېتىم بايقاپ قالغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ رەسىمنى ئېلىپ قاراپ باقتىم، كەينىدە يەنىلا تام تۇراتتى.

— قىزىق ئىش، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنىڭ بىر بىخەتەر ئىشكاپى بولۇشى كېرەكقۇ؟ ئۇنىڭ قولىغا ھەمىشە نەق پۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىپ تۇرىدىغان تۇرسا، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلمامدىغاندۇ؟
— نەق پۇلنى نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ مۇقىم مۈلكى يەنى بىر تىياتىرخانىسى بار بورنى، تىياتىرخانىسىنىڭ كىرىمى بارمۇ دەيلى، ئەمما ھازىر كىممۇ ئۆيىدە پۇل ساقلايدۇ؟ ئۇدۇل بانكىغا ئاپىرىپ قويۇۋېتەمدۇ؟ كىچىك تىياتىرخانىسىنىڭ كىرىمى ئۇنچە كۆپ بولمىسا، نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ نەق پۇلى بولسۇن؟
ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمىدىم.
— بۇ ئەبلەخ ئۇنچە بوش ئەمەس، ئۇ مەخسۇس باشقىلارنىڭ ئاۋارىچىلىكىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىدىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن، ئۇ چوقۇم يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەملەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ يۈرگەن، — دېدىم كەسكىنلىك بىلەن.
— مەن تېخى سېنى ئۇنى تونۇمامدىكىن دېگەن.
— مەن ئۇنى تونۇمايمەن.
— ئەمىسە بۇلارنى قانداق بىلىسەن؟
— ئۇنىڭ شېرىكى بىلىدىكەن، ھامان بىر كۈنى سېنىڭ ئىدارەڭدىكىلەرمۇ بۇنى بىلىپ قالىدۇ. سەن فىرانكىسفوردنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلەمسەن؟
— بىلمەيدىكەنمەن. مېنىڭچە، بۇنىڭغا ھېچكىم قىزىقمايدۇ. بىز ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى بىلىۋالدۇق، بۇ دېلو مۇشۇنداق ئاددىي تۇرسا، يەنە نېمە دەپ يوق ئىشلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ يۈرىمىز؟ بۇنىڭغا بىرەرسى ھەق بېرەمتى يا؟
— بۇ دېلو مۇشۇنداق ئاددىيما؟ — دېدىم بوش ئاۋازدا.
— بورنى، بىزنىڭ زادى نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىمىزنى دەپ بەرگىن......
— بىز ئەمەس، مەن ئىزدەۋاتىمەن.

— توغرا، سەن نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟
— ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىمنى بىلمەن.
— مەنمۇ بىلسەم بولامدۇ؟
ئۇنىڭ يېنىدىن يەنە سۇركىلىپ ئۆتتۇم، جەسەتنىڭ ئورنى سىزىلغان يەردىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، مۇنچىغا كىرىپ قاراپ باقتىم، مۇنچا باشقا ھۇجرىلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكلا چوڭ ئىدى. ئىچىدە شۇنداق چوڭ بىر ۋاننا ۋە يېڭى پاسونلۇق يۇيۇش قاچىسى بىلەن تەرەت تۇڭى تۇراتتى. يۇز يۇيۇش قاچىسىغا سۇ قاچىلىدىم، ئاندىن تەرەت تۇڭىنىڭ سۈيىنى چۈشۈرۈۋەتتىم. يېنىپ چىققان ۋاقتىمدا رېينىنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.
— ئېسىڭدىمۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، — ئەگەر رولىن تەرەت تۇڭىنىڭ سۈيىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن خاتا مېڭىپ قالمىغان بولسا، بىز بۇ يەردە بولمىغان بولاتتۇق.
— بۇ گېپىڭ توغرا بولدى. ئەمما، فىرانكىسفوردنىڭ جەسىتىنى كىمنىڭ قانداق ۋاقىتتا بايقاپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن؟
— شۇنداق بولمىغان بولسا، جەسەت بۇ يەردە نەچچە كۈن تۇرسىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى.
— شۇنداق بولغان بولسا، بۇ دېلونىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى قالمايتتى، بورنى. بىز سېنىڭ قەيەردىلىكىڭنى بىلگەن تەقدىردىمۇ نېمە پايدىسى بولاتتى؟ بىز قاراپ تۇرۇپ باشلىقىمىزغا سېنى تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە قاچۇرۇپ قويدۇق دېيەلەمتۇق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز جەسەتنى بايقىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ شۇ ئاخشىمى ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىگەن تۇرساق.
— بىراق، رولىن دەل جەسەت تەرەپكە قاراپ ماڭغان.

www.uyghurkitap.com

مۇنچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ ياتاق ئۆيگە بۇرۇلدۇم، ئاندىن ئۆرۈلۈپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدىم. فىرانكىسفوردنىڭ كىيىم ئىشكاپىدا بىرنەرسە يوشۇرۇپ قويغۇدەك مەخپىي جاي بارمۇ؟ دەپ ئويلاپ، ئاختۇرۇپ باقماقچى بولدۇم، ئەمما يەنە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. ھېلىقى ئۇستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىنى بوش ئۇرۇپ باقتىم. دارا ساندۇقال فىرانكىسفوردنىڭ بۇ ئۇستەلدىن ھېلىقى كۆك قۇتىنى ئالغانلىقىنى كۆرگەن، ئۇ قۇتىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى داراغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، يەنە جايىغا سېلىپ قويغان. فىرانكىسفورد ئۆلگەندە ئۇستەل قۇلۇپلاقلىق پېتى تۇرغان. مەن بۇ ئۇستەلنى ئاختۇرۇپ باققان، بۇ كونا ئۇستەلنىڭ قات - قېتىدا نۇرغۇن تارتمىلار بولۇپ، ئاختۇرۇپ يېرىمىغا كەلگەندە رىي بىلەن رولىن كىرىپ قالغان، مانا ئەمدى كاللامدىكى بۇ تۈگۈن يېشىلىدىغان بولدى.

— ئولتۇرۇپ تۇر، — دېدىم يېنىمدىكى ئۇسكۈنىلىرىمەنى ئالغاچ، — بۇنىڭغا خېلى ۋاقىت كېتىدۇ.

بىر سائەتچە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئۇستەلنىڭ ھەربىر تارتمىسىنى تارتىپ چىقىرىپ، كەينىدە بىرەر نەرسە تىقىپ قويغۇدەك بىرەر بوشلۇق بار - يوقلۇقىغا قاراپ باقتىم، تارتمىلارنى ئۆرۈپمۇ قاراپ باقتىم. ئۇستەلنى قاتلاپ يەنە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ چىقتىم، نەتىجىدە بىرمۇنچە يوشۇرۇن بوشلۇقلارنى بايقىدىم، ئەمما بۇلارنىڭ تولىسى قۇرۇق ئىكەن. ئۇستەلنى قايتا قۇراشتۇرغۇسىز دەرىجىدە پارچىلىۋەتتىم، بۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ سەل خىجىل بولۇپ قالدىم. ئاخىر شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئۇستەلنىڭ بىرنەرسە تىقىپ قويىدى-

غان يوشۇرۇن جايلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، قۇتا بۇ يەردە ئەمەس ئىكەن. فىرانكىسفورد بۇرۇنلا قۇتىنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتىپتۇ.

ئۆستەلنىڭ يېنىدىن كەينىمگە داجىدىم، تۇرۇپلا قولۇمنى يۆيۈشنى ئويلاپ قالدىم. مۇنچىغا كىرىپ قولۇمنى يۇيۇۋېتىپ، كۆزۈم پۇتۇمنىڭ ئاستىدىكى فارفۇر خىشقا چۈشتى، ئاق ۋە سۇس كۆك رەڭدىكى فارفۇر خىشلارنىڭ نەقىشلىرى گىرەلىشىپ گېئومېتىرىيەلىك شەكىلنى ھاسىل قىلغانىدى. تۇرۇپلا خىشلارنى قومۇرۇپ ئاستىغا قاراپ باققۇم كەلدى، بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ روھىي جەھەتتىن تۇگىشىپ كېتەي دەپ قالغانلىقىمنى جەزملەشتۇردۇم. تەرەت قاچىسىنىڭ سۇيىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، قولۇمنى ئىشتىنىمغا سۈرتۈم، ئاندىن قولۇمغا رولىنىڭ كالتىكىنى ئېلىپ ئالدىنىمغا ئۇرغىنىمچە مۇنچىدىن چىقتىم.

مۇنچىدىن چىقىپ ئوڭغا بۇرۇلماي، سولغا بۇرۇلدۇم، يەنى رولىن ماڭغان يول بىلەن ماڭدىم. فىرانكىسفوردنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كىيىم ئىشكاپىنى ئاختۇرۇپ چىقتىم، نەتىجىدە ئىچىدىن كىيىمدىن باشقا نەرسە چىقمىدى.

ياتاق ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، تۇيۇقسىز كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى بىرنەرسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەپسىلىي كۆزەتتىم، كاللا قاتۇرۇپ ئويدان ئويلانغاندىن كېيىن، ئىشلارنىڭ مېنىڭ پەرىزىمدەك بولغانلىقىنى جەزملەشتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇ نەرسىگە قاراپمۇ قويماي، مېھمانخانىغا قايتىپ چىقتىم.

مەن ئاخىرقى تارتمىنى ئېلىۋاتقاندا رېي مەندىن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئاناڭنى، ganahouche دېگەن نېمىدېگەن گەپ؟ — دەپ سورىدى.

— «شېرىن ئايال» دېگەن مەنىدىكى بىر نېمە ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن بۇ كاساپەت گەپنى ئۇدۇل قىلسا بولمامدۇ؟

— دەۋر ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئادەتمۇ ئوخشىمايدۇ.

— ئۆلگۈر.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ قولىدىكى كىتابنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن مېھمانخانىدا مېڭىپ يۈرەتتىم، ئالدىمدا يېشىل رەخت بىلەن ئورالغان تەۋرەنمە ئورۇندۇق تۇراتتى. ئالدىنقى قېتىم ھېلىقى ئۇستەلنى ئاختۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق خىيال سۈرگەنىدىم. «سېنىڭ ئىسمىڭ فىرانسىس فىرانكىسفورد» دېدىمەن ئۆز - ئۆزۈمگە، « سەن ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغان. ئەسلىدە تىياتىرخانىغا بېرىشىڭ كېرەك ئىدى، ئەمما سەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، قولۇڭدا بىر رومكا ھاراق، ئالدىڭغا بىر كىتاب قويۇۋالدىڭ، ئاغزىڭدا يەنە سىگارتمۇ بار......»

— غەلىتە ئىش، — دېدىمەن.

— نېمە بولدى؟

— بۇ يەردە ئەسلىي ئىككى دانە كۈلدان بولسا توغرا بولاتتى.

— نېمە؟

— ئالدىنقى قېتىم بۇ يەردە بىر ئېغىر ئەينەك كۈلدان بار ئىدى.

— ئۇلار ياتاق ئۆيدىن بىرنى تېپىپتىكەنغۇ؟ ئۇلار فىرانكىسفوردنى شۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرگەن دەپ قارايدىكەن.

— ئۇنداق ئەمەس، يەنە بىر كۇلدان بار ئىدى، مانا مۇشۇ ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئىدى، ھېلىقى كۇلدان بىلەن بىر جۈپ بولۇشى كېرەك. ئۇلار نېمىشقا ئىككىلا كۇلداننى ئېلىپ كەتكەندۇ؟

— كىم بىلىدۇ، بورنى؟ تېزرەك بول، بىزنىڭ ۋاقتىمىز قالمىدى.

— بىلىمەن.

— ئىزدىگەن نەرسەڭنى تاپالىدىڭمۇ - يوق؟

— ئازراق بىر نەرسە تاپتىم.

— ئۈستەلنىڭ ئىچىدىنمۇ؟

— ياتاق ئۆيدىن.

— نېمە؟ — دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن، — سەن زادى نې-مە ئىزدەۋاتىسەن؟ ئۇنى مەنمۇ كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن؟

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

— ئۇنى سەن قانداق بىلەتتىڭ؟

— كۆك قۇتا ئىزدەۋاتىمەن، كۆك خۇرۇم قاپلانغان قۇتا.

— قانچىلىك چوڭلۇقتا؟

— ھەي، بولدى قىل، سەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، چوڭ - كىچىكلىكىنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— دېمەكچى بولغىنىم، تاماكا قېپىدىن تارتىپ خېلى چوڭ نەرسىلەرگىچە ھەممىسىنى قۇتا دەپ ئاتايمىز ئەمەسمۇ؟

— ئالاھازەل مۇشۇنچىلىك چوڭلۇقتا.

مەن ئۇنىڭغا قۇتىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىشارەت قىلدىم.

— بىر كىتابنىڭ چوڭلۇقىدا.

تۇرۇپلا دارانىڭ دەپ بەرگىنى ئېسىمگە كەلدى.

— لۇغەت چوڭلۇقىدا، ئاھ، تەڭرىم!

— نېمە بولدى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن راستتىنلا ئەخمەق ئىكەنمەن، — دېدىممەن، — بۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى جايىدا.

پەقەت ئۈچ مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىپلا قۇتىنى تېپىۋالدىم. فىرانكىسفورد ئۇ كۆك قۇتىنى ئەسلىدە كىتابقا ئوخشىتىپ ياسىۋالغانىكەن، يەنى دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كىتابىغا ئوخشىتىپ ياسىغان. ئۇنى كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويسا، كىتابلار ئارىسىدا ئۇنىڭ قۇتا ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلەلمەيدىكەن. ئەگەر ئۆيۈمنى ئاختۇرغان ھېلىقى ئەبلەخلەر بۇ ئۆينىمۇ شۇنداق ئاختۇرغان بولسا، بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاللىقاچان بىلىۋالغان بولاتتىكەن.

— ئۇنى ئېچىپ قاراپ باقامسەن، بورنى؟

ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدۇم-دە، تەۋرەنمە ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم، ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى.

— سەن كىتابىڭنى ئوقۇۋەرگىن، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، — دىققىتىمنى يىغىپ ئوبدانراق ئويلىنىۋالاي.

— شۇنداق قىلغىنىڭمۇ ياخشى.

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ، رەسىملىك كىتاب كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىۋىدىم، ئۇنىڭ كىتاب بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ، ماڭا ئوغرىلىقچە قاراۋاتقانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدى، ئۇ يەنە چاندۇرماي كىتابقا قارىۋالدى.

— يەنە بىردەم ساقلاپ تۇر، — دېدىم ئۇنىڭغا، — تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقاي.

مەن قۇتىنى ئېلىپ تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ، فىرانكىسفوردنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. بۇ كىتاب شەكلىدىكى كىچىككىنە بىر قۇتا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەن ئۈچۈن ئىنتا-

يىن مۇھىم نەرسە ئىدى. ئۇنىڭغا ئېرىشىش قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان بىر نازىنىنغا ئېرىشىشتىنمۇ قىيىنغا توختىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇتا قۇلۇپىنىڭ مەخپىي نومۇرى ئون رەقەمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ئېچىش ئاسانغا چۈشمەيتتى.

مەن قۇتىنى ئېچىشقا ئالدىراپ كەتمىدىم. قۇلۇپنى ئېچىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتىم، نەتىجىدە قۇتا ئاسانلا ئېچىلدى. ئىچىدىكى نەرسىلەر جايىدا ئىكەن، ھەممىسىنى ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم، ساقچى فورمىسىنىڭ يانچۇقى چوڭ بولغاچقا، ئانچە چىقىپ كەتمىدى.

قۇتىنى قۇرۇقداپ بولۇپ ياتاق ئۆيگە قايتىپ چىقىپ، كارىۋاتنى ئازراق ئالدىغا تارتتىم. ئۇ يەردە مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان چاسا شەكىللىك بىرنەرسە بار ئىدى. رولىنىڭ ساقچى كالتىكى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىتتىرىپ چىقتىم، ئاندىن ئۇنى باش بارمىقىم ۋە بىگىز بارمىقىمدا ئېھتىيات بىلەن تۇتۇپ، كۆك قۇتىنىڭ ئىچىگە سالدىم.

قۇتىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، قۇلۇپلاپ قويدۇم.

مېھمانخانىغا ماڭغاچ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قايتىدىن بىر ئۆتكۈزۈپ باقماقچى بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن تەرەت تۇڭىدىنىڭ سۈيىنى كۆچەپ چۈشۈرۈۋەتتىم. رېي بايىقى ئورنىدا ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ئاشقازىنىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— شۇنداقراق.

—مەنمۇ شۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، كەلگەن جايىمىزغا بېرىپ ئاندىن قۇتىنى ئا-

چايلى.

— مەن تېخى سېنى ئېچىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتامدىكىن دەپتىمەن.

— ئۇنچىمۇ ئەمەس، مېنىڭمۇ بۇ يەردىن تېزرەك كەتكۈم بار. بۇ يەردە بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتسەك، رولىن خاپا بولۇپ قالمىسۇن يەنە. ئىچىدە زادى نېمە بارلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرۈپ باقايلى.

— بۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسە سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمدۇ؟

— شۇنداق ئەمما، بەزىلەر ئاۋارىچىلىككە قالىدۇ.

بىز مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىچىگە يەنە بىر قاراپ چىقتۇق، ھەممە نەرسە ئەسلىدىكىدەك تۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئۇستەلنى چۇۋۇۋەتكەن بولسامۇ، سىرتقى كۆرۈنۈشى يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى. رېي جىسماننى ئىشىككە يېقىندىن پىچەت چاپلىدى، ئاندىن ئۇستىگە چېسلانى يېزىپ، ئىمزاسىنى قويۇپ قويدى. ئۇ ئىشىككە ئاچقۇچنى سېلىپ بىخەتەر قۇلۇپنى تاقاۋاتقاندا ماڭا قاراپ مەقسەتلىك كۈلۈپ قويدى.

ئىشىك تاقىلىپ بولغاندىن كېيىن، كاللامدا يېشىلمەي كېلىۋاتقان ئاخىرقى بىر تۈگۈنمۇ يېشىلگەندەك بولدى.

## 16

بىز دارا ساندىۋالنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە رولىن كىرىمون ئەنسىرەپ سارالڭ بولايلا دەپ قالغانىدى. بىز ئىشككە ئاچقۇچ سېلىپ ئىچىۋاتقاندا رولىن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتىۋاپتۇ. بىز ئۇنىڭ ئىشىكنىڭ كەينىدىلىكىنى بىلمىگەچكە، ئىشىكنى كۆچەپ ئىتتىرىپتۇق. ئىشىك رولىنغا خېلى قاتتىق تەگدى بولغاي، ئۇ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى. ئىشىكنى كۆچەپ ئاچقان رىبي ئۇنىڭغا ھومايدى.

— ئادەمنى نېمانداق قورقۇتىسەن، — دېدى ئۇ— بىز تېخى سېنى كىرىپسلودا ئولتۇرىدۇ دەپ قاپتۇق.

— سېنىڭ كىرگىنىڭنى بىلمەپتىمەن، رىبي.

— شۇڭا، ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتىۋالدىڭما؟ ئاھ، تەڭرىم!

— بەك جىددىيلىشىپ كېتىپتىمەن. سىلەر كەتكىلى خېلى ئۇزاق بولدى، بەك ئەنسىرەپ كەتتىم.

— بورنى بىر قۇتىنى بەك ئىزدەپ كەتتى. ئۇ بەك قىزىق ئىش قىلىدىكەن، ئۇ بىر ئۈستەلنى پارچىلاپ چىقتى، نەتىجىدە ھېلىقى قۇتىنى كىتاب جازىسىدىن تاپتى، ئۇ قۇتا ئەسلىدە كىتابقا ئوخشىتىپ ياسالغانىكەن.

— خۇددى «ئوغرىلانغان خەت» دېگەن كىتابتىكىدەكما؟

— نېمە؟

— ئېلىنىنىڭ ھېكايىلەر توپلىمىنى دەمسەن. ئۇنىڭغا ئوخشمايدۇ، رولىن. ئۇنىڭدا كىتاب ئىشكاپىغا بىر كىتاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇپ قويۇلغان. ئەمما، بۇ قېتىم يوشۇرۇپ قويۇلغىنى كىتابقا ئوخشىتىپ ياسالغان بىر دانە قۇتا، — دېدىم ئۇنىڭغا.
— ئاڭلىماققا ھەممىسى ئوخشاپ قالىدىكەن، — دېدى رولىن.
ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئانچە خۇشال ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى.
مەن رولىن بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا رېپي ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىگە بىر رومكا ئىچىملىك قۇيۇپ بولغانىدى. ئۇ ئىچىملىكنى بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، مېنى قۇتىنى ئېچىشقا دەۋەت قىلدى.
— ئەمدى قورالىمىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالسام بولىدىغاندۇ؟ — دېدى رولىن، — يەنە ساقچى كالتىكى، ئىزناك، كويزا ۋە شەپكىمۇ بار، ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەر. مېنىڭ نەرسىلىرىمنى باشقىلارنىڭ ئۈچىسىدا كۆرسەم بەك بىئارام بولىدىكەنمەن.
— بۇنى چۈشىنىمەن، رولىن.
— ئۇلارنى كىيىمىسەم خۇددى كىيىم كىيمىگەندەكلا بولۇپ قالىدىكەنمەن. ھازىر بەلگىلىمە بويىچە ئىشتىن چۈشكەندىمۇ قورال ئېلىۋالىمىز. قانچىلىغان دېلولارنىڭ ئىشتىن چۈشكەن ساقچىلارنىڭ قولىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگىنىڭدە، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بەلگىلىمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتىڭ. بۇرۇن مەن ئىشتىن چۈشكەن ساقچىلارنىڭ نيۇيورك كوماندىسى بىلەن يېقى جېرسى كوماندىسىنىڭ قايسىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئۈستىدە تالىشىپ قېلىپ، ئۆزئارا قوراللىق توقۇنۇشۇپ قالغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ۋەقەنىلا بىلەتتىم، ئەمما بۇ يەردە ئۇنى دەپ ئولتۇرسام بولمايدۇ.

— قۇتىنى ئاچ، — دېدى رېي.

— ئاۋۋال ئۇ مېنىڭ نەرسىلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئاندىن قۇتىنى ئاچسۇن، بولامدۇ؟

— ئاھ، تەڭرىم!

— غەلىتە ئىش، — دېدىم قولۇمدىكى قۇتىغا قاراپ تۇ-رۇپ، — بۇ قۇتا ئەمدى ئۇنچە مۇھىم ئەمەس بولۇپ قالدى دې-سە.

رولىن ماڭا قاراپ ئالىيىپ قويدى.

— سەن 10 مىڭ دوللار خەجلەپ بۇ قۇتىغا ئېرىشتىڭ، بورنى. ئەمدى مۇھىم ئەمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزۈڭنى ئاقلايسەن. ئەمما، بۇ قۇتى-دىن ساڭا ھېچقانداق پايدا كەلمەسلىكى مۇمكىن.

— بۇ گېپىڭ ئورۇنلۇق بولدى، — دېدىم ئىقرار بولۇپ.

— ئەمما، بۇنىڭ ئىچىدە باشقا ئىسپات بولۇپ قالسا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ.

— بۇ قۇتا بىر ئادەمنىڭ مەخپىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئا-لىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا، — يەنى مەن بىر دوستۇمغا ياردەم قىلغان بولىمەن. مۇھىمى، نەق مەيدانغا يەنە بىر قېتىم بې-رىپ كەلدىم. رېي، دەسلەپتە مەن تېخى مۇشۇ قۇتىنى ئاچقۇچ-لۇق نەرسە دەپ قاپتىمەن، ئەمما ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ سوئالىغا جاۋاب تاپتىم.

— مەن چۈشىنەلمەيلا قالدىمغۇ؟ — دېدى رولىن، — سەن ئۇ ئۆيدىن زادى نېمىنى تېپىۋالدىڭ، بورنى؟

— ئالدى بىلەن ئىشكىنىڭ تولۇق تاقالمىغانلىقىنى بىلىۋالدىم، قۇلۇپنىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسى تاقالماپتۇ.

— ۋاي، بولدى قىل، — دېدى رېي، — ساقچىلار ئالدىنقى قېتىم كىرگەندە ئىشىكنى يېپىپ قويۇپلا قۇلۇپنى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاقىمىغان گەپ، بۇنىڭ ۋاي دېگۈدەك يېرى يوققۇ؟
— ئەمما، مەن ئالدىنقى قېتىم فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدە-
گە كىرگەندە بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشى تاقىغىنىمنى ئېنىق ئېسىمدە، چۈنكى مەن بۇنداق ئىشنىڭ ئەھلى......
— ئاھ، خۇدا! بىز بۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلىمىز، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
— دېمەكچىمەنكى، قاتىل قاتىللىق قىلىپ بولۇپ فى-
رانكىسفوردنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا يېنىدا ئاچقۇچ بار، يەنە كېلىپ ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ قۇلۇپنى تولۇق تاقىۋەتكەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، فىرانكىسفورد ئۆزى قۇلۇپنى ئاچقۇچ سېلىپ تاقىۋەتكەن بولىدۇ. ئەمما، قاتىلدا قانداق قىلىپ ئۆينىڭ ئاچقۇچى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋا-
تىمەن، ئۇ يەنە نېمىشقا ۋاقىت چىقىرىپ قۇلۇپنى تولۇق تا-
قايدۇ؟
ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە قاراتتىم، ئەمما ئۇلار مې-
نىڭ بۇلارنى دەپ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىمنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئاخىر رېي ئېغىز ئاچتى:
— سەن فىرانكىسفورد ئۆزى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئۆيدە قالغان دېمەكچى، توغرىمۇ؟
— پۈتۈنلەي توغرا.
— ئاندىن سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ.
— ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم رولىننىڭ كالتىكىنى قو-
لۇمغا بوشقىنە ئۇرۇپ، — بىلەمسەن؟ بۇنىڭغا ساڭا تولۇق كا-
پالەت بېرەلەيمەن. چۈنكى، مەن بىر ھەقىقەتنى ئوبدان بىلى-
مەن، يەنى فىرانكىسفوردنى مەن ئۆلتۈرمىدىم. مەن ئۆيگە كىرگەن ۋاقىتتا فىرانكىسفوردنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلى-
گەندىن باشلاپ كاللامدا ھەممە ئىش ئايان بولدى. دېمەكچى

بولغىنىم، مەن قاتىلىنىڭ كىملىكىنى بىلدىم.
ـــ كىمكەن؟
ـــ بۇ تولىمۇ ئېنىق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟
ساقچى كالتىكى بىلەن نىشانىنى كۆرسەتتىم.
ـــ ئۇ ئەلۋەتتە رولىن، يەنە كىم بولاتتى؟
رولىننىڭ ئوڭ قولىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ قولىنى بىر-لىمدىكى تاپانچا ئاسىدىغان جايغا ئاپىرىۋالغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ قورالى ھازىر مېنىڭ بېلىمدە ئېسىقلىق ئىدى. ئۇ مېنىڭ قاراۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال قولىنى تارتىۋال-دى، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.
ـــ سەن ساراڭ بولۇپ قاپسەن، ـــ دەپ ۋارقىرىدى رو-لىن.
ـــ ئۇنداق ئەمەس.
ـــ مانا بۇ جەۋزا يۇلتۇز تۇركۇمىدىكىلەرنىڭ خاراكتې-رى. ئۇلار ھەمىشە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشىدۇ، باشقىلار ئىشىنىدۇ بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. رېي، بىز ئۇنى قولغا ئالايلى، ئاۋۋال سېنىڭ كويزاڭنى ئۇنىڭ قولى-غا سالايلى. ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇ بىر قېتىم قېچىپ كەتكەن.
رېي بىرھازا سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن ماڭا قاراپ:
ـــ سەن بايىقى گەپنى توقۇپ چىقاردىڭ، توغرىمۇ؟ ـــ دېدى.
ـــ ياق، مېنىڭ تولۇق ئىسپاتىم بار.
ـــ ئەمىسە يەنە نېمىشقا كەيپىمنى ئۇچۇرىسەن؟
ـــ رېي، ئۇ ساراڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما.....
ـــ ئاغزىڭنى يۇم! ـــ دېدى رېي، ئاندىن ماڭا قارىدى، ـــ قېنى ئېيتە، بورنى، مېنى خېلى قىزىقتۇرۇپ قويدۇڭ، قېنى سۆزلە.

— بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش تولىمۇ ئاددىي، فىرانسىس فىرانكىسفورد ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى ئەسلىدە بىر تىياتىرغا قاتناشماقچى بولغان، مەن بۇنى ئالدىن بىلەتتىم، بىرى ماڭا ئۇچۇر يەتكۈزگەن، شۇڭا مەن ئاشۇ ۋاقىتنى تاللاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىم. ئۇمۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان، يەنى ئۇچىسىدىكى ئۇخلاش كىيىمىنى ئالماشتۇراي دەپ تۇرغاندا كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەرگەن. ئۇ شامالدارىپ قالدىمۇ، ئايلىنىپ كەتتىمۇ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالدىمۇ ياكى پولدا تېيىلىپ كېتىپ يىقىلدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ يىقىلغاندا چىراغقىمۇ ياكى باشقا بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ ئۆرۈۋەتكەن، بۇنىڭ ئاۋازىدىن قوشنىلىرى ساقچىغا مەلۇم قىلغان. بۇ پەقەت ۋەقەنىڭ بىر قىسمى، خالاس. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ياتاق ئۆيدە ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالغان. مەن ئۆيگە كىرگەندە ئىشىكنىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسى تولۇق تاقالغانىدى.

— قۇرۇق گەپ! — دېدى رولىن.

— ئۇنى دېگىلى قوي، — دېدى رېي تەمكىنلىك بىلەن، — سەن ھازىرغىچە تېخى نەق گەپكە ئۆتمىدىڭ، بورنى.

— بولىدۇ. مەن ئۆيگە كىرىپلا ئىشىمنى باشلاپ كەتتىم، مېھمانخانا ئۆيدىن پەقەتلا ئايرىلمىدىم. ئاشۇ ئۈستەلنى ئاختۇرۇشتىن باشقا ئىشنىمۇ قىلمىدىم، چۈنكى قۇتا ئاشۇ يەردە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنى تاپالمىدىم. دەل شۇ چاغدا سىلەر كىرىپ قالدىڭلار، باھادا كېلىشىپ بولۇپ تۇرساق، رولىننىڭ تازىلىق ئۆيىگە كىرگۈسى كېلىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى رېي.

— ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ تازىلىق ئۆيىدىن چىققۇۋاتقاندا خاتا مېڭىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ قېلىپ، جەسەتنى كۆرگەنلىكىنى

دەپ بەرگەندى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە ئېتىلىپ چىقتى، بىز مېھمانخانىدا ئۇنى ساقلاۋاتاتتۇق. رولىن قاتتىق بىر ۋارقىراپلا چىرايى ئۆزگىرىپ، ئايلىنىپ كەتتى.

— بۇلارنى بىزمۇ كۆرگەن، بورنى، ئاندىن سەن مېنى قاتتىق بىر مۇشت ئۇرۇپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويغان.

بۇ گەپكە ئامالسىز مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم.

— ئەمەلىيەتتە رولىن فىرانكىسفوردنى باشتىلا كۆرگەن، — دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىكەن. ئەگەر سەن مېھمانخانىدىن تارىلىق ئۆيگە قاراپ ماڭساڭ، تارىلىق ئۆيگە بارماي تۇرۇپلا ياتاق ئۆيدە جەسەتنىڭ ئورنى سىزىلغان جاينى كۆرەلەيسەن. ئۇ چاغدا شۇ يەردە بىر جەسەت ياتقاندى. رولىن ھاجەتخانىغا كىرمەكچى ئىدى، ئۇ قىزىقىپ ياتاق ئۆيگە كىرگەن.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئۇ ياتاق ئۆيدە بىرقانچە مىنۇت تۇرغان. دەل شۇ ۋاقىتتا فىرانكىسفورد تۇيۇقسىز ھوشىغا كېلىپ قالغان. رولىن ئۇنى ئۆلدى دەپ قالغانمۇ ياكى ھوشىدىن كېتىپتۇ دەپ قالغانمۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، رولىن شۇ ۋاقىتتا كالتەكنى چىقىرىپ فىرانكىسفوردنىڭ بېشىغا ئۇرغان.

— قۇرۇق گەپ! — دېدى رولىن.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، بۇ غەزەپتىن بولۇشىمۇ ياكى جىنايىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— ئۇ سارالڭ بوپتۇ، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟

— پۇل ئۈچۈن.

— قايسى پۇل ئۈچۈن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— فىرانكىسفورد كۆزىنى ئېچىپ سېنى كۆرۈشتىن
بۇرۇن سەن ھە دەپ پورتمانىڭغا سېلىۋاتقان پۇل ئۈچۈن. شۇ
ۋاقىتتا پۇللار چېچىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەرگە
چۈشۈپ ھەممە يەر پۇلغا تولۇپ كەتكەن، — رېيغا قاراپ سۆ-
زۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — فىرانكىسفورد باشقىلارنىڭ پۇلى-
نى ئېلىپ، ئاۋارىچىلىكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىدىغان
ۋاسىتىچى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بانكا ھېساباتى، بىخەتەر ساندۇقى
ۋە يەنە پۇل ساقلايدىغان جايلىرى بولۇشى كېرەك. شۇنداقتى-
مۇ ئۇنىڭ يېنىدا كۆپرەك نەق پۇل بولمىسا بولمايدۇ. بۇنداق
ئادەملەر مەيلى قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز يول بىلەن بولسۇن،
ئىشقىلىپ يېنىدا نەق پۇل ساقلايدۇ. مانا ماڭا قاراپ باقمام-
سىلەر، مەن بىر ئاددىي ئوغرى تۇرۇپمۇ، ئىش بېجىرىش ئۈ-
چۈن، 10 مىڭ دوللار نەق پۇل چىقاردىمغۇ؟

ئۇلارغا بۇ پۇلنىڭ قالغان يېرىمىنىڭ مېنىڭ ئەمەسلى-
كىنى دەپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىدىم.

— فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدىن پۇل دېگەن نەرسىنى
ئۇچرىتىپ باقمىدىم، مەيلى تارتمىلاردىن ياكى كىيىم ئىش-
كاپىدىن، تامدىكى بىخەتەر ئىشكاپى ياكى كىتاب ئۈستىلىدىن
بولسۇن، ھېچقانداق يەردىن پۇل چىقمىدى. يەنە كېلىپ بۈ-
گۈنمۇ يەنە بىر قېتىم ئاختۇرۇپ چىقتىم، يەنىلا پۇل تاپالمى-
دىم.

— بۇنىڭ سەۋەبى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى رولىن ئې-
لىپ كەتكەن دېمەكچىمۇسەن؟

— بۇ تازىمۇ تۇتۇرۇقسىز گەپ بولدى، — دېدى رولىن.

— ئۇنداق ئەمەس، فىرانكىسفوردنىڭ نىمە ئۈچۈن ئايلى-
نىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ توساتتىن شۇن-
داق ھادىسىگە يولۇققانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

مىنىڭ پەرىزىمچە، باشقىلار ئۇنىڭغا پۇل بەرگەن، بۇ ئانچە ئاز پۇل ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىياتىرخانىغا بېرىشنى كېچىكتۈرگەن. ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن ئادەم ئۇنىڭغا پۇلنى بېرىپلا كېتىپ قالغان، ئۇ پۇلنى ياتاق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، ئايلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم ساناپ چىققان. رولىن ياتاق ئۆيىگە كىرگەندە بىر ئادەمنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى ۋە يېنىدا چېچىلىپ تۇرغان پۇللارنى كۆرگەن.

ــ بۇ پەقەتلا سىنىڭ پەرىزىڭ.

ــ شۇنداقمۇ؟ بىرى مىنىڭ ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ خۇددى تەيفېڭ بورىنىغا ئۇچرىغاندەك قىلىۋېتىپتۇ، رىپ. ئۆيۈمدىكى ھەربىر تارتما، ھەربىر پارچە كىتاب قويماي ئاختۇرۇلۇپتۇ، سىنىڭچە بىر قۇتىنى ئىزدەش ئۈچۈن بۇنچە قىلىپ كېتىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ يەنى فىرانكىسفورد ئۆلتۈرۈلگەندە يېنىدا كۆپ پۇل بارلىقىنى بىلىدىغان بىرى بار، سىنىڭچە بۇنى كىممۇ بىلەر؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پۇل بەرگەن ئادەم ـ دە. مىنىڭچە، مايكىل دىباس ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، بۇ پۇل يا دىباس فىرانكىسفوردقا بېرىدىغان پۇل، ياكى فىرانكىسفورد دىباسقا بېرىدىغان پۇل. بۇنىڭدىن ئۆيگە كىرگەن ئادەمنىڭ فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكى، شۇنداقلا ئىشىكنىڭ تولۇق قۇلۇپلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ھېلىقى ئادەم، تەھلىل قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئۇنى دىباس دەپ تۇرايلى، ئۇ فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرمەيلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل بەرگەن. بۇ پۇل چوقۇم ئاز پۇل ئەمەس، شۇڭا فىرانكىسفوردنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، دىباس بۇ پۇلدىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمىغان، ئەلۋەتتە. يەنە ئوخشاشلا پۇلنىڭ بەك كۆپ بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەۋەبلىك رولىنىڭمۇ نىيىتى بۇزۇلغان.

— رىي، ئۇ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، بۇ ئەبلەخ ئىلىشىپ قاپتۇ.

— مەنمۇ بىلەلمىدىم، رولىن، — دېدى رىي.

— چاقچاق قىلىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

— بىلمىدىم، سەن ئەزەلدىن پۇلنى بەك ياخشى كۆرىسەن.

— دېمەكچى بولغىنىڭ، سەن ئۇنىڭ قالايمىقان جۆيلۈشلىرىگە ئىشەندىڭما؟

— دېمىسىمۇ سەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالغان تۇرساڭ، رولىن. ئەمما، سېنىڭ بۇ ئىشتىكى بالىلارچە قىلىقىڭ مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئادەتتە بۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلار بۇ كەسىپتە خېلى ئۇزاق شۇغۇللانغاندىن كېيىن، بارا - بارا نەپسى يوغىناپ كېتەتتى، ئەمما سەن، رولىن، تۇنجى قېتىمدىلا ئاچ كۆزلۈكتە ئۇچىغا چىقىپسەن. بەلكىم سېنىڭكىدەك يۇلتۇز تۇركۇمىگە كىرىدىغانلار تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇنداق بولسا كېرەك، سەن بۇ ئۆمرۈمدە ئۇچراتقان ئەڭ ئاچ كۆز ساقچى ئىكەنسەن.

— رىي، سەن مېنىڭ ئەزەلدىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغىنىمنى بىلمىسەنغۇ؟

— بۇنىڭغا جەزم قىلالمايمەن.

— بولدى قىل رىي، سېنىڭچە مەن ساقچى كالتىكى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرەرمەنمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ نۇقتىنى ئۆزى تىلغا ئالغانلىقىدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم. رولىنىڭ كالتىكىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ قولۇمغا بىرنى ئۇرۇۋېدىم، تولىمۇ سۈرلۈك ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

— نېمىدېگەن ئەپچىل كالتەك بۇ، ھەم سىلىق، ھەم

پارقــراق. بۇنى كىملا كۆرمىسۇن، ئۇنى ئادەم ئۇرۇشقا ئىشلىـ
تىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، شۇنداقمۇ رولىـن؟

— دىمىسىمۇ شۇنداققۇ؟!

— شـۇنداق. سـەن ئۇنـى يەرگـە تـاشلاپ باقمـىدىڭ، بىرەر نەرسىنـى ئۇرۇپمـۇ باقمـىدىڭ، ھەتتا تامغىمۇ سۈركەپ باقمىدىڭ. يەنە كىيىـپ ئىككـى كۈننىڭ ئالدىدا سەن بۇ كالتەكنى ئىشلىتىپمۇ باقمىدىڭ!

مـەن ناھايىتـى قامالاشتـۇرۇپ كالتەكنى ئۇنىڭغا تەڭلىـدىم، راستىنى ئېيتسام، ئازراق جىددىيلىشىۋاتاتتىم.

— بـۇ بـىر يېڭـى كالتـەك، شۇنداقمـۇ، رولىـن؟ پۈتۈنلەي يېڭـى، تېخى تۈزۈكرەكمۇ ئىشلىتىپ باقمىغان. چۈنكى، كونىسىنى ئەمدى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. كونا كالتەكنى ھەددىدىن ئارتـۇق ئىشلىتىۋەتتىـڭ، ئۇنى ھەمىشە يەرگە تاشلاپ يۇرۇپ ئەبجىقىنـى چىقىرىۋەتتىـڭ، سىرتقى يۈزىدە سۈركىلىشتىـن، ئۇرۇپ - سوقۇلۇشتىـن نۇرغـۇن ئىزلار قالدى. سەن يەنە كالتەككە فىرانكىسفورتنىڭ قېنى سىڭىپ كەتكەنلىكىنـى بايقـاپ قالدىڭ، قاندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئۇۋاقلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى تەجرىبىخانىغا ئاپىرىپ بەرسە ئېنىقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن، چۈنكى سەن ھەرقانچە يۇيۇپ تازىلىساڭمۇ جىنايەت پاكىتىنى يۇيۇپ چىقىرالمايسەن. شۇڭا، ئۇنى بىراقلا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇۋەتتىڭ.

رولىننىڭ ئاغزى كامارەك ئېچىلىپ قالدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. رېي قولۇمدىكى ساقچى كالتىكىنى ئېلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ چىقتى.

— راستىلا يىپيېڭى ئىكەن.

— رېي، پەرۋەردىگارنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىمۇ......

— ھۇ خۇنپەر! بۇ راستىنلا يېڭىسى ئىكەن. بۇ سەن دائىم كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان كالتەك ئەمەس، قاچان يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇۋالدىڭ؟

— بىر - ئىككى ھەپتە بۇرۇنغۇ دەيمەن.

— فىرانكىسفورد ئۆلتۈرۈلگەندىن بۇرۇنقى ئىشمىدى؟

— ئەلۋەتتە دېلو يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بولىدۇ - دە، رېي......

— كونا كالتەكنىڭ نەرى بولمايدىكەن؟

— بىلمەيمەن، بۇ كالتەكنىڭ ئىگىرلىقى ماڭا شۇنداق باب كەلگەندەك ھېس قىلدىم. رېي......

— كونا كالتەكنى تاشلىۋەتتىڭمۇ، رولىن؟

— ئۇنىڭ نەدە قالغانلىقى ئېسىمدە يوق.

— زۆرۈرىيىتى بولسا ئۇنى ئىزدەپ تاپالامسەن؟

— تاپالىشىم مۇمكىن. ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئۇنى ئۆ - يۇمنىڭ كەينىگە تاشلىۋەتكەندەك قىلغان. قوشنىلارنىڭ با - لىلىرى تېپىۋېلىپ ئويناپ يۈرەمدۇ تېخى، ئىزدىسەم تېپىد - لىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇ ئىككىسى خۇددى مەن مەۋجۇت ئەمەستەك، بىر - بىد - رىگە قارىشىپ تۇرۇپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن رولىننىڭ بېشى پەسكە ساڭگىلاپ، كۆزلىرى ئايىغىغا چۈشتى. ئۇ كونا پاسوندىكى بىر جۈپ قارا رەڭلىك ئاياغ كىيىۋالغان بولۇپ، ۋاللىداپ پارقىراپ تۇراتتى، ئۇچامدىكى ساقچى فورمىسى پۇ - تۇمدىكى ئاياغقا قارىغاندا ئۇنىڭ ئايىغىغا تېخىمۇ ماس كېلىد - دىغاندەك تۇراتتى.

— تەرەت قاچىسى، — دېدى رېي، — ئۇ ھاجەت قىلغىلى كىرىپ كەتكەندە بىز ئۇنىڭ تەرەت قاچىسىنىڭ سۈيىنى چۇ -

شۇرگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا مېھمانخانا ئۆيگە يېنىپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن تۇرساق، ئۇنىڭ نەدىمۇ شۇنچە كۆپ ئىش قىلىۋەتكۈدەك ۋاقتى بولسۇن؟

— ئۇ تەرەت قاچىسىنىڭ سۈيىنى قايتىپ چىقىۋېتىپ چۈشۈرگەن، رېي. ئۇ دەسلەپتە ئۇدۇل ياتاق ئۆيگە كىرگەن، قايتىپ چىققاچ تەرەت قاچىسىنىڭ سۈيىنى چۈشۈرگەن بولۇۋالغان.

— سەن ئۇنى كۆز بويامچىلىق قىلغان دېمەكچىمۇ؟

— دەل شۇنداق.

— توغرا، مۇشۇنداق قارىساقمۇ بولىدىكەن. ئەمما، ھېلىقى ئەينەك كۇلدانىنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ فىرانكىس فوردنى كۇلدان بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن دېگەن ئەمەسمىدى؟

— شۇنداق، يەنە كېلىپ بۇ نەرسە ئەسلىي مېھمانخانا ئۆيدە ئىدى.

— ئەمىسە بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

— سېنىڭدىن كۇلدان توغرۇلۇق سوئال سورىغىنىم ئېسىڭدە بارمۇ؟ مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرغان ۋاقتىمدا يېنىمدىكى ئۈستەلدە بىرى بار ئىدى. ئاشۇ كۈنى ئاخشىمىمۇ بۇ كۇلدان يېنىمدا تۇرغان. شۇڭا، ئۇلارنى بىر جۈپ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ساقچىلار بۇ ئىككى كۇلدانىنى تەجرىبىخانىغا ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. ئەمەلىيەتتە پەقەت بىرلا كۇلدان بار ئىكەن، يەنى مەن مېھمانخانىدا كۆرگەن بىلەن ساقچىلار ياتاق ئۆيدىن تەجرىبىخانىغا ئېلىپ كەتكەن كۇلدان بىر ئىكەن.

— ئۇ كۇلدان قانداق قىلىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ قالىدۇ؟ سېنىڭچە، رولىن ئاپىرىپ قويغانمىدۇ؟

— ئەلۋەتتە. ئۇ ئالدى بىلەن مېھمانخانا ئۆيگە يېنىپ چىقىپ، بىزگە ھېلىقى ئايلىنىپ كەتكەن ئويۇننى ئويناپ بەرگەن، ئەمما ئوبدانراق ئويلاپ باققىن، ئۇنىڭ شۇنچە جىد-دىيلىشىپ كېتىشى ساڭا غەلىتە تۇيۇلمىدىمۇ؟ بەلكىم ئۇ ئىلگىرى ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمى-غاندۇ؟

— ئۇ بىرقانچە قېتىم كۆرگەن.

— بەلكىم بۇ قېتىمقى جەسەت ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى بولغاچقا شۇنداق بولغاندۇ؟ بەلكىم مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىغاندۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ بىزنىڭ ئالدى-مىزغا كېلىپ ئاندىن ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەلۋەتتە راست ئە-مەس. بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن مەن سىرتقا قاراپ قاچ-تىم، سەن بولساڭ كەينىمدىن جېنىڭنىڭ بارىچە قوغلىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— سەن ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا ئۇ تېخىچە جايىدا يات-قان، ئەمما سەن بوسۇغىدىن پۇتۇڭنى ئېلىپ بولغۇچە ئۇ ئور-نىدىن تۇرۇپ ئۈستەلدىكى كۇلداننى ئېلىپ ياتاق ئۆيگە قاراپ يۈگۈرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە بىلەن فىرانكىسفوردنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ تازا سالغان. بەلكىم ئۇ ساقچى كالتىكى بىلەن ئۇرغاندا فىرانكىسفورد پەقەت ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى ياكى شۇ ۋاقىتتىلا ئۆلۈپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ قې-تىم ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۇلدان بىلەن بىرقانچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇلغاندىكىن ئۇ ھايات قالمايدۇ. ئاندىن رولىنى يال-غاندىن ھوشىغا كەلگەن بولۇۋېلىپ، كوچىغا چىقىپ سېنىڭ جىنايەت گۇماندارىنى قوغلاپ تۇتۇشۇڭغا ھەمدەم بولغان. ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى تىقىپ قويۇپ، خاتىرجەم ئۆيگە

قايتقان، چۈنكى جىنايەتنىڭ ھەممىسى ماڭا ئارتىلىپ بولدى-
دە.

دەسلىپىدە رىي جىسمانىنى سۆزۈمگە ئىشەنمەي قالارمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، ئەمما سۆزلەپ ئەڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ گۇمانىنىڭ بىراقلا يوققا چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ تاپانچا غىلىپىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئېنىقكى، ئۇ زۆرۈر بولغاندا قورالىنى چىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. رولىن بۇ ئىشقا پەقەتلا دىققەت قىلمىدى، ئۇ قاچماقچى بولغاندەك قىلدى-يۇ، يەنە كىرېس-لوغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— زادى قانچە پۇل ئىدى، رولىن؟ — دەپ سورىدى رىي.

رولىن زۇۋان سۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن رىي ئۆرۈلۈپ مەندىن سورىدى.

— ئۇ ھامان ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ، مېنىڭچە 20 مىڭدىن كۆپ ياكى ئۇنىڭ بىر ھەسسىسىچىلىك كېلەر. ئىشقىلىپ، بۇ ئاز پۇل ئەمەس. شۇڭا، دىباس پۇلنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان گەپ. ئەلۋەتتە رولىن پۇلنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ساناپ باققاندىن كېيىنلا، ئاندىن پۇلنىڭ سانىنى بىلەلەيدۇ، ئەمما شۇ چاغدا ئۇ بىر قاراشتىلا بۇ پۇلنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.

رولىن زۇۋان سۇرمەي خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— مەن تېخى ئۇنى ئاللىقاچان ئۆلدىمىكىن دەپ قاپتىمەن.

بىز ئۇنىڭغا تەڭلا قارىشىپ قالدۇق.

— ئۇ ياتاق ئۆيدە ئۆلۈكتەك يېتىپتىكەن. مەن تېخى ئۇنى بىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلار كاللامغا كىرمىدى، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارسىزلا يەردىكى پۇللارنى يىغىشقا باشلىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتىم، شۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىزلا كۆزىنى ئېچىپ قالدى. بىلەمسىلەر؟ مەن ئۇنى ئۆلدى دەپ قاپتىكەنمەن، ئەمما ئۇ كۆزىنى ئاچتى.

— شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنىڭ بېشىغا كولدان بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچالماس قىلىۋەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى رېي.

— ئاھ، خۇدا! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى رولىن.

— زادى قانچە پۇلكەن، بۇرادەر؟ يىگىرمە مىڭمۇ ياكى قىرىق مىڭمۇ؟

— ئەللىك مىڭ.

— ئەللىك مىڭ دوللار، — دەپ تەكرارلىدى رېي يېنىك ئىسقىرتىپ، — بۇگۇن كەچتىكى سودىغا قىزىقىپ كەتمىگىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن. ھېساباتىڭغا ئەللىك مىڭ دوللار كىرىپ بولغان تۇرسا، يەنە ئون مىڭ دوللار ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ يەنە كېلىپ بۇ ئون مىڭ دوللارنى مەن بىلەن بۆلۈشىدىغان گەپ، ئەللىك مىڭ بولسا ئۆزۈڭگىلا قالىدۇ.

— بۇ پۇلنىڭ يېرىمى سېنىڭكى رېي، سېنىڭچە مەن ساڭا ئۇلەشتۈرۈپ بۆلۈپ بەرمەسمەنمۇ؟

— سەن نېمىدېگەن سۆيۈملۈك - ھە، رولىن.

— مەن پەقەت مۇۋاپىق بىر پۇرسەت كەلگەندە، ئاندىن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي دېگەن، مەن قانداقمۇ ئۇ پۇللارنى يالغۇز يۇتىۋالاي؟

— ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمايسەن.

— يىگىرمە بەش مىڭ دوللار پۇلغا پاك - پاكىزلا ئېرى-

شەلەيسەن، باج تاپشۇرىمەن دەپمۇ ئۆلتۈرمايسەن رىبي، قاتىل سىنىڭ يېنىڭدا تۇرىدىغۇ ئەنە، مۇشۇنىمۇ چۈشەنمەمسەن؟ ئۇ دېگەن بىر ئوغرى، رىبي، بۇ ئوڭايلا بىر ئىشقۇ؟

— ھە، ئەمدى چۈشەندىم، سەن مېنى ھەممە ئىشنى بور-نىغا ئارتىپ قوي دېمەكچىمۇ؟

رىبي ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى.

— ئەگەر ئۇ بايا ئېيتقان ھېكايىسىنى باشقىلارغا دەپ بەرسە قانداق قىلىمىز؟ ساقچىلار قانداقلا بولمىسۇن سېنى تەكشۈرۈپ بېقىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا ئاشكارىلىنىپ قالما-دۇق، رولىن؟

— ئۇ قېچىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇ بىر قېتىم قاچقانغۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ بىر خەتەرلىك ئادەمغۇ؟ يىگىرمە بەش مىڭ دوللار پۇلنى ئويلاپ قوي، رىبي. ئەگەر تېخىمۇ كۆپ ئالىمەن دېسەڭ، يەنە سۆزلىشىپ كۆرسەك بولىدۇ، سۆزۈمنى ئاڭ-لا......

رىبي ئۇنى مۇشت بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى، بەك كۈچەپ ئۇرۇۋەتكەچكە رولىننىڭ يۈزى سىڭار يان كەتتى. رو-لىن يۈزىنى قاماللىغىنىچە جايىدا ئۆلتۈرۈپ قالدى، قارىماق-قا ھوشىغا كېلىپ بولالمايۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئا-ۋازى يەنىلا ئۆي ئىچىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— سېنىڭ سۈكۈت قىلىش ھوقۇقۇڭ بار، — دېدى رىبي بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — سېنىڭ سۈكۈت قىلىش...... ھۇ، قارغىش تەگكۇر! مەن يەنە بۇلارنى دەپ نېمە قىلاي؟ بورنى. ناۋادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، سەن ماڭا گۇ-ۋاھچى بولمىساڭ بولمايدۇ، مەن بايا بۇ ئەبلەخنىڭ ھوقۇقىنى دەپ بەردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— چاتاق يوق.

— بۇ ئىشنىڭ جايىدا بىر تەرەپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ خۇنپەردىن بۇرۇنلا بىزار بولغانىدىم، ئەمما ئۇنى ھەرقانچە بولسىمۇ ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدۇ، ھارام پۇل بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ تاپقان پۇلنىڭ پەرقىنى بىلەلەيدۇ دەپ قاپتىمەن. مېنىڭ ھازىر نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟ پولاتتەك دەلىل - ئىسپاتلار ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، بۇ ئەبلەخنى تامغا مىخلاپ قويايمىكىن دەۋاتىمەن. ئەگەر فىرانكىسفوردنىڭ قېنى سىڭىپ قالغان ھېلىقى ساقچى كالتىكى بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، ئەمما ئۇ كالتەكنى ئاللىقاچان مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

— سەن ھېلىقى پۇللارنى تاپساڭ بولىدىغۇ؟ ئۇستىدە قان دېغى بار پۇللارنى.

— ئۇ پۇلنى ئاللىقاچان يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ رولىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە، ئۇ بىزگە پۇلنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— ھاجىتى يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇ ئەللىك مىڭ دوللارنىڭ ھەممىسىنى يەردىن تېرىپ بولالمىغان، ئۇنىڭ ئالالىغىنى قىرىق توققۇز مىڭ توققۇز يۈز دوللار ئىكەن.

— بۇ گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم، بورنى.

ھېلىقى كۆك قۇتىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

— بۇ قۇتىنى قانداق ئېچىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ مەخپىي شىفىرىنى يېشەلمىدىم. لېكىن، بۇنىڭ ئامالىنى قىلالايمەن. مەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى بىلگەن

ـدەك قىلىمەن، مېنىڭچە ئىچىدە يۈز دوللارلىق پۇلدىن بىرى بار، ئۇستىدە يەنە قان دېغى بار، قان دېغىدا يەنە تېخى بارماق ئىزى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر فىرانكىسفورد رولىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن قان ئېقىشقا باشلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ قان دېغىدا چوقۇم فىرانكىسفوردنىڭ بارماق ئىزى بولىدۇ. بەلكىم ئۇ ئايلىنىپ يىقىلغاندا بېشى ئۇستەل چىرىغىغا تېگىپ يارىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، مەندە رولىنىڭ بارماق ئىزى باردەك بىر خىل سېزىم بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ ئەڭ ياخشى ئىسپات بولالايدۇ، توغرىمۇ؟

رېي ماڭا قاراپ خېلى ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

— سەن قۇتىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى راستتىنلا جەزملەشتۈرەلەمسەن؟

— بۇ پەقەت مېنىڭ سېزىمىم.

— قۇتىنى ئېچىپ قاراپ باقساقلا بولمامدىمۇ؟ — دېدى رېي.

مەن قۇتىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۇ خۇشاللىقىدىن سۆزلەپ كەتتى:

— بەك ياخشى بولدى. سەن بۇ ئويۇننى قاچان ئوينىغاندىڭ؟ ھە راست، تازىلىق ئۆيىگە كىرىمەن دېگەن ۋاقتىڭدا ئويناپتىكەنسەن - دە؟ يەنە تېخى رولىنىغا ئوخشاش يالغاندىن تەرەت قاچىسىنىڭ سۇيىنى چۈشۈرۈپسەن. قىزىق ئىش بوپتۇ، بۇ پۇل شۇ يەردە تۇرسىمۇ تەجرىبىخانىدىكىلەر ئەجەب تاپالماپتىكىنا؟

— بەلكىم بۇ پۇل مۇشۇ قۇتىنىڭ ئىچىدىلا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

— مەن بىر ئۆمۈر ئويلاپمۇ قۇتىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىنى بىلەلمەسلىكىم مۇمكىن، يەنە كېلىپ بىلىشىنىمۇ خالىمايمەن. ھازىر بۇ پۇلنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم. ماۋۇ بارماق ئىزىمۇ شۇنداق ئېنىق ئىكەن. باغلىشىمەن، بۇ چوقۇم سېنىڭ بارماق ئىزىڭ، رولىن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ چوقۇم شۇنداق چىقىدۇ.

ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭچە، بۇ قېتىم سەن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.



# 17

— بەك ياخشى بولدى، — دېدى ئېيىلىن، — بۇ دېلونى سىزنى پاش قىلىدۇ دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

— شۇنداق، بۇ دېلونى ئاخىر ئۆزۈم پاش قىلدىم.

— سىز ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەنسىز.

ئۇ پۇتىنى سوزۇپ باشقىچە بىر قىياپەتتە تۇردى. ئۇ ئۇچىسىغا گۈل تەشتىكىنى ئۆرۈۋەتكەن ھېلىقى كۈندىكى كىيىمىنى يەنى ئاق رەڭلىك ئىشتىنى بىلەن پاختا رەختتىن تىكىلگەن گۈللۈك كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىمۇ شۇ كۈندىكىدەكلا ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى.

— سىزنىڭ بۇلارنى قانداق ئويلاپ تاپقانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم، بورنى.

— سىزگە ئاچقۇچلۇق مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەردىمغۇ؟ ئىشكىنىڭ قۇلۇپىدىكى بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تاقالغانلىقىنى جەزملەشتۇرگەندىن كېيىن كاللامدىكى تۇگۇنلەر بىر - بىرلەپ يېشىلىشكە باشلىدى. دەسلەپتە فىرانكىسفوردنى ئىشكىنى تاقىۋېتىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۇ ياتاق ئۆيدە ئىكەن ئەمەسمۇ؟! بۇ نۇقتىنى جەزملەشتۇرگەندىن كېيىن، پەقەت ئىككى خىل ئېھتىماللىق قالدى، يەنى بىرى، قاتىلدا ئۆينىڭ ئاچقۇچى بار، يەنە بىرى، فىرانكىسفورد ئىشكىنى ئۆزى ئىچىدىن تاقىۋالغان. ئەگەر فىرانكىسفورد ئىشكىنى ئىچىدىن تاقىۋالغان بولسا، مەن ئۆيگە كىرگەندە ئۇ تېخى ئۆلمىگەن بولىدۇ.

ھالبۇكى، ئۇنى ئۆلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئادەم پەقەت بىرلا.

— ئۇ بولسىمۇ رولىن.

— شۇنداق، دەل رولىن. ئەگەر رولىننى قاتىل دېسەك، ئۇ چوقۇم پۇلنى دەپ شۇنداق قىلغان، يەنە كېلىپ بىز باشتىن-ئاخىر ئۇ ئۆيدە پۇل كۆرۈپ باقمىدۇق. ئەمما، بۇ ئىشتا چوقۇم پۇل بولۇشى كېرەك، پۇل بولمىسا ھېچنېمىنى ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمايدۇ.

— بۇنى سىز ئىككىنچى قېتىم ئۇ يەرگە بارغاندا ھېس قىلدىڭىزمۇ؟

— ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغان. مەن رېبىنى مەقسەتلىك نەق مەيدانغا ئاپىرىپ ئاندىن بىلگەن بولۇۋالدىم، مۇشۇنداق قىلسام ئۇ مېنىڭ قىياسىمنى چۈشىنەلەيتتى.

— سىز بەك تەلەيلىك ئىكەنسىز، پولدىن يۈز دوللارلىق پۇلنى تېپىۋاپسىز ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپكە جاۋاب بەرمىدىم. راستىنى ئېيتسام، ناۋادا تەلىيىم ئوڭدىن كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، باشقا ئامال تېپىپ چىقىشىم مۇمكىن ئىدى. پورتمانىمدىمۇ يۈز دوللارلىق پۇلدىن بىرى بار، بۇ دارا ئىككىمىز بىردىن ئۈلۈشۈۋالغان پۇل ئىدى. مەن بۇ پۇلغا ئازراق قان تېمىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆك قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويساممۇ بولۇۋېرەتتى، يەنى مەن ھەقىقىي قان دېغى بار پۇلنى تاپالمىغان تەقدىردىمۇ، يالغاندىن بىرنى ياساپ چىققان بولاتتىم. ئىشقىلىپ، پۇلدا قان دېغى بولسىلا رېبىنى قايىل قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى.

ئېبىلىن ئاشخانا ئۆيگە قەھۋە دەملەش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. پۇتۇمنى قەھۋە ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم، ھار-

غىنىلىقتا پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ، كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى ئىدى. بەش - ئالتە كۈن قوپماي يېتىۋالغۇم بار ئىدى، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدا يەنە بەش - ئالتە كۈن ھوشيار تۇرمىسام بولمايتتى.

ھازىر خېلىلا كېچە بولۇپ قالغانىدى، سائەت بىر يېرىم بولدىغۇ دەيمەن. رىي جىسمان رولىنىي ئېلىپ دارانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشى ھامان داراغا تېلېفون بەردىم.

ئالدىن كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە تېلېفوننى ئىككى قېتىم جىرىڭلىتىپ قويۇپلا قويۇۋەتتىم. ئۇ نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا تېلېفون قايتۇردى. مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى قۇتىنى تاپقانلىقىمنى، سۈرەت بىلەن ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

— نېگاتىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى نەق مەيداندا يۇيۇپ چىقىرىدىغان فوتو ئاپپاراتتا تارتىلغانىكەن. يەنە بىر ئىش، بۇ سۈرەتلەرنى كىمنىڭ تارتقانلىقىنى بىلمىدىم، ئەمما خېلى سەۋىيەسى باردەك قىلىدۇ.

— سىز سۈرەتلەرنى كۆردىڭىزمۇ؟

— قۇتىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىسام بولماس، بولمىسا ئىچىدە نېمە بارلىقىنى قانداق جەزملەشتۇرىمەن؟

— سۈرەتلەرنى كۆرمەڭ دېگىنىم يوق، — دېدى ئۇ، — پەقەت سىزنىڭ تەسىراتىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار، مۇھىم دېگۈچىلىكى بارمىكىن؟

— راستىنى ئېيتسام، سەل مۇھىمدەك قىلىدۇ.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، لېنتىنى ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— ئاڭلاپ باقمىدىم، ئاڭلىغۇممۇ يوق. بۇ ئىككىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇرىسىدىكى مەخپىيەتلىك بولۇپ قالسىكەن دەيمەن.

— ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا قارامسىز؟

— شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆيىڭىزدىكى تام مەشنى ئىشلەتكىلى بولار؟

— ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

— كېتىشتىن بۇرۇن لېنتىنى مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتەيمىكىن دەيمەن. ئۇنتۇپ قالماڭ، قوتا ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ يېرىمى مېنىڭ بولىدۇ. مەن بار پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ بۇلارنى قايتۇرۇپ كەلگەن، مەن بۇ نەرسىلەرنى تېزرەك كۆزدىن يوقىتايمىكىن دەيمەن.

— ئۇلارنى ساقلاپ قويسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟

— ياق، ھەرگىز بولمايدۇ، بۇ بەك خەتەرلىك، بۇنىڭ ئۆيۈمگە لىق ئوق سېلىنغان قورالنى قويۇپ قويغاندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ بۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. مەن بۇگۈن ئاخشاملا ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىۋەتمىسەم بولمايدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەرگىزمۇ بۇ نەرسىلەر بىلەن سىزنى قاقتى-سوقتى قىلمايمەن.

— ۋاي، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، بورنى.

— ھېلىقى ساقچى فورمىسىنى مۇشۇ يەرگىلا قويۇپ قوياي، ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كەتكۈم يوق.

— بۇنى توغرا ئويلاپسىز.

— كويزا بىلەن ساقچى كالتىكىنىمۇ مۇشۇ يەردە قويۇپ قوياي، بۇلارنىڭ ئىگىلىرى بەك ئالدىراپ كەتكەچكە ئالمايلا كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ئەمدى لازىمى قالمىدى.

— بولىدۇ، ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسا......

— شۇنداق، ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىگە مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىم بار. سىز بىلەن ئۆزۈم ئالاقىلىشىمەن دارا.

— شۇنداق بولسۇن، مەن تولىمۇ خۇشال.

كېيىنتىبىران مېھمانخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ۋېسلى بىررىلغا تېلېفون بەردىم. ئۇنىڭغا ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېيتتىم.

— سىزنىڭ ۋەزىپەڭىمۇ ئورۇنلانغان بولدى، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بۇ دېلومۇ پاش بولدى، مەنمۇ ناھەقچىلىكتىن قۇتۇلدۇم. باشتىن - ئاخىر سىزنى ياكى بىرەر خانىمنى تىلغا ئالمىدىم، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ.

— مەن راست ئەنسىرىگەنىدىم. سەن بۇ ئىشلاردىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟

— تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى. ھازىر ۋاقتىڭ بارمۇ؟ سىزنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان ئىككى ئىش بار ئىدى.

ئۇ ماڭا مەسلىھەت بەردى، ئاندىن بىز يەنە بىرقانچە مىنۇت سۆزلەشتۇق، بىز كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ بىرەر رومكا ئىچىشىپ كەلمەكچى بولۇشتۇق، ئەمما ۋاندورا قاۋاقخانىسىغا بارمايلى دېيىشتۇق. مەن يەنە رودىنىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم، تېلېفون ئۇن بەش قېتىم جىرىڭلىغاندىن كېيىن، تېلېفونىست قىز ئېلىپ، ماڭا رودىنىنى قانداق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇ يەنىلا سان - لۇئىستا ئىكەن، ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىۋىدىم، ئۇ تېخى مېھمانخانىغا قايتماپتۇ، ئۇنىڭ ئويۇنى تۈگىمىگەن بولسا كېرەك.

ئۆزۈمنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ساقچى فورمىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ www.uyghurkitap.com

دارانىڭ كېيىم ئىشكاپىغا سېلىشۇەتتىم. مېھمانخانا ئۆيدە سۇ-رەتلەرنىڭ ئىچىدىن بىر سۈرەتنى تاللىۋېلىپ، قالغانلىرى-نىڭ ھەممىسىنى مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم، ئۇنىڭغۇ لېنتىسىنىمۇ ئوتقا سالدىم، ئاندىن ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېي-چىپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

سىرتقا چىقىپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ بېسون كوچىسىغا كەلدىم. ئالدىمدىكى بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى ئۆينىڭ چىرىغى يېقىلمىغانىدى. بىنانىڭ ئىشىكىنىڭ قوڭغۇرىقى-نى باسساممۇ ھېچكىم ئېچىپ بەرمىدى. شۇڭا، ئامالسىز ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ ئىچىگە كىرىۋالدىم - دە، تۆتىنچى قەۋەتكە چىقتىم. مەن كىرمەكچى بولغان بۇ ئۆينىڭ قۇلۇپى ئاسانلا ئېچىلدى، ئىچىگە كىرىپ بىردەمدىلا قايتىپ چىق-تىم. تەخمىنەن ئون مىنۇتتىن كېيىن بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ، رودىنىنىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئۇ يەردە ئېيلىن مېنى ساقلاپ تۇراتتى.

ئىككىمىز ۋىسكى قوشۇلغان قەھۋەدىن ھوزۇرلانغاچ بۇ قېتىم يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتتۇق.

— سىز ھازىر ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپات-لاپ چىققان بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئەمدى ساق-چىلار سىزنى ئىزدەپ سوراققا تارتىپ يۈرمەس؟

— ئۇلار ھامان مېنى ئىزدەپ كېلىپ سوئال سورايدۇ. بۇنىڭدا رېيىنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا قارايمىز. ئۇ رولىدى-نى تۇرمىگە قامىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۇمۇ بۇ ئىش-نىڭ بەك ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈلۈشىنى خالىمايدۇ، شۇنداقلا سوتقا چىقىپ يۈرۈشىنىمۇ خالىمايدۇ. مېنىڭچە، ئۇ ئىككىسى چوقۇم كاۋاپىمۇ كۆيمەيدىغان، زىخىمۇ كۆيمەيدىغان بىر ئامال

تاپىدۇ، ئۇلار رولىننىڭ جىنايىتىنى يەكگىلىلىتىشى مۇمكىن. ئەگەر رولىن تۈرمىدە بىر يىلدىن ئارتۇق ياتسا، مەن ھەيران قالىمەن.

— بىراق، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرسا؟

— بۇنى سوتتا ئىسپاتلاش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بولمىسا خۇدىنى بىلمىگەن بىر ئوغرىنى، پارا يېگەن بىر ساقچى بىلەن بىر يەرلىك تەپتىش ئەمەلدارىنى، يەنە چىرىكلەشكەن ساد-سىز سىياسىي ئەربابلارنى سوتقا تارتىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇندىلا بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتى ئېنىقلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ھەممەيلەن ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ بۇ ئىشنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، يەنە كېلىپ رولىننىڭ قولىدىكى ئەللىك مىڭ دوللار پۇل بىلەن باشقىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغىلى بولىدۇ.

— ئەللىك مىڭ دوللار دەمسىز؟ ئۇ پۇل ھازىر نەدە؟

— بۇ سوئالنى جايىدا سورىدىڭىز. مېنىڭچە، بۇ پۇل ئەسلىي مايكىل دىباسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ قانداق قىلىپ بۇ پۇلنى قايتۇرۇۋالالايدۇ؟ مېنىڭچە، رولىن بۇ پۇلنى ساقلاپ قالالمايدۇ، رېيمۇ ئۆزى يالغۇز ئېلىۋالالمايدۇ، مېنىڭمۇ بىر ئۈلۈشۈم بولغان بولسا تازا ياخشى بولغان بولاتتى. ئەمما، مەن ئاچ كۆزلۈك قىلمايمەن، پەقەت ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋالسالا بولىدى. بىلەمسىز؟ بۇ ئىش يۈز بېرىپ مەنمۇ ئاز زىيان تارتمىدىم. خەقتىن ئالغان مىڭ دوللار پۇلنى رېيغا بېرىۋەتتىم، دىباسىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، ئاز دېگەندىمۇ نەچچە مىڭ دوللار زىيان سالدى، ئاخىر ئۆزۈمنى ئاقلاپ چىقىش ئۈچۈن، يىغقان بەش مىڭ دوللار پۇلنىمۇ ئۇلارغا بېرىۋەتتىم. مۇشۇنداق ھېسابلاپ كېلىدىغان بولساق، مەندىكى زىيان ئادەمنى چۆچۈتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ بەش مىڭ دوللار پۇلىڭىزدىن ئازراق بولسىمۇ قاي-تۇرۇپ ئېلىشۋالغىلى بولماسمۇ؟

— مۇمكىن ئەمەس. ساقچىلار ھەرگىزمۇ ئوغرىنىڭ پۇ-لىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ھازىر بۇ پۇلغا قولۇمنىڭ ئۇچىنى-مۇ تەگكۈزەلمەيمەن. بىرەر ئامال تاپمىسام بولمىدى، ھازىر ئىقتىسادىم ۋەيران بولدى.

— بورنى، ئۇنتۇپ قالماڭ، ئالدىنقى قېتىم ئوغرىلىق قىلمەن دەپ مۇشۇ بالاغا قالدىڭىز.

— ئالدىنقى قېتىم باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئوغ-رىلىق قىلغانىدىم، ئەمدى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئىشلەيمەن.

— ھەي! سىز ئۆزگەرمىگۈدەكسىز.

— بۇ گەپنى جايىدا قىلدىڭىز، مەن مۇشۇنداق ئادەم، مې-نى ئۆزگەرتىمەن دەپ قۇرۇق ئاۋارە بولماڭ.

ئۇ قەھۋە ئىستاكانىنى ئۈستەلگە قويۇپ قويۇپ، بېشىنى مۈرەمگە قويدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇرات-تى.

— ئويلاپ يېتەلمەيۋاتىمەن، ھېلىقى قوتا قانداق بولۇپ قۇرۇق بولۇپ قالغاندۇ؟

— ئىچىدە يەنە يۈز دوللار بار.

— سىز پۇلنى ئىچىگە سېلىپ قويۇشتىن بۇرۇن قۇ-رۇق بولغىيتتى؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە ئىچىدىكى سۈرەت نەگە كەتكەندۇ؟

— بەلكىم ھېچقانداق سۈرەت يوقتۇ، — دېدىم ئۇنى گەپ-كە سالماقچى بولۇپ، — بەلكىم فىرانكىسفورد ساندۇۋال خا-نىمغا قوقاق سالغاندۇ؟ چۈنكى، سۈرەت تارتىش ئۈچۈن چوقۇم يەنە ئۈچىنچى شەخس بولۇشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟ ئەمما، ھا-

زىرغىچە بىز ئۇنى كۆرۈپ باقمىدۇق.

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، ئەمما سىز ماڭا فىرانكىس-فوردنىڭ سۈرەتنى ساندىۋال خانىمغا كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپتقانىدىڭىزغۇ؟

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەنىدىم. ئەمما، ئۇ قۇتىنى ئاچمايلا ساندىۋال خانىمغا ئىچىدە سۈرەت بارلىقىنى ئېيتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ساندىۋال خانىممۇ ئىچىدە راست سۈرەت بار ئوخشايدۇ دەپ ئىشىنىپ قالغان گەپ، مۇشۇنداق مۇمكىن-چىلىكمۇ بار، توغرىمۇ؟

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

— شۇڭا، ئۇنداق سۈرەت ۋە ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىسى دېگەندەك نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس. بار بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمدى ئۇنى ئىنىقلىغىلى بولمايدۇ، ئۇ نەرسىلەر ئەمدى غايىب بولدى.

— نەگە كەتتى؟

— كۆلگە ئايلىنىپ كەتتىمىكىن دەيمەن.

— ئەمدى سىزگە ھېچقانداق ئىش بولمامدۇ؟ مەن بۇ-نىڭغا ئىشەنمەيمەن، ساقچىلار ئەمدى سىزنى ئىزدىمەسمۇ؟

— ئۇلار ماڭا يەنە بىرقانچە جىنايەت ئارتالايدۇ، ئەمما مەن رېي بىلەن سۆزلىشىپ بولدۇم، ئۇ ھەممە ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغانلىقى، ماڭا ھېچقانداق ئىش بولمايدىغانلىقىنى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئۇلار مېنى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە قانۇن-سىز كىرگەن، ساقچىنىڭ قولىدىن قېچىپ كەتكەن دەپ ئەرز قىلسا بولىدىكەن، ئەمما ئۇلار بۇ ئىشقا قىزىقمايدىكەن، يەنە كېلىپ ئۇلار ماڭا جىنايەت ئارتىمىز دېسە، ئۆزلىرى بىر-مۇنچە ئاۋارىچىلىككە قالىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئىشنى باس-تۇرۇپ قويۇپتۇ.

— بۇ گېپىڭىزمۇ ئورۇنلۇق.

— شۇنداق، — دېدىم ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — ھەممە ئىش كەم - كوتىسىز بولدى، ھەتتا بۇ ئىشقا سىزمۇ ئارىلىشىپ قالمىدىڭىز، سىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى قالمىدى.

بارماقلىرىم ئۇنىڭ مۈرىسى ئۈستىدە مىدىرلاپ تۇراتتى.

بىر سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ كەتتۇق، ئۇ مېتىمۇ قىلماي جىممىدە تۇراتتى. بىر قولۇم ئۇنىڭ مۈرىسىدە ئىدى، يەنە بىر قولۇمدا تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئۆيدىن تېپىۋېلىپ تەييارلاپ قويغان بىر دەپتەرنى ئېلىپ، بەلگە قويۇپ قويغان بەتنى ئاچتىم - دە، ئوقۇشقا باشلىدىم: «تۆت يىل بۇرۇن ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كەتتىم، بىر خىزمەت تاپقاندىم، ماڭا تازا ياقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىستېپا بەردىم، مانا ھازىر خىزمىتىممۇ يوق. ئانچە - مۇنچە رەسىم سىزىپ قويىمەن، ئۇنچە - مەرۋايىت پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىمەن، يېقىندا رەڭلىك ئەينەككە قىزىقىپ قالدىم. ئۇنداق باشقىلار قىلمۇۋاتقانى ئەمەس، ئۆزۈم ئىجاد قىلغان، ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقتا يېقىنلىشىپ قالىدۇ، شەكىل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. راستىنى ئېيتسام، بۇ كەسپنى ياخشى قىلالىدىممۇ بۇنى بىلمەيمەن. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ پەقەت مېنىڭ قىزىقىشىم بولۇشى مۇمكىن، راستىنىلا شۇنداق بولسا چاتاق بولغان بولىدۇ، چۈنكى مېنىڭ بۇ خىزمەتنى بېرىلىپ قىلغۇم بار، ئەمما يەنىلا مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىدىم دەپ قارايمەن.»

— ھۇ ئۆلگۇر! — دېدى ئۇ، — سىز بۇ سېنارىيەنى نەدىن تېپىۋالدىڭىز؟

— سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن.

— قارغىش تەگكۈر!

ـــ دەل ئاستىمىزدىكى تۆتىنچى قەۋەتتىن. مەن بۇ ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۆيىڭىزگە كىرىپ قاراپ باققانىدىم. مەن تېخى مۇشۇكلىرىڭىز ئاچ قالغان بولسا بېقىپ قوياي دەپتىكەنمەن، نەتىجىدە تاپالماي يېنىپ چىقتىم.

قولۇمدىكى سىنارىيەنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا:

ـــ بىزنىڭ شۇنچە ئىشتا ھەمراھ بولۇشىمىز سىنارىيەدىكى مۇشۇ ئويۇننى قويۇش ئۈچۈنمىدى؟ ـــ دېدىم.

مەن ئوقۇۋاتقان سىنارىيەدىكى بۇ قۇرلار دەل رۇن خايىتۆۋېر دېگەن پېرسوناژنىڭ سۆزى ئىدى.

ـــ بۇنى سىزگە كىم دەپ بەردى؟

ـــ ۋېسلى ماڭا قايسى تىياتىردا رۇن خايىتۆۋېرنىڭ رولى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا ئىسمىڭىزنىڭ رۇن خايىتۆۋېر ئىكەنلىكىنى دېگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا چوقۇم كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما سىز دەرھال تېمىنى يۆتكەپ، ئۆزىڭىزنىڭ راست ئىسمىڭىزنى دەپ بەرگەنىدىڭىز. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى مەن رۇن خايىتۆۋېر دېگەن ئىسىمنى مۇنداقلا قوشاققا قېتىپ قويسام، سىز بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەن. سىز شۇ چاغدا مېنى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ قالدى، دەپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، ئەمەلىيەتتە مەن مۇنداقلا دەپ قويغانىدىم. ھەرھالدا ھېلىقى كۈنى ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ راست ئىسمىنى دەپ بېرىپتىكەنسىز.

ـــ بۇ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ، ـــ مەن سەل شەيتانراق، ئۆزۈمنى كونترول قىلىشنى بىلمەيمەن شۇ.

ـــ ئۇنداق ئاددىي ئەمەس.

ـــ دېمىسىمۇ شۇنداق ئاددىي تۇرسا.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭچە خېلى مۇرەككەپ. دەرۋەقە، سىز ئۆيۈن قو-
يۇپ باققان، شۇڭا بىر رولنى ئاسانلا ئوينىيالايسىز. بۇ نۇقتى-
نى بۇرۇنلا بىلىشىم كېرەك ئىدى. تۇنۇگۈن سىز بېرىلنى
ئىزدىگەندە شۇنداق قاملاشتۇردىڭىز. سىز قەيەرگە تېلېفون
بېرىشنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز، ئاۋۋال توققۇزىنچى قانالغا،
ئاندىن ھوللىۋودنىڭ كىنو سەنئەتى ئىنستىتۇتىغا تېلېفون
بەردىڭىز. مەن ئەسلىدە ئاياللار مۇشۇ ياشقا كىرىپ قالغاندا
مۇشۇنداق ئىشنى قاملاشتۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ-
تىكەنمەن، ئەمما سىز ئۇلار بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەندە
پۈتۈنلەي كەسپىي سۆزلەرنى ئىشلەتتىڭىز. يۈز بەرگەن ئىش-
لارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئارتىسلار بىلەن ھەۋەسكارلار ئوتتۇ-
رىسىدا بولۇۋاتىدۇ. فىرانكىسفورد بىر تىياتىرچى، شۇنداقلا
يەنە ئۆي - مۈلۈك سودىگىرى. ئەمما، ئۇ ئىپلاس ۋاستىلەر
ئارقىلىق پۇل تاپىدۇ. دوستۇم رودىنىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ-
نىڭ بۇ ئۆيىنىڭ ئىجارىسى تۆۋەنمىش، چۈنكى ئۆي ئىگىسى
ئارتىسلارغا ئامراق ئىكەن. دارا ساندىۋال خانىممۇ تىياتىرغا
قىزىقىدۇ، فىرانكىسفورد ئۇنىڭ مۇشۇ قىزىقىشىدىن پايدى-
لىنىپ كەتكەن، يەنە كېلىپ ئۇ دەل مۇشۇ قىزىقىشى سەۋەب-
لىك بېرىلنى ئىزدەپ تېپىپ، مېنى ئىشقا سالغان. سىز
بىر ئايال ئارتىس، شۇڭا سىز رودىنىنى تونۇيسىز.

— توغرا دەيسىز.

— بۇ پەقەت باشلىنىشى، خالاس. سىز يەنە مۇشۇ سەۋەب-
تىن فىرانكىسفوردنىمۇ تونۇيسىز. فىرانكىسفورد سىزنى
دارا بىلەن كۆرۈشتۈرگەن. ئەمما، سىز ئۇنىڭ فامىلىسىنى
بىلمەيتتىڭىز، بىز بېرىلنىڭ ياتىقىغا كىرگەندىلا سىز ئۇ-
نىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىشلىقىنى ئاندىن بىلدىڭىز.
شۇنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشىدىغان ئادىمىم بار دەپ، دارانىڭ

ئۆيىگە بىللە بېرىشتىن قاچتىڭىز. چۈنكى، ئۇ سىزنى تونۇي-دۇ، بىللە بارسىڭىز ھەممە ئالدامچىلىقلىرىڭىز ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىز، سۆيۈملۈكۈم، — دېدىم ئۇنىڭ چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ھېلىقى كۆك قۇتا قۇرۇق ئەمەس ئىكەن.

— نېمە؟

پورتمانىمدىن ھېلىقى سۈرەتنى چىقىرىپ بىردەم قارىۋېتىپ، ئاندىن ئېيلىنغا سۇندۇم. ئۇ بىر قاراپلا تىترەپ كەتتى، ئاندىن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

— ئاۋۇ دارا، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان ئادەم دەل سىز.

— ئاھ، تەڭرىم!

— مەن باشقا سۈرەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتىم، يەنە لېنتىمۇ بار. سىز نېمىنى يوشۇرماقچى، ئېيلىن؟ سىزنىڭ فىرانكىسفورد بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتىڭىز بارلىقىنى بىلىپ بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن تىياتىرنىڭ ئىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئۇي ئىجارىگە ئېلىپ تونۇشۇپ قالدىڭىزمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما، بۇ ئۆي فىرانكىسفوردنىڭ، شۇنداقمۇ؟ فىرانكىسفورد دەل ئارتىسلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان ئاتالمىش ئاق كۆڭۈل ئۆي ئىگىسى، توغرىمۇ؟

— توغرا، مەن ئۇنى مۇشۇ بىنادا ئۇچراتقان، ئەمما بۇ ئۆينىڭ ئۇنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.

— ئۇنىڭ سىزنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىندەككە كەلتۈرگەنلىكىنى بىلمىدىم. بۇنى بىلگۈممۇ يوق. ئىشقىلىپ، دارا ئىككىڭلارنىڭ بىللە بىرەر ئىش قىلغانلىقىڭلارنى جەزملەشتۈرەلەيمەن. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئاخشىمى سىز

فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىگە بارغان.

— قۇرۇق گەپ!

— مەن قۇرۇق گەپ قىلمىدىم. قۇلاق سېلىڭ، فىرانكىسفورد نېمە ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالىدۇ؟ رېپى جىسمان مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمگە ئىشەندى، ئەمما بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ئىشەنمەيمەن. مەن ئۇنى شۇنداق دەپ ئالداپ قويدۇم. سىز شۇ ۋاقىتتا فىرانكىسفورد بىلەن بىللە ئىدىڭىز. سىزدە ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بولغاچقا، خالىغانچە كىرىپ چىقالايسىز، ئەمما سىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە گۈلنى سۇغىرىپ قويۇش ئۈچۈن بارمىدىڭىز. سىز دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغاچقا، ئۇ سىزگە ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى بەرگەن. شۇ كۈنى ئاخشىمى سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆلگەندە ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىڭىز. چۈنكى، سىز ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭ ئۈچىسىدا كىيىم يوق ئىدى.

گېپىمدىن توختاپ، قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋالدىم.

— مەن ھېلىقى ئۇستەلنى ئاختۇرۇۋاتقاندا سىز ئۆيدە بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئاۋاز چىققاننى ئاڭلاپلا بىرەر جايغا مۆكۈۋالغان گەپ. سىز شۇ مۆككەنچە تاكى مەن قېچىپ كېتىپ، ئىككى ساقچى مېنى قوغلاپ چىقىپ كەتكەنگە قەدەر مۆكۈپ تۇردىڭىز، ئۆيدە ئادەم قالمىغاندىن كېيىن ئاندىن نەق مەيداندىن ئايرىلدىڭىز. مېنىڭچە، پەقەت مۇشۇنداق بىرلا مۇمكىنچىلىك بار، بولمىسا مېنى تونۇيالمايتتىڭىز، مېنىڭ رودىنىنىڭ تۇرالغۇسىغا قېچىپ بېرىۋالدىغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ بىلەلمىگەن بولاتتىڭىز. ئەمما، بۇ چۈشەندۈرۈشمۇ تازا تولۇق ئەمەس. مەن پەقەت سىز فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭ كىيىم كېيىمىگەنلىكىنىلا جەزملەشتۈرە-

لەيمەن. ئەمما، سىز يەنە نېمە دەپ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالدىڭىز؟ بىر ئىشنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم، نېمىدېگەن توغرا كېلىپ قېلىش بۇ؟ مەن رودىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان تۇرسام، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟ يەنە كېلىپ مېنى قانداق تونۇۋالدىڭىز؟ سىز چوقۇم رودىنىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئارىيەت ئالغان، ئادىدىن قوشنىلاردىن ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلگەن. ئەمما، سىز مېنى قانداق تونۇۋالدىڭىز؟

—قارغىش تەگكۇر!

— مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى قوغدىدىم، ئېيلىن. ساقچىلار سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزنى ئەسلا بىلمەيدۇ، سىزنى ئىزدەپمۇ يۈرمەيدۇ. مەن پەقەت نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى، خالاس.

— سىز ئاساسەن بىلىپ بوپسىز.

— بەزى جايلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلمەكچى.

— نېمە ئۈچۈن؟

ئۇ بېشىنى بۇراپ، سەل نېرىغا بېرىۋالدى.

— بىلگەن بىلەن بىلمىگەنىڭنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ مەن ئۆز كۆنۈمنى ئۆتكۈزۈۋېرىمەن، سىزمۇ ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا قايتىپ، ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىسىز. مەن ھازىرلا كەتسەم بولىدۇ. بۇ يەردە بىر چەينەك قەھۋە بىلەن بىر بوتۇلكا ۋىسكى بار، سىز بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە خاتىرجەم ياتالايسىز.

— بۇ يەردىن كېتىشتىن بۇرۇن ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋېلىشىم كېرەك، ئېيلىن.

ئۇ ئۆرۈلۈپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— يۈز بەرگەن ئىشنىڭ كۆپ قىسمىنى توغرا پەرەز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىپسىز. راستىنى ئېيتسام، گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. توغرا، ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى مەن راستىنلا ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىدىم، بۇنى سىز بىلمۇۋاپسىز. ئۇ كەچتە بىر پائالىيەتكە قاتناشماقچى ئىكەن، شۇڭا ئۇ مېنى بىللە ئېلىۋالماقچى بولغان.

— ساندىۋال خانىممۇ ئۇ يەرگە بارماقچى ئىكەنتۇق.

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۇنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇراتتىم. راستىنى ئېيتسام، فىرانكىسفورد دارا ئىككىمىزنى بىرگە سۈرەتكە تارتىپ قويۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن بىر-ئىككى قېتىم پاراڭلاشقان، لېكىن ئۇنىڭ فامىلىسىنى بىلمەيتتىم. مەن فامىلىسىنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن نەچچە يۈزى بار.

— داۋاملاشتۇرۇڭ.

— مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان. ئۇ ئادەم كولدۇرلىتىشقا تولىمۇ ئامراق. راستىنى دېسەم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغۇم يوق ئىدى، دارا بىلەنمۇ كۆرۈشكۈم يوق ئىدى. ئەگەر ئادەم ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلسە، چوقۇم فىرانكىسفوردنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئۆز بېشىنى ئۆزى يېيىشكە يول ئاچتىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بىز كارىۋاتتىكى چاغدا ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇ تۇساتتىن نەپەس ئالالماي كارىۋاتتىن يىقىلدى. مەن ئۇنى ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ بەك قورقۇپ كەتتىم. ئەمما، ئارام تېپىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

— ئۇنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلەمتىڭىز؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقسام يۈرىكى سوقۇۋېتىپ-

تۇ، ئۇ تولىمۇ ئاستا نەپەس ئېلىۋاتاتتى. جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون بېرىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. ئەمما، بىر دەم ئويلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى خالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. تۇرۇپلا قاتتىق ئالدانغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ئۇنى ياستۇق بىلەن تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئويلىدىم، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدىم.

— شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، كارىڭىز بولمىدىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، كارىم بولمىدى. كىيىملىرىمنى تېز - تېز كىيدىم، كىيىم ئىشكاپىدىن كىيىملىرىم بىلەن باشقا نەرسىلىرىمنى ئېلىپ، بىر خالتىغا سالدىم - دە، چىقىپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرىگە تاشلاپ قويدۇم، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىپ بەرمەيلا كېتىپ قالدىم.

— سىز نەگە باردىڭىز؟

— ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم، ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئۆيگە.

— ئۇ چاغدا سائەت قانچە بولغانىدى؟

— ئېنىق بىلمەيمەن، يەتتە ياكى يەتتە يېرىم بولغان بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنچە بالدۇرما؟

— خېلى بالدۇر ئىدى. بىز ئۇ ۋاقىتتا تېخى كىيىملىرىمىزنىمۇ كىيمىگەنىدۇق، بىز سائەت سەككىز يېرىمدا تىياتىرخانىغا بېرىپ بولۇشىمىز كېرەك ئىدى.

مەن بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالدىم.

— شۇنداق بولدىمۇ دېيلى، ئۇ تەخمىنەن سائەت يەتتىدىن يەتتە يېرىمغىچە قىپيالىڭاچ ھالدا بىھوش ياتقان، بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرغان، ئاندىن ئۇچىسىغا

ئۇخلاش كېيىمىنى كىيىۋالغان. ئۇ سىزنى ئىزدىگەن، ئەمما تاپالمىغان. ئەمىسە ھېلىقى پۇلچۇ؟

— قايسى پۇل؟

— رولىن بايقاپ قالغان ئەللىك مىڭ دوللارچۇ؟

— ئۇنى مەن بىلمەيمەن. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا پۇلنىڭ سۇنۇقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. پۇلنى ئۇنىڭغا كىمنىڭ بەرگىنىنىمۇ بىلمەيمەن، نەدىن تاپقانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

— سىز ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئىشىكنى تولۇق قۇلۇپلىۋەتكەنمىدىڭىز؟

ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن ھېچكىمنىڭ كىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى خالىمايتتىم. ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، ئەمما ئۇنى شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسىكەن دەيتتىم. مەن بەك ئەسكىمىكەنمەن، بورنى؟ مېنىڭچە، مەن بىر يامان ئايال.

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم.

— ھېلىقى پۇل ئۇنىڭ قولىدا بۇرۇنلا بولۇشى مۇمكىن، — دېدىمەن، — شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى بىلدى، يەنە كېيىم ئىشكاپىدىكى نەرسىلىرىڭىزنىڭ يوقلۇقىنىمۇ بىلدى، شۇنىڭ بىلەن دىباس ئۇنىڭغا بەرگەن ئەللىك مىڭ دوللار پۇلىنىمۇ سىزنى ئېلىپ كەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىشى ئېنىق. شۇڭا، ئۇ پۇلنى يوشۇرۇپ قويغان يەردىن ئېلىپ قاراپ باققان، تۇيۇقسىز بېشى قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ياتاق ئۆيگە قايتىپ كارىۋاتتا ئولتۇرغان، شۇ چاغدا پۇل يەنىلا ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇ تېخىمۇ بىئارام بولغان، ئورنى-

دىن تۇرماقچى بولغاندا سەنتۇرۇلۇپ كېتىپ يېنىدىكى چىد-
راغنى ئۆرۈۋەتكەن، بۇنىڭدىن خېلى كۆچلۈك ئاۋاز چىقىپ
كەتكەن، بەلكىم ئۇ ئاغرىقتا چىدىماي ۋارقىرىۋەتكەن بولۇشى-
مۇ مۇمكىن. ئاندىن ئۇ يەنە كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋالغان. سائەت
توققۇزدا ئۆيگە مەن كىرگەندە بۇ ئىشلار تېخى ئەمدىلا يۈز بەر-
گەن بولۇشى مۇمكىن، مەن تارتمىلارنى ئاختۇرۇۋاتقاندا ئۇ يەنە
ھوشىدىن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. رولىن ئۇنىڭ قېشىغا
كېلىپ يەردىكى پۇللارنى تېرىۋاتقاندا ئۇ ھوشىغا كېلىپ كۆ-
زىنى ئاچقان. رولىن جىددىيلىشىپ كېتىپ، ساقچى كالتى-
كى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغان. فىرانكىسفورد شۇ كۈنى
ئاخشىمى جەمئىي ئۈچ قېتىم كۆزىنى يۇمغان، ئەمما بۇ ئۇنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆز يۇمۇشى بولۇپ قالغان. رېي ئىككى-
مىز كوچىدا ساراڭدەك قوغلىشىپ يۈرگەندە رولىن قايتىپ
كىرىپ، كۆلدان بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالغان.

— ئاھ، تەڭرىم!

— ئەمما، سىز يەنە قانداق قىلىپ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ
قالدىڭىز؟ مېنىڭ بۇ بىناغا كەلگەنلىكىمنى قانداق بىلدى-
ڭىز؟

— سىزنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى
كۆرگەندىم.

— نېمە؟ سىز ھەرقانچە بولسىمۇ مەن چىققان تاكسى-
نىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلمىگەنسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇنداق قىلىشىڭىز ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش، شۇنداق
ئەمەسمۇ؟ سىز باشتىلا مۇشۇ يەردىمىتىڭىز يا؟ ھە راست،
سىز مېنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قالغان گەپ، ئۆيىڭىزنىڭ دېرى-
زىسى كوچىغا قارايدۇ ئەمەسمۇ. ئەمما، مېنى قانداق تونۇۋالا-
لايسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن سىزنى فىرانكىسفوردنىڭ بىناسىنىڭ ئالدىدا ئۇچراتقان، بورنى.

— نېمە؟

— مەن يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان. مەن ئۆيۈمدە بىر دەم ئولتۇرۇپلا فىرانكىسفوردتىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. كالللامغا «ئۇ ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ ئۇ ئۆلمەن دەۋاتسا، مەن ھېچنېمە قىلماي ئولتۇرامدىمەن» دېگەندەك خىياللار كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. تاكسىدىن چۈشۈپ، فىرانكىسفوردنىڭ بىناسى ئالدىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈردۈم، كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ئاھ، تەڭرىم! شۇ چاغدا راستىنىلا قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەندىدىم.

— ئاندىن سىز مېنىڭ بىنادىن چىقىۋاتقانلىقىمنى كۆردىڭىز؟ ئەمما، سىز مېنى تونۇمايسىزغۇ؟

— سىزنى تونۇش دېگەن كېيىنكى ئىش. مەن سىزنىڭ بىنادىن يۈگۈرۈپ چىققانلىقىڭىزنى كۆردۈم، سىز بەك تېز يۈگۈرگەچكە مېنى سوقۇۋەتكىلى تاسلا قالدىڭىز. سىز شۇ يۈگۈرگەنچە كوچا دوقمۇشىدىن قايرىلىپلا غايىب بولدىڭىز. بىر- ئىككى مىنۇتتىن كېيىن بىر ساقچى كەينىڭىزدىن قوغلاپ چىقتى. ئىشنىڭ باقار ماڭا سىزنى فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرى، دەپ بەردى.

— كېيىن قانداق بولدى؟

— بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىر ساقچى قوغلاپ چىقتى. ئۇلار فىرانكىسفوردنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئۇنى سىزنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتىشتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ، ھېچ يەرگە چىقماي ئولتۇردۇم، ساقچىلار بۇ

ئىشنى ئىنقىلاپ چىقسا مەنمۇ قوتۇلالمايمەن، دەپ ئويلىدىم. ئويلىغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتىم، شۇنىڭ بىلەن دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساقچىلار كېلىپ قالارمىكىن دەپ قاراپ تۇردۇم، نەتىجىدە سىزنىڭ مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆردۈم، مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنى تۈگەشتىم، دەپ ئويلىغاندىم. مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، مېنى قانداق تاپقانلىقىڭىزنى بىلمەيتتىم، سىزنى مېنىڭ ئارقامغا چۈشۈپ، مېنى ئۆلتۈرگىلى كەلدى، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

— مەن نېمە دەپ سىزنىڭ ئارقىڭىزغا چۈشكۈدەكمەن؟

— بۇنى مەن قانداق بىلەي؟ سىز بۇ بىناغا نېمە دەپ كېلىپ قالىسىز؟ مەن ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا قورقىنىمدىن تىترەپ تۇرۇپ، سىزنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋۇشىڭىزنى ئاڭلاپ تۇردۇم. سىز تۆتىنچى قەۋەتكە چىققاندا قورقۇپ جېنىم چىقايلا دېدى. سىز بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەندە مەن تېخى سىزنى ئادرېسنى خاتا ئۇقۇپ قالغان بولسا يەنە قايتىپ چۈشىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، سىز قايتىپ چۈشمىدىڭىز، مەنمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئاخىر ئۆزۈم ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۆينىڭ ئىچىدىن ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، سىز ئىكەنلىكىڭىزنى جەزملەشتۈردۈم. چۈنكى، رودىنىنىڭ نيۇيوركتا ئەمەسلىكىنى، ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى بىلەتتىم. سىزنىڭ ئۆي ئىچىدە نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ، بىر رومكا هاراق قۇيۇپ ئىچىۋالدىم ـ دە، ئۆزۈمنى ئۇخلاشقا زورلىدىم. ئىككىنچى كۈنى سەهەردە ئىشنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى گېزىتتىن بىلىۋالدىم.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ سىز رودىنىغا تېلېفون بېرىپ،

ئۇنىڭدىن ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى سورىدىڭىزما؟

— مەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭ سىزنى تونۇيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭدىن بورنى رودنىبا ئىسىملىك بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقىمنى، ئۇنى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ سىز بىلەن بىرقانچە قېتىم بىللە قارتا ئوينىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدۇم.

ئۇ توختاپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى.

— مەن ئاخىر ئۇستىگە چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدۇم. مەن سىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن ياكى ئۆلتۈرمىگەنلىكىڭىزنى بىلمەيتتىم. مەن ئەسلىدە سىز فىرانكىسفوردنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، كېيىنتىن كۆلدانىڭ قاتىللىق قورالى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم، ئاندىن سىز بىلەن كۆرۈشتۇم، يەنە كېلىپ سىزنى تېزلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئىلگىرى بىرسىنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئەمما، سىز بىلەن بىللە تۇرغاندا يەنىلا ئويۇن ئويناشنى توختاتالمىدىم. دەسلەپتە سىزگە ھەقىقىي ئىسمىم بىلەن ئادرېسىمنى ئېيتىپ بەرسەم بولمايتتى. چۈنكى، ئەگەر فىرانكىسفوردنى راستىنلا سىز ئۆلتۈرگەن بولسىڭىز، مەن بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالاتتىم، شۇڭا مەن سىزگە كىملىكىمنى، قەيەردە تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتماسلىقنى قارار قىلدىم. بۇنداق قىلسام، ساقچىلار سىزنى تۇتۇۋالدى دېگەندىمۇ، مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ساقلاپ قالالايتتىم.

— يەنى سىز مېنىڭ ھەقىقىي ئىسمىڭىزنى بىلىپ

قىلىپ، سىزنىڭ ئەپت ـ بەشىرىڭىزنى ئېچمۇېتىشىمدىن قورقتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

ــ ئۇنداق ئەمەس، سىزنىڭ مېنى رۇن دەپ چاقىرىشىڭىزنى پەقەتلا ياقتۇرمىدىم. بىز كارىۋاتتا بىللە بولغاندا سىز مېنى توختىماي «رۇن» دەپ چاقىردىڭىز، مەن شۇ چاغدا پەـ قەتلا چىدىيالماي قالدىم. سىز مېنى مەيلى نېمە دەپ چاقىـ رىڭ، شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭىزگە ئىشەنـ مىگەنىدىم، ئەمەلىيەتتە بۇنى دەسلەپتىلا ھېس قىلغان......

ــ بۇنىڭدىمۇ يەنە ھېلىقى بىۋاستە سىزىمىڭىزگە تاـ يانغان ئوخشىمامسىز؟ بۇ ئىشقا سىزنىڭمۇ چېتىشلىق ئىـ كەنلىكىڭىزنى بىلگەنىدىم، ئېيلىن. ھېچكىمنىڭ بىۋاسىـ تە سەزگۈسى ئۇنداق توغرا بولۇپ كەتمەيدۇ. سىزنىڭ ماڭا شۇنچە ياردەم قىلىپ كېتىشىڭىزدە چوقۇم باشقا سەۋەبلەرمۇ بارلىقىنى بىلەتتىم.

ــ مەن سىزنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ھامان بىلىۋالىـ دىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. بەلكىم سىزنىڭ يېنىڭىزدىن غاـ يىب بولسام بىلەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئىدى، ئەمما مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم كەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئىش شۇنداق تېز يۈز بەردى.

ــ توغرا.

ــ ئەمدى ئىشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىپ يەتتىـ ڭىز. مەن سىزنى باشلاپ ئۆيۈمگە كىرگىلى تاس قالغان تېـ خى. ئەمما، ئۆيۈنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئويىدىم، توغرىمۇ؟

ــ مەن كېيىن سىزنىڭ بۇ ئىشلارنى مەقسەتلىك قىـ لىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىۋالغان.

ئۇنىڭ كۆزلىرى باشقا بىر ياققا تىكىلىپ تۇراتتى، مەنـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇ باشقا تەرەپكە قاراپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئارىمىزدا بىر-دەملىك سۈكۈت داۋام قىلدى. ئاخىر ئۇ ئىغىز ئاچتى:

— قانداق؟ بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان-دۇ؟

— يامان ئەمەس، ئەمما مىنىڭ شەخسىي ھىساباتىم بۇ-نىڭ سىرتىدا. سىزگە ۋە داراغا ھىچ ئىش بولمىدى. مەنمۇ ئەمدى جىنايەت گۇماندارى ئەمەس، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئىشنى ناھايىتى جايىدا بىر تەرەپ بولدى دې-يىشكە بولىدۇ.

— مەندىن نەپرەتلىنەمسىز؟ بۇ ئىشتا جايىدا بولماي قالغان ئىش مۇشۇغۇ دەيمەن؟

— نەپرەتلىنەمسىز؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ، — مەن نىمە دەپ سىزدىن نەپرەتلەنگۈدەكمەن؟ دەسلەپ-تە سىز بۇ ئۆيگە مىنىڭ سىزنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىمنى بىلمەكچى بولۇپ كەپسىز، بۇنىڭ نەرى خاتا. كىيىن سىز ماڭا نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلدىڭىز. دەس-لەپتە ماڭا راست گەپ قىلمىدىڭىز، ئەمما كىممۇ دوستىنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خالايدۇ؟

— بورنى......

— ياق، مەن راست دەۋاتىمەن، مەن بۇلارنى سىزدىن كۆرمەيمەن. دەسلىپىدە سىز مىنىڭ قاتىل ياكى ئەمەسلىكىمنى ئەسلا بىلمەيتتىڭىز، يەنە كېلىپ ھەممەيلەن مىنى قاتىل دەپ قارايتتى. سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلىمىغىنىڭىز ھەرگىزمۇ خاتا ئەمەس. كىيىن سىز ماڭا كۆپ ياردەم-لەشتىڭىز، ئەگەر سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولمىغان بولسا، ھە-قىقىي ئەھۋالنى ھەرگىزمۇ بىلەلمىگەن بولاتتىم. سىز بول-مىغان بولسىڭىز، مەن بۇ ئىشلارنى قىلىش تۇگۇل، ھەتتا

سىناپمۇ باقمىغان بولاتتىم. ئەگەر سىز بولمىغان بولسى-
ڭىز، مەن بىر ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ رېي بىلەن كۆرۈش-
تۈرگەندىن كېيىن، بىرقانچە شەرتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا
ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغان بولاتتىم. مەن قانداقمۇ سىزدىن نەپ-
رەتلىنەي؟

— شۇنداقمۇ؟

— راستىنى دېسەم، مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم. غەلى-
تە يەرلىرىڭىزمۇ بار، ئەمما كىمنىڭ ئۇنچىلىك ئەيىبى بول-
مايدۇ دەيسىز؟

— سىز مېنىڭ فىرانكىسفورد بىلەن بولغان مۇناسىۋى-
تىمنى بىلدىڭىز، يەنە سۈرەتلەرنىمۇ كۆردىڭىز.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— بۇنىڭدىن بىئاراملىق ھېس قىلمامسىز؟

— سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە بىئارام بولمىدىم.

— ئەمىسە قانداق بىئارام بولدىڭىز؟

— بەدىنىم كۆيۈشۈپ كەتكەندەك بولدۇم.

— چۈشەندىم.

مەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۇزاق سۆيدۈم، ئان-
دىن ئۇ مۈرەمگە بېشىنى قويۇپ، يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇ
ئىشنىڭ ھازىر قانداق بولۇپ بۇنچە كۆلكىلىك بولۇپ قالغى-
نىنى بىلەلمەيلا قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— كېيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟ — دەپ سورىدى
ئۇ.

— ھەممە ئىش يەنىلا ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ، ئامرىقىم.
سىز يەنىلا ئارتىسلىقىڭىزنى قىلىۋېرىسىز، مەنمۇ ئوغرىلى-
قىمنى قىلىۋېرىمەن. ھېچنېمە ئۆزگەرمەيدۇ. ئىككىلىمىز-
نىڭ كەسپى ئۇنچە كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ئەمما بىز يەنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز دائىم كۆرۈشۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈستىدە پاراڭلاشساق بولىدىغۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق بولسىكەن دەيمەن، — دېدى ئېيلىن.

مەن ساندىۋال خانىم بىلەنمۇ كۆرۈشۈشۈم مۇمكىن، ئۇ ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويمىغان شارائىتتا، ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ يىغىپ قويغان تەڭگە پۇللىرىنى قويماي ئوغرىلاپ چىقمىسام بولمايدۇ. يەنە ئۆيۈمگە قايتىپ بېرىپ، ئۆينى يىغىشتۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈم كېرەك. گەرچە قوشنىلىرىم مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆچۈپ بارغان يېرىمدىكىلەر مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلمەي قالارمۇ؟ بۇ ئىشىم ئۇ يەردىكى ھارامدىن بېيىغان ئەبلەخلەرگە ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. شۇڭا، قوشنىلىرىم مېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىمگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. مەن يەنە ئانچە-مۇنچە قارتا ئويناپ تۇرۇشۇم، كالتەك توپ مۇسابىقىسى كۆرۈپ قويۇشۇم مۇمكىن. زۆرۈر تېپىلغاندا سىرتلارغا چىقىپ ئۆز كەسپىمنى قىلىمەن. مېنىڭ بۇنداق كۈنۈمنى بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەمما كىمنىڭمۇ تۇرمۇشى ئۆز خىيالىدىدەك بولغان؟ ئىنسان دېگەننىڭ توققۇزى تەل بولمايدىغۇ؟! بۇ كەمتۈك جاھاندا بىزدەك مۇشۇنداق پۇچەك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار تىرىشىپ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزسەكلا بولىدىغۇ؟!

مەن ئۇيلىغانلىرىمنى ئېيلىنغا ئېيتىپ بەردىم، شۇنداقتىمۇ ھەممىسىنى دەپ بەرمىدىم. بىز بىر - بىرىمىزگە چاپلىشىپ ۋاقتىنى خېلى خاتىرجەم، خېلى خۇشال، خېلى بەختەر ئۆتكۈزدۇق، ئەمما كېيىن يەنە بەزى ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بەردى.

ــ يېنىمغا كېلىڭچۇ، نەگە بارىسىز؟ ــ دېدى ئۇ.
مېنىڭچە بۇ ناۋاتتەك گەپ بولدى، ئەمما ئالدى بىلەن ئە-
شىككە قۇلۇپنى ياخشىراق سېلىۋېتىشىم كېرەك.



www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（C I P）数据**

别无选择的贼：维吾尔文 / (美) 布洛克著；阿斯木江·阿不力米提译. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社, 2015.7

ISBN 978-7-5373-4101-1

Ⅰ. ①别… Ⅱ. ①布… ②阿… Ⅲ. ①长篇小说-美国-现代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I712.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第165781号

编　　辑：**阿不都日依木·肉斯台木**
责任编辑：**阿布都热合曼·阿布都热依木**
责任校对：**拜合提亚尔·阿布力米提**
封面设计：**王洋**
**海来提·哈里克**

Uni Göttingen 7
234 524 804
2016 A 1494

**别无选择的贼**（长篇小说）

| | |
|---|---|
| 作　者 | [美] 劳伦斯·布洛克 |
| 译　者 | 阿斯木江·阿不力米提 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 喀什维吾尔文出版社彩印厂 |
| 开　本 | 880 × 1230 毫米 1/32 |
| 印　张 | 9.375 |
| 字　数 | 180 千字 |
| 版　次 | 2015年 7 月第1版 |
| 印　次 | 2015年 7 月第1次印刷 |
| 印　数 | 1—12200册 |
| 定　价 | 24.00元 |